# ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

## كىرىش سۆز

ئامېرىكىنىڭ ئىنگلىزچە "Nasa" دەپ ئاتىلىدىغان ھاۋا قاتناش ۋە ئالەم بوشلۇق تېخنىكىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تارمىقىدا، پ
ۈتۈن دۇنيادىكى ھەرخىل مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان ئادەمدىن 5000 كىشى بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 1700 دەك تېخنىكىلىق خادى
مىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار، ئىنگلىزچە ئىسمى "Jet Propulsion Laboratory" بولۇپ، قىسقارتىلىپ "JPL" دەپ ئاتىلىدى
غان بىر دۇنياغا تونۇلغان تەتقىقات مەركىزى بار. بۇ ئىدارىنى 1930-يىللىرى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدىكى داڭلىق ئالىي مە
كتەپ -- كالىفورنىيە تېخنىكا ئىنستىتۇتى قۇرغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن JPL ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى سۈنئىي ھەمراسىنى ياساپ چىق
تى. تۇنجى قېتىملىق ئالەم ئۇچقۇرىنى ئايغا چىقاردى. ھەمدە قۇياش سىستېمىسىدىكى 8 پلانېتانىڭ ھەممىسىگە ئالەم ئۇچقۇرى ئەۋەر
تتى. ئاشۇ ئىدارىدە ھازىر بىر ئۇيغۇر ئالىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ مۇشۇ ئىدارىدىكى تۈركىي مىللەتلەرىد
ىن كېلىپ چىققان بىردىن-بىر يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا خادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئەركىن سىدىق. ئەركىن سىدىق 1950-يىل
لىرىنىڭ ئاخىرلىرى جۇڭگودا باشلانغان "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" نىڭ قالايمىقانچىلىقى ھەممە يەرنى قاپلىغان مەزگىللەردە ئاقسۇد
ا تۇغۇلغان. بالىلىق دەۋرىنى ئۇيغۇر دىيارىنى ئاچارچىلىق بېسىپ كەتكەن مەزگىلدە قوسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەي ئۆتكۈزگەن.
باشلانغۇچ مەكتەپنى "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" نىڭ قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاقسۇ شەھەرلىك 4-باشلانغۇچ مەك
تەپتە ئوقۇغان(بۇ مەكتەپ ھازىر خەنزۇ مەكتەپ قىلىۋېتىلگەن ——— مۇھەررىردىن). ئوتتۇرا مەكتەپنى "دېڭ شياۋپىڭنى كۆرەش قىلى
پ، ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ مەكتەپ باشقۇرۇش" ھەرىكەتلىرى بولىۋاتقان دەۋردە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. ن
ۇرغۇن ۋاقىتلىرى سىياسىي ھەرىكەتكە قاتنىشىش ۋە يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، يېزا-زاۋۇتلارغا بېرىپ ئىشلەش بىلەن ئۆتكەن.
تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيىسىدىكى(ھازىر ئونسۇ ناھىيىسى دېيىلىدۇ ——— مۇھەررىرد
ىن) بىر يېزىغا "قايتا تەربىيە" ئېلىش ئۈچۈن بېرىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ يەردە بىر يېرىم يىل دېھقان بولۇپ ئىشلىگەن. دەل شۇ چاغدا
جۇڭگونىڭ دۆلەت رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇ
چىلىرىنى ئىمتىھان ئارقىلىق تاللاش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق 1977-يىلى 12-ئايدا تۇنجى قېتىملىق ئالىي
مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئېلىنغان ئىمتىھاندا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارى بويىچە 2-بول
غان. ھەمدە 1978-يىلى 2-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رادىئو-ئېلېكترونىكا كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن.

UnRegistered

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1-يىلىدىكى پەقەت خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىدىغان "تەييارلىق باسقۇچى" نى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىد
ىق بىر تەرەپتىن باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش كەسپىي دەرسلەرنى ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ھەر خىل ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى ئىشلەپ، يەن
ە بىر تەرەپتىن ئۆزلىكىدىن چەت ئەل تىلىنى ئۆگەنگەن. ھەمدە ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى،
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى (ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى دېيىلمەيتتى--مۇھەررىردىن) نىڭ رەئىسى، ئۇيغۇر ئ
اپتونوم رايون (ئۇ ئا ر) لۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۇ ئا ر لىق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ۋە مەملىكەتلى
ك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەندىن سىرت، دەسلەپكى 2 يىل ئىچىدە ئىنگلىز تىلىنى مۇ
كەممەل ئۆگىنىپ تۈگەتكەن. ئاخىرقى 2 يىل ياپون تىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ بارلىق گىراماتىكىلىرىنىمۇ تاماملىغان. شۇنداق قىلىپ ئا
لىي مەكتەپتىكى 5 يىللىق ھاياتى جەريانىدا، ئەركىن سىدىق خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە ياپون تىلىدىن ئىبارەت 3 تىلنى مۇكەممە
ل ئۆگىنىپ بولغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئېلىپ قېلىنغان. 1983-يىلى ئەركىن
سىدىق شائىخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئېلېكترو-ماگنېتىكىسى ۋە مىكرو-دولقۇن تېخنىكىسى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 1985
-يىلى 9-ئايدا ئۇ ئا ر ھۆكۈمىتى ياپونىيىدە ئوقۇشقا ئەۋەتىش ئۈچۈن تاللىغان ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىگە ئەركىن س
ىدىق 1-بولۇپ تاللىنىپ، ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان. ھەمدە ئۇ يەردە 1988-يىلى 4-ئايغىچە ئىككى يېرىم يىل بىلىم ئاشۇرغان.
1991-يىلى چىققان "ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى" نىڭ بىر سانىدا ئەركىن سىدىقنىڭ ئىش-ئىزلىرى مۇنداق خۇلاسىلەنگەن.
نەقىل:

نەقىل:
"ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ 77-يىللىق ئوقۇغۇچىسى. ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدىلا خەنزۇ تىلى
نى ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگەن. كېيىن ئاقسۇدا شىنجاڭ بويىچە ئىككىنچى (ئۇيغۇرچە قوبۇل قىلىش نومۇر ئۆلچىمىدە) نەتىجە بىلەن ئىمتى
ھاندىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە كىرگەن. رادىئو-ئېلېكترونىكىسى كەسپىدە ئوقۇغان. ئۆگىنىش جەريانىدا جاپاغا چىداپ، ئىخ
لاس بىلەن تىرىشىپ ئەلا ئوقۇغانلىقتىن، مەملىكەت بويىچە ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار ئۈلگىسى بولۇپ باھالانغان. مەكتەپتە ئېلىپ
قېلىنغاندىن كېيىن، ياپون تىلىنى ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ، ئىمتىھان بېرىپ ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان. تىرىشىپ ئىلگىرىلەپ ياپونىيىدە
ئۆتكۈزۈلگەن 72 دۆلەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە تۆتىنچىلىككە ئېرىشكەن. ھازىر ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتىدۇ. ئىك
كى يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ياپون، ئىنگلىز تىللىرىدا 19 پارچە دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى ئېلان قىلدى. بەزى دىسسېرتاتسىيە ماقال
ىلىرى ئامېرىكىدىكى دۇنيانىڭ ئالىي قاتلىمىغا مەنسۇپ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى. ..."

(1991-يىلى شىنجاڭ نەشرىياتى بېسىپ تارقاتقان <<دەۋر ئىلھاملىرى>> دېگەن شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى. بەزى سۆزلۈكلەر تۈزىتى
لىدى.)

UnRegistered

ئەركىن سىدىق 1988-يىلى كۆزدە ئامېرىكىغا بېرىپ، ئامېرىكىدىكى ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، يەنى 90-يىللاردا، ئەركىن سىدىقنىڭ يۇقىرىدا خۇلاسىلاپ تىلغا ئېلىنغان نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ئەركىن سىدىقتىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان. ھەمدە بۇ پائالىيەتنى "ئەركىن سىدىق ھادىسىسى" دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىكى "ھادىسە" بىر ئۇيغۇرنىڭ تەبىئى-پەن ساھەسىدە خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمي تەتقىقات ژۇرنىلىدا تۇنجى بولۇپ ئىلمي ماقالە ئېلان قىلغانلىقى، ھەمدە قىسقىغىنە 2 يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە ئىلمي تەتقىقاتتا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ بىرسى بولغان ياپونلۇقلارنىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىك ھادىسىسىنى كۆزدە تۇتقان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا "ئەركىن سىدىق ھادىسىسى" پائالىيىتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ قورۇسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگىمۇ كېڭەيتىلگەن. 1991-يىلى ئۇيغۇر دىيارىدىكى داڭلىق شائىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شۇ چاغدىكى رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئەركىن سىدىقنى مەدھىيىلەپ تۆۋەندىكى شېئىرنى يازغانىدى:

## تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدى پەرۋاز

تەڭرىتاغ بۈركۈتى، ئەي! ئەركىن سىدىق،
بەستىڭدە چۆل، بوستان ھارارىتى بار.
تېنىڭدە ئاقسۇنىڭ گۈل-گىياھلىرى،
ۋە تارىم توپىسىنىڭ خۇش بۇيى ھىدى بار.

ئۇچتۇڭسەن، ھالقىدىڭ تەڭرىتاغدىن ھەم،
ئېگىلىك كۆچەيگەن بىر ئەلگە باردىڭ،
تىنچ ئوكيان ئۈستىدىن سەن ئۆتۈپ شۇدەم.

سەن كىچىك بالىلىق چاغلىرىڭدىلا
كۆرگەنسەن شېرىن ۋە گۈزەل چۈش بەلكى.
شۇ چۈشلەر ئەمەستى ئاساسسىز خىيال،

UnRegistered

ئەمەستى گىرىمسەن قاقاس چۆلدىكى.

ئۇ ئىدى مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە،
قۇرۇلغان ئىشەنچ، كۈچ، ئەجىر-ئەقىدە.
مۇقامنىڭ كۈيىدىن ياڭرىغان بەلەن،
ۋە <<قۇتادغۇ بىلىك>> پەلسەپەسىدىن،
قەمبەرخان ئويىنغان ئۇسسۇلدىن لېۋەن،
ئويلاندىڭ قايتىلاپ، ھايات ھەققىدە،
ھېس قىلدىڭ نىمىنىز كەملىكىنى سەن.
غېرىپلاپ ماڭدىڭ ئېشەك ھارۋىسى،
بېسىلغان كەبى كۆپ ئەسىرلەر يۈكى،
يۈرىكىڭنى ئېزىپ ئۆتتى ئىز سىلىپ.
ئېلىپنى تاياقتىن ئايرىيالمىغان،
باللار كۆزىنىڭ خىرە نۇرلىرى،
ئاغرىتتى قەلبىڭنى گويا سانجىلىپ.
مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىك ئالاقىلىرىنىڭ،
ھېس قىلدىڭ مىللىتىمىزدە كەملىكىنى سەن،
ئۇلارسىز خام-خىيال بىرەر مىللەتنىڭ،
گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىشى جەزمەن.
بايقىدىڭ ۋە تاللاپ ئالدىڭ نىشانىنى،
شۇ ياققا ماڭدىڭ چىڭ قەدەملەر تاشلاپ.
تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگىنىڭنى،
تەسەۋۋۇر قىلىمەن سېنىڭ قانچىلاپ.
قانچىلاپ سۇبھى كۆز ئاچاي دېگەندە،
ياتقاندا تارىم جىم غەپلەتتە ئۇخلاپ،
خورازلار بىلەن تەڭ ئورنىڭدىن تۇرۇپ،
كىتابلار ئوقۇدۇڭ ئۇيقۇنى قوغلاپ.

UnRegistered

مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ چېگرىسى يوقتۇر،
بىلىمدە-ئىرپاندا ئەزەلدىن ئەبەد.
بىلىمنىڭ دېڭىزىدا ئۈزدۈڭ توختىماي،
ئىنسانلار مەدەنىيىتى جەۋھەرلىرىنى،
سۈمۈردۈڭ قانماس زور ھەۋەستە پەقەت.
ئەمگىكىڭ، ئەقلىڭدە ئاچتىڭ ئاخىرى--
ئىشىكىن سەن ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ،
بار ئۇلار مەكتەپنىڭ ھەممە يېرىدە،
بېسىلغان تەپتىدە ئىشق ئوتۇڭنىڭ.
يېڭى بىر مۇھىتتا ئۆگەندىڭ شۇنداق،
يۈكسەلدى ئوبرازىڭ ھارماس ئىخلاسمەن.
ئارزۇيۇڭ، ئىستىكىڭ، خىيالى چۈشۈڭ،
ئاقىۋەت ئەمەلگە ئاشتىغۇ ئەينەن.
ھالقىدىڭ شىنجاڭدىن، جۇڭگودىنمۇ سەن،
ماقالەڭ يورۇققا چىقتى دۇنيانىڭ--
ئەڭ ئالىي قاتلىمىنىڭ ژۇرنىلىدا ھەم.
مەغرۇرلۇق ھېس قىلار خەلقىڭ، ئىپتىخار--
ھېس قىلار يۇرتداش ياش دوستلىرىڭ ھەردەم.
سەن ئۇلار قەلبىدە ئۈلگە، نەمۇنە،
سەن ئۇلار قەلبىدە چوڭ ئوبراز جەزمەن.
نەزەرىڭ ھالقىسى پۈتۈن دۇنيادۇر،
قەلبىڭگە ئورنىغان ئۇلۇغۋار ۋەتەن.

تەۋرەنمەس ئىشەنچىڭ، سۇنماس غەيرىتىڭ،
ئىزدىنىش، ئىلگىرىلەش دىلىڭغا ھەمدەم.
چەت ئەللىك ئادەملەر بىلەن بەسلىشىش،

UnRegistered

قەلبىمىز قېتىغا ئورنىدى مەھكەم.

تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدىك پەرۋاز،
جۇر بولۇپ تەمبۇرغا، ياڭراق مۇقامغا.
پامىرنىڭ ھەيۋەتلىك مۇزلۇق چوققىسى،
تەڭرىتاغ تىزمىسى قالدى ئارقاڭدا.

نەزەرىڭ ئاستىدا ئاقىدۇ تارىم،
ئەبەدىي توختىماي دولقۇنلار ئۆرۈپ.
قايناملار ياسالغان شىددەتلىك ئېقىم،
غايەت زور ئادەمدەك تىنار تولغىنىپ.

چاقىرار ئۇلغارلىق ۋە مەرىپەتنى،
كۆتۈرۈپ توختىماس شاۋقۇن چۇقاننى.
چاقىرار ئىلىم-پەن مەدەنىيەتنى،
چاقىرار قابىللار تولغان زاماننى.
تەڭرىتاغ بۈركۈتى ئەيلىدىڭ پەرۋاز،
بىللە ئېپ ئوچۇپسەن مىليون قەلبنى.
ھەر مىللەت تىلىگەن تىلەك-ئارماننى.

ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپتىكى ھاياتىغا ئاساسەن، مۇۋاپپىقىيەت قازىنىشنىڭ تۆۋەندىكى بىر فورمۇلاسىنى خۇلاسىلاپ چىققان ئىدى:

مۇۋەپپەقىيەت = تالانت + تىرىشچانلىق + پۇرسەت

ئەركىن سىدىقنىڭ ھاياتى يۇقىرىقى فورمۇلانىڭ ئىسپاتى بىلەن لىق توشقان. بۇ فورمۇلادىن باشقا، ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان يۈكسەك د

Unregistered

ەرجىدىكى كۆيۈمى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان پولاتتەك ئىرادە، ھېچ قانداق جاپا-مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان غ
ەيرەت-شىجائەت، توختىماي بىلىم ئۆگىنىدىغان، ئۆزىگە ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان ۋە توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىز
چىل ئىپادىسى بىلەن، ئەركىن سىدىق پۈتۈن دۇنيا جامائىتىگە يەنە بىر نەرسىنى ئىسپاتلىدى: باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارمۇ قى
لالايدۇ.

ئەركىن سىدىق بۇ بىر پاكىتنى ھازىرمۇ داۋاملىق ئىسپاتلىماقتا. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان كەسپى تەبىئى-پەن ۋە ئىنژېنېرلىك ساھەسىدىكى ئ
ەڭ قىيىن كەسپلەرنىڭ بىرسى تۇرۇپمۇ، ئۇ ھازىرغىچە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خەلقئارا ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى ۋە ژۇرناللىرىدا 60 پا
رچىدىن كۆپ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇ ھازىر NASA-JPL دە ئۇشۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئامېرىكا دۆلە
ت مەخپىيەتلىكىگە ياتىدىغان ئىشلار بولۇپ، ئۇلار توغرىسىدا ئىدارە سىرتىدا سۆزلەشكە، ياكى ئۇ توغرىسىدا ئىلمىي تەتقىقات ماقالىس
ى ئېلان قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغان بولسىمۇ، دۇنياۋى تېخنىكا ساھەسىدە ئۆزىنىڭ خىزمەت ۋاقتىنىڭ پەقەت 20 پىرسەنتىدە ئېلى
پ بارغان ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە، 2006-يىلى بىر يىل ئىچىدىلا خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا
ئۈچ جەمئىي 3 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. NASA نىڭ "ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى پروگراممىسى" (ئىنگلىزچە "Origins Pro
gram") دەپ ئاتىلىدىغان بىر پروگراممىسى بار بولۇپ، بۇ پروگراممىنىڭ نىشانى تۆۋەندىكى 3 سوئالغا جاۋاپ تېپىش ئىكەن:

1. بىز (ئىنسانلار) نەدىن كەلدۇق؟
2. بىز كائىناتتا يالغۇزمۇ؟
3. بىز نەگە بارىمىز؟

ئەركىن سىدىق ھېلىقى 3 ئىلمىي ماقالىسىنى يازغان تەتقىقات يۇقىرىقى 2-سوئالغا جاۋاپ تېپىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتق
ىقاتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، يېقىندا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 2014-يىلى ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىلىدىغان "James Webb ئالەم تېل
ېسكوپى" نىڭ تەتقىقاتىغىمۇ قاتنىشىشقا باشلىغان.
ئەركىن سىدىق بىر كەمبەغەل، ئاددىي ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئەڭ جاپالىق تۇرمۇشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ
باققان. ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئەڭ جاپالىق ئىشلارنى قىلىپ باققان. مەسىلەن، باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇن، ئۇ يېزىدا كالىغا
مىنىۋېلىپ خامان تەپكەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە يېزىدا ئېشەك ۋە كالا ھارۋىسى ھەيدەپ، ئېتىزلىققا ئ
وغۇت توشىغان. كالا سۆرەيدىغان قوشنى ھەيدەپ يەر ئاغدۇرغان. كالا سۆرەيدىغان سۆرەمدە يەرگە سۆرەم سالغان. بۇغداي، قوناق،
ۋە كۆكتات تېرىغان. كالىغا سۆرتىپ، قىچا ۋە زىغىرلاردىن ماي چىقىرىدىغان جوۋازدا ماي تارتقان. كىچىكىدە تۈگمەندە ئۇخلاپ، تۈگ
مەندە ئۇن تارتقان. قوناق يىلتىزىغا توپا يۆلىگەن. شاللىقتا مايسا تىككەن ۋە شاللىقتا ئوت ئوتىغان. ئورغاقتا بۇغداي، شال ۋە قوناق
ئورىغان. ۋە باشقىلار. ئۇ ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدا، ئالەم بوشلۇقىدا تۇرۇپ، پۈتۈن كائىن

اتنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئالەم تېلېسكوپلىرىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.
ئەركىن سىدىق قانداق مۇساپىلەرنى بېسىپ، ھازىرقى ھالەتكە كېلەلىدى؟ ئۇ قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە قانداق يول تۇتىدۇ؟ ئۇنىڭ
دۇنيا قارىشى نېمە؟ ئۇنىڭ ئائىلىگە ۋە پەرزەنتلەرگە بولغان قارىشى قانداق؟ مۇشۇنداق بىر ياپونىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت 2 دۆ
لەتتە 20 نەچچە يىل ياشاپ باققان، دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەبىئى-پەن ۋە ئىنژېنېرلىق مۇتەخەسسىسلىرى قاتارىدا ئە
شلەۋاتقان بىر ئۇيغۇر بىز ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ھەرخىل ئۇيغۇر مەسىلىرىگە قانداق قارايدۇ؟ ئېھتىمال نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ يوقۇر
قىدەك سوئاللىرى باردۇر. 2005-يىلى 3-ئايدا، ئامېرىكىدىكى بىلىۋال تور بېتى ئەركىن سىدىق بىلەن بىر ئىنتېرنېت يازما سۆھبىتى ئ
ۈتكۈزۈشكە باشلىدى. بۇ سۆھبەت ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەرەبچە يېزىقى (UEY) ۋە ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (
ULY) نۇسخىلىرى http://www.Biliwal.com, http://www.bilik.cn, http://www.Bostan.cnقاتارلىق تور بەتلىرىدە با
ر. بۇ سۆھبەتتە ئەركىن سىدىق يۇقىرىقىدەك سوئاللارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا جاۋاب بېرىۋاتىدۇ. بىز ھەر بىر ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بۇ سۆھبەتنى
بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. شۇنداقلا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئۇيغۇر ياش-ئۆسمۈرلىرىدىن، ئەرك
ىن سىدىق ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياسىغان http://www.meripet.comدېگەن تور بېتىنى زىيارەت قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەرك
ىن سىدىقنىڭ كەسپىگە ۋە تەتقىقاتىغا قىزىقىدىغانلار http://www.meripet.com/Main/Erkin_Bio.htmتور بېتىنى ۋە ئۇنىڭ
دىكى ئىلمىي ماقالىلارنى كۆزدىن كەچۈرسە بولىدۇ.

UnRegistered

تۆۋەندىكى رەسىمدە :ئەركىن سىدىق ئايالى ئامانگۈل بىلەن بىللە.



UnRegistered

بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر تور بېتىمىزدىن ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ئايرىم تەييارلاپ يوللىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بىز بۇ ئ
ارزۇيىمىزنى يەتكۈزگەندە، ئەركىن سىدىق تەلىۋىمىزنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، بۇ يازمىنى (ULY) دا يېزىپ تەييارلاپ بەرد
ى. بىز ئۇنى تەھرىرلەپ، ۋە UEY غا ئۆزگەرتىپ، سىلەرنىڭ دىققىتىڭلارغا سۇندۇق. بۇ يازمىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسىملىرى ئەركى
ن سىدىق ھاياتىنىڭ ۋاقىت تەرتىپى بويىچە چىقىرىلىدۇ.
ژۇرنالىزىم ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر كەسىپ ئەھلىلىرىدىن بىر قانچىسى ئەركىن سىدىققا ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى بىر كىتاپ قىلىپ يې

لىق ئەركىن سىدىق بۇ ئىشنى ھازىر قىلىش سەل بالدۇرلۇق قىلىدۇ دەپ قاراپ، كىتاب چىقىرىشنى كەلگۈسىگە قالدۇرغان. شۇڭا بۇ "ئە
ركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى" دا بىرىلىدىغىنى ئەركىن سىدىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ۋە ئىنتايىن جىددىيچىلىك ئىچىدە ئىنتېرن
ېت ئۈچۈن تەييارلىغان، ئۆز ھاياتىنىڭ قىسقىچە تەسۋىرىدۇر. بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ يازمىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تۆۋەندىكى رەسىمدە: ئەركىن سىدىق ئامېرىكا 1-قېتىم ئايغا ئادەم چىقارغاندا ئىشلەتكەن ئايغا قونغۇچى (ئىنگلىزچە "Moon Lander") نىڭ مودېلىنىڭ يېنىدا. بۇ مودېلىنىڭ چوڭ-كىچىكلىگى، رەڭگى ۋە تۈزۈلمىسى ئەينى ۋاقىتتا ئايغا چىقىرىلغان ھەقىقى ماشىنا بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش.




UnRegistered

## 2. ئەركىن سىدىقنىڭ بالىلىق دەۋرى

ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ خەۋىرىدە بولغاندەك تارىم دەرياسى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئوتتۇرىد
ىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇ ئاقسۇ دەرياسى، ياركەنت دەرياسى ۋە خوتەن دەرياسى قاتارلىق 3 دەريانىڭ قوشۇلىشىدىن شەكىللەنگەن. يار
كەنت دەرياسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، تارىم دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 2137 كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، جۇڭگودىكى ئەڭ
ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاقسۇ دەرياسى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئۇچتۇرپان ناھىيىسى، ئاقيار يېزىسىغا كەلگە
ندە ئىككىگە ئايرىلىپ، ئاقسۇ شەھرىگە يېقىن كەلگەندە قايتىدىن قوشۇلۇپ، بىر دەرياغا ئايلىنىدۇ. ئاقسۇ دەرياسى مۇشۇنداق ئىك
كىگە ئايرىلىپ، قايتا قوشۇلۇشتا بولغان ئارىلىقتا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قۇرۇقلۇق "ئارال" دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ
كونىشەھەر ناھىيىسىگە قارايدىغان بىر يېزىدىن ئىبارەتتۇر. گەرچە ئارال كونىشەھەر ناھىيىسىگە قارىسىمۇ، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ توسالغۇ
سى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭغا كونىشەھەردىن بىۋاستە بارغىلى بولمايدۇ. ئارالغا كونىشەھەرنىڭ باشقا يېزىلىرىدىن بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم
ئالدى بىلەن ئاقسۇ شەھرىگە كېلىپ، ئاندىن ئاقسۇدىن ئۇچتۇرپانغا بارىدىغان يول بىلەن بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئارال يېزىسى يەر
كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولغان بىر يېزا بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىي قىسمى "مەكىت" دەپ ئاتىلىدۇ. مەكىتنىڭ ئاقسۇ شەھرى بىلەن بولغا
ن ئارىلىقى 60 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاقيار يېزىسى بىلەن چېگرىداش قىسىملىرى "جەگجى" دەپ ئاتىلىدۇ. ئارالغا كىرى
ش ئېغىزىدىن ئاقسۇ-ئۇچتۇرپان يولى بويىدا پەقەت ئىككىلا ئېغىز بار بولۇپ، بۇ ئېغىزنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە چوقۇم ئاقسۇ دەرياسىنى
كېسىپ ئۆتۈش كېرەك. 60-يىللاردا ياز مەزگىللىرى كەلكۈن كېلىپ، بۇ ئېغىزلاردىكى كۆۋرۈكنى پات-پات سۇ ئېلىپ كېتىپ، ئارالغا ب
ارغىلى بولمايدىغان ۋاقىتلارمۇ كۆپ بولغان ئىدى. بىر قېتىملىق چوڭ كەلكۈن جەريانىدا، پۈتۈن ئارال يېزىسى سۇ ئاستىدا قالغانلىقى
ئەركىن سىدىقنىڭ ھازىرمۇ ئېسىدە بار.

UnRegistered

رەسىمدە: ئارالنىڭ ئاقسۇ خەرىتىسىدە كۆرسىتىلىشى.



ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسىنىڭ يۇرتى يۇقىرىقى ئارال يېزىسىنىڭ جەگجى كەنتى بولۇپ، ئاپىسىنىڭ يۇرتى بولسا مەكىت كەنتىدۇر. ئەر
كىن سىدىق 1958-يىلى 4-ئايدا ئارالنىڭ جەگجى كەنتىدىكى بوۋا-مومىسىنىڭ (دادىسىنىڭ ئاتا-ئانىسى) ئۆيىدە تۇغۇلغان. ئەرك
ن سىدىق بالىنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، ئۆزىدىن 2 ياش چوڭ "ئابلەت" ئىسىملىك بىر ئاكىسى بار.

ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى سىدىق مەمەت جەگجىدىكى بىر يوقسۇز، نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، دەسلەپتە
ئىسلام دىنى مەكتىپىدە "قارى" بولغىچە ئوقۇپ، كېيىن يېڭى مەكتەپتە تاكى سىفەن مەكتىپىنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇغان. دىني مەكتەپتە
كى ئاساسى ياخشى بولغاچقا، يېڭى مەكتەپتە ھەر يىلى سىنىپ ئاتلاپ ئوقۇپ، ئوقۇشنى ناھايىتى تېزلا تاماملىغان. شۇڭا ئۇ تولۇق سا
ۋاتلىق بولۇپ، 1953-يىلدىن باشلاپ ئارال يېزىلىق ھۆكۈمەتتە كادىر بولۇپ ئىشلىگەن (ئۇ چاغدا بۇ يېزا "ئارال گۇڭشېسى" دەپ ئ
اتىلاتتى). ئەركىن سىدىقنىڭ ئاپىسى پاتەمخان بولسا مەكىتتىكى يېرى كۆپ، مۈلۈككە باي بىر دېھقاننىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكە
ن. 1949-يىلدىن بۇرۇن مەكىتتىكى يەرلەرنىڭ كۆپىنچە قىسمى پاتەمخاننىڭ ئاپىسى ۋە ئۇنىڭ قالغان 4 ئاكا، ئىنى ۋە سىڭىللىرى
غا تەۋە بولغان. شۇڭا 50-يىللاردا ئۇيغۇر دىيارىدا يەر ئىسلاھاتى بولۇپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ داھىسى ماۋ زېدۇڭ چىقارغان ئۆلچەم بويى
بچە دېھقانلارنى ئوخشىمىغان سىنىپلارغا ئايرىغاندا، پاتەمخاننىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆزلىرى ئىگىلىگەن يېرىنىڭ كۆپلۈكىدىن "پومېشچى
ك" بولۇپ ئايرىلىپ قالغان. ئاپىسىنىڭ قالغان قېرىنداشلىرى بولسا ياكى "ھاللىق باي دېھقان" ياكى "باي دېھقان" بولۇپ قالغان.
سىدىق مەمەت 1953-يىلى پاتەمخان بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، دەسلەپتە پاتەمخاننىڭ دادىسى "كادىر دېگەن ق
ەلەندەر كېلىدۇ"، دەپ، پاتەمخاننى بېرىشكە ئۇنىمىغان. كېيىن بۇ ئىشقا ئارال يېزىلىق ھۆكۈمەت ئارىلاشقاندىن كېيىن ئاندىن ماقۇ
ل بولغان. 1958-يىلى ئەركىن سىدىق تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ ئاپىسى پاتەمخان ئاران 18 ياشتا ئىدى. سىدىق مەمەت 1956-يىلى ك
ونىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يۆتكەلگەن بولۇپ، بىر يىلدىن كېيىن يەنە ئارالنىڭ جەگجى كەنتىگە بىر يىللىق خىزمەتكە چۈشكە
ن. بۇ بىر يىل جەريانىدا ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن سىدىق مەمەتنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق مانا شۇ مە
زگىلدە تۇغۇلغان.

1958-يىلى 7-ئايدا سىدىق مەمەت "پولات-تۆمۈر" تاۋلاش ھەرىكىتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە بىر يىللىق خىزمەتكە ئەۋەتىل
دى. پاتەمخان ئىككى ياشلىق ئوغلى ئابلەت بىلەن ئەمدى 3 ئايلىق بولغان ئوغلى ئەركىن سىدىقنى ئېلىپ، بىر قارا ماشىنىنىڭ ئۈس
تىدە ئولتۇرۇپ (ئۇ چاغدا ئاقسۇ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان يولۇچىلار ئاپتۇۋۇزى يوق ئىدى)، تەگرىتېغىنىڭ ئاقسۇ ب
اي ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى بىر ئېگىز داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە بارغان. ئۈرۈمچىدە بىر يىل تۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سى
دىق مەمەت دەسلەپتە ئاقسۇ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە، كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك گېزىتخانىدا بىر قانچە ئايدىن ئىشلىگەن. ئاندىن ئاق
سۇ ۋىلايەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەقسىم قىلىنغان. 1960-يىلى سىدىق مەمەت ئىچكىرىگە 6 يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن (مەرھۇم

Unregistered

سدىق مەمەت پېشقەدەم ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ ئىچىدە، 60-يىللىرى بېيجىڭدا ئەڭ ئۇزۇن ئوقۇغان بىر ئادەم بولسىمۇ، 1998-يىلى
3-نويابىردا 66 يېشىدا ۋاپات بولغىچە، ئۆزى ناھايىتى ئاقكۆڭۈل ۋە يۇۋاش بولغاچقا، ئاقسۇ دىكى بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىدىن يۇ
قىرى ۋەزىپىگە قويۇلۇپ باقمىغان،ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۆتكۈزگەن.). شۇنداق بولغاچقا، ئەركىن سدىق بال
لىق دەۋرىدە دادىسى بىلەن ئاساسەن بىرگە بولالمىغان. ئۇنىڭ ئېسىدە قالغىنى ھەر يىلى دادىسى يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتىپ كەلگ
ەندە بېيجىڭدىن ئالغاچ كەلگەن ئانچە-مۇنچە ئويۇنچۇقلاردىنلا ئىبارەت. ئەركىن سدىقنىڭ ئاپىسى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتى
نى چىقارغان بىر ئايال بولۇپ، 1960-يىلدىن 64-يىلغىچە ئاقسۇ تاشقى-سودا شىركىتىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن 66-يىلغىچە ئاقسۇ كە
مپۇت زاۋۇتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا باللارنى پاتەمخاننىڭ ئاپىسى مەرەمخان ئوسمان بېقىپ بەرگەن. مەرەمخان،
ئۇنىڭ ئېرى ئەرشىدىن ئېزىز، ۋە قالغان 4 قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسى دىنى ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك، كۈنىگە 5 ۋاق ناماز ئوقۇيدى
غان كىشىلەر بولۇپ، ئەركىن سدىقتا باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۇلارنىڭ دىنىي ئەخلاق تەربىيىسى كۈچلۈك دەرىجىدە سىڭگەن. مەرە
مخان ئىنتايىن ساپ دىل، ئاقكۆڭۈل، قوسقى كەڭ، ئەمىتايىدىل، ھەممە ئىشتا سالماق، ئېسىل سۈپەت ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ "مۇندا
ق-مۇنداق قىلساڭ يامان بولىدۇ؛ مۇنداق-مۇنداق قىلساڭ ساۋاپ بولىدۇ" دېگەن تەربىيىلىرى ئەركىن سدىقنىڭ يادىدا ھېلىمۇ ساقلى
نىپ كەلمەكتە. 1980-يىلى 27-يانۋاردا ۋاپات بولغان مەرھۇم مەرەمخان ئوسمان ئەركىن سدىقنىڭ قەلبىدە ھېلىھەم ئۇ ئەڭ ھۆرمە
ەت قىلىدىغان، بۇ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ھەقىقىي مۇسۇلمان سۈپىتىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئەركىن سدىق ئۆزىنىڭ ھاجىم تاغى
سى (دادىسىنىڭ ئىنىسى) سادىق مەمەت بىلەن ئۇزۇندىن بېرى "يەر شارىنىڭ شەكلى يۇمىلاق" دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرە قىلى
ىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ تاغىسىنىڭ ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئۇنى ھازىرغىچە قايىل قىلىپ بولالمىغان.

1960-يىللىرى ئۇيغۇر دىيارىدا ئاشلىق مەھسۇلاتى ناھايىتى ياخشى بولىۋاتقان يىللار ئىدى. لېكىن، 1960-يىلى 7-ئايدا، سابىق
سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇز ئالدىغا جۇڭگو بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكىلىق مەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭدىن
كېيىن جۇڭگودىن بۇرۇن بېرىلگەن قەرزلەرنى تۆلەشكە قىستىدى. ئاشۇ قەرزلەرنى تۆلەش ئۈچۈن، ئۇيغۇر دىيارىدىن چىققان ئاشلىقلا
رنىڭ زور قىسمىمۇ ئېلىپ كېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى خېلى ئۇزۇنغىچە ئاچارچىلىق ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولدى. ئ
اشۇ يىللارنىڭ بىرىدە، ئاقسۇنىڭ باي ناھىيىسىدە ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەن كىشىنىڭ سانى نەچچە ئون مىڭدىن ئاشقان. شۇ مەزگىلدە پۈ
تۈن جۇڭگودا ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 30 مىليوندىن 60 مىليونغىچە، دەپ مۆلچەرلەنمەكتە.

ئەركىن سدىقنىڭ باللىق دەۋرى مانا شۇ ئاچارچىلىق كۈنلىرىگە توغرا كەلگەن. يىللاپ يىللاپ گۆش كۆرمەسلىكتۇ بىر تەرەپتە تۇرسۇن
، قوساق تويغىچە يەيدىغانغا قوناق نېنىمۇ بولمىغان. ئاشلىق پۈتۈنلەي نورمىلىق بولۇپ، ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ يېشىغا قاراپ ئاشلى

UnRegistered

ق بېرىلگەن. چوڭ ئاپىسى بەزىدە ئارالغا كەتكەندە، كۈندۈزلىرى ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن بىرگە ئۆيدە ئۆزلىرى يالغۇز تۇرغان.
ئاپىسى ئۇلارغا چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بىردىن توقاچ تەييارلاپ قويغان. چۈش بولغىچە قوسقى ئېچىپ كېتىپ، چۈشتىن بۇرۇن سائەت
(بۇ يازمىدا پۈتۈنلەي شنجاڭ ۋاقتى ئىشلىتىلدى) 10 دىن باشلاپلا ئەركىن سىدىق ئاكىسىدىن ھېلىقى توقاچنى يېيىشنى تەلەپ قىلىپ
تۇرۇۋالغان. ئاكىسى "تېخى چۈش بولمىدى، سەل ساقلاپ تۇرايلى" دېسە، ئۇ "مەن بېرىپ سائەتكە قاراپ باقاي"، دەپ، ئىدارىنىڭ
بىر بىناسىغا ئېسىقلىق تام سائىتىنىڭ يېنىغا يۈگرەپ بېرىپ، سائەتنىڭ چوڭ-كىچىك ئىستىرېلكىلىرىنىڭ ئورنىنى كۆرۈۋېلىپ، يەنە يۈگ
رەپ قايتىپ كېلىپ، "ئاكا، سائەتنىڭ چوڭ تىلى مانچىگە، كىچىك تىلى مانچىگە كەپتۇ. توقاچنى ئەمدى يېسەك بولامدۇ؟" دەپ سورا
يتتى. بۇ يىللاردا، ئەركىن سىدىق بەزى ۋاقىتلارنى ئارالغا بېرىپ، چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ يې
زىلىرىدىكى تاماق "كوللېكتىپ تامىقى" بولۇپ، ھەر بىر ئەترەت (ھازىرقى بىر كەنتكە توغرا كېلىدۇ) تىكى دېھقانلار بىر يەرگە جەم بو
لۇپ، ئۈچ ۋاق تاماقنى بىرگە ئېتىپ، بىرگە يېگەن. دېھقانلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە سائەت 5-6 لەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر-ئىككى
سائەت "دولقۇن" غا چىقاتتى (شۇ چاغدىكى ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇنقى ئەمگەك "دولقۇن" دەپ ئاتىلاتتى). دولقۇندىن قايتىپ ك
ېلىپ، ئاندىن ئەتىگەنلىك تاماقنى يەيتتى. ئەركىن سىدىق ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاشۇ ئەتىگەنلىك تاماقنى يېيىش ئۈچۈن كو
للېكتىپ "ئاشخانىسى" غا باراتتى. بۇ يەردىكى "ئاشخانا" دېگىنىمىز، سىرتقى دالىدىكى بىر بوش ئورۇننى ئويۇپ، ئۇ يەرگە بىر دا
ش قازاننى ئېسىپ ئاش ئېتىدىغان ئورۇننى كۆرسىتەتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئېسىدە قالغان، ئاشۇ ۋاقىتتا كوللېكتىپ ئاشخانىغا بېرى
پ يېگەن ئەتىگەنلىك تاماق قوناق ئۇننى سۇغا چىلاپ ئەتكەن ئوماچتىنلا ئىبارەتتۇر. شۇ مەزگىلدە، ئەتىگەنلىكى بىرەر دېھقاننىڭ ئ
ۆيىنىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىپ قالسا، ئەترەت كادىرلىرى ئۇ ئۆيگە تۇيۇقسىز بېرىپ تەكشۈرەتتى. ئۆز ئۆيىدە بىرەر ۋاق ئايرىم تاما
ق ئېتىۋاتقان دېھقاننى تۇتۇۋالسا، ئۇنىڭغا ئېغىر جەرىمانە قويۇپ، ياكى ئۇنى "سىنىپىي دۈشمەن" قاتارىدا كۆرەشكە تارتىپ، قاتتىق
جازالايتتى. شۇڭا ھېچ كىم ئۆز ئۆيىدە ئايرىم قازان ئېسىشقا پېتىنالمايتتى.

ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى ئىشلەيدىغان مەكتەپنىڭ ئالدىدا ئاقسۇ شەھىرى ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان "سۈزۈك ئۆستەڭ" دېگەن بە
ر كىچىك ئۆستەڭدىن كېلىدىغان بىر سۇ ئېرىقى بار ئىدى (بۇ ئۆستەڭ ھازىر ئاقسۇ شەھىرىدە يوق بولۇپ، كەلگۈسى بەش يىللىق شەھ
ەر قۇرۇلۇش تەرەققىيات پىلانىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانىغا ئېلىنىدى —— مۇھەررىردىن). ئەينى ۋاقىتتا تېخى سۇ قۇدۇقى مەيدانغا ك
ەلمىگەن بولۇپ، بۇ مەكتەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچەتتى. ئېھتىمال ئەركىن سىدىق 4 ياشتا، ئاكىسى 6 يا
شتا كىرگەن ۋاقىتلار بولسا كېرەك، ئاپىسى ئىشتىن قايتىپ كەلگىچە بۇ ئاكا-ئۇكا ئىككىسى بىر كىچىك قەلەي چەينەكنىڭ تۇتقۇچىغا بە
ر ياغاچنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇ ياغاچنىڭ بىر تەرىپىنى ئۆزى، يەنە بىر تەرىپىنى ئاكىسى كۆتۈرۈپ، ئېرىقتىن ئۆيگە سۇ توشۇپ، ئۆيدىكى چ
ېلەكنى سۇ بىلەن تولدۇرغان. بىر چېلەكنى تولدۇرغىچە، 10 قېتىمدەك سەپەر قىلىشقا توغرا كەلگەن. مانا بۇ ئەركىن سىدىقنىڭ ئېسىدە
قالغان، ياللىق دەۋرىدە ئائىلىسىگە ياردەم قىلىش ... قىلغان، ئۆي ئىشلىرىنىڭ بىرىدۇر.

UnRegistered

رەسىمدە: ئەركىن سىدىقنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۆزىدىن باشقا كىشىلەر: دادىسى، ئاپىسى، ئاكىسى، 2 ئىنىسى، 2 سىڭلىسى، ئاكىسىنىڭ خ
انىمى ۋە قىزى. بۇ رەسىم 1985-1988 يىللىرى ئەركىن سىدىق ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە تارتىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆزى ك
ىرەلمەي قالغان.



UnRegistered

رەسىمدە: ئەركىن سىدىقنىڭ دادا تەرىپىدىكى تۇغقانلىرى. رەسىمنىڭ 2-قۇرى، ئەركىن سىدىقنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە تۇرغانلار يەقىندىن يىراققا قاراپ ماڭغاندا ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسىنىڭ سىڭلىسى رىزۋانىخان، دادىسىنىڭ ئىنىسى سادىق مەمەت ھاجى، ۋە دادىسىنىڭ ھەدىسى ھاۋانىخانلار. بۇ قەتىم ئەركىن سىدىقنىڭ ئۇلار بىلەن 15 يىلدىن كەيىنكى تۇنجى كورۇشىشى بولۇپ، بۇ رەسىم 2006-يىلى 1-سېنتەبىر كۈنى تارتىلغان.



UnRegistered

رەسىدە : ئەركىن سىدىقنىڭ ئاپا تەرىپىدىكى بىر قىسىم تۇغقانلىرى. 2-قۇردىكى ئەركىن سىدىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان 6 كىشى ب
ىلەن 1-قۇردىكى چېچىغا بىر ئاز ئاق كىرىپ قالغان ئەر بولۇپ بۇ 7 كىشىنىڭ ھەممىسى ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ ئاپىسىنىڭ ئىنىسى
مەتنىياز قارىمىنىڭ باللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 4 كىشى ياش جەھەتتە ئەركىن سىدىقتىن كىچىك. ئەركىن سىدىق ئەينى ۋاقى
تتا ئارالدىكى نۇرغۇن ۋاقتىنى ئاشۇ تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن. ھاۋارەڭ ياغلىق ئارتىۋالغان بوۋخەلچەم ھەدىسى ئەركىن سى
دىقنىڭ 1980-يىلى 27-يانۋاردا ۋاپات بولغان چوڭ ئاپىسىغا ئىنتايىن ئوخشايدۇ. بۇ رەسىمى 2006-يىلى 1-سىنتەبىر كۈنى تارتى
لغان.



UnRegistered

رەسىمدە: ئەركىن سىدىق 2006-يىلى 30-ئاۋغۇست كۈنى ئايرىلغىلى 15 يىل بولغان يۇرتى ئاقسۇغا بارغاندا ئاپىسى، تاغىسى، قېر
ىنداشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە چۈشكەن رەسىمى. رەسىمدىكى كىشىلەر ئەركىن سىدىقنىڭ ئاپىسى، ئاپىسىنىڭ ئە
نىسى (ئوتتۇرىدىكى ساقاللىق كىشى، ئىسمى ئابدۇشۈكۈر ئەرشىدىن)، ئاكىسى ئابلەت ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، چوڭ ئىنىسى ئىلھا
م ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، چوڭ سىڭلىسى چىمەنگۈل ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر، ۋە كىچىك سىڭلىسى باھارگۈل قاتارلىقلار. ئەركىن
سىدىقنىڭ كىچىك ئىنىسى ئۆمەر ھازىر ئامېرىكىدا بولۇپ، بۇ رەسىمگە كىرمەي قالغان.



UnRegistered

## 3. باشلانغۇچ مەكتەپ

ئەركىن سىدىق 1965-يىلى كۆزدە ئۆيگە 2 كىلومېتىر كېلىدىغان، ئاقسۇ ھەربىي رايونى (军分区) باش قوماندانلىق ئىدارىسىنىڭ
ئۆتتۈرىسىدىكى 4-باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەكتەپ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ بار، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارمۇ بار، ئەمما ئىكك
ى خىل تىلدىكى سىنىپلار ئايرىم-ئايرىم ئۇتتۇيدىغان بىر مەكتەپ ئىدى (بۇ مەكتەپ ھازىر تولۇق خەنزۇ مەكتەپ قىلىندى —— مۇھە
رىرىدىن). ئۇ ۋاقىتلار "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" تۇيۇقسىز جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، كىشىلەر ئىنتايىن كەمبەغە
ل ۋە قىيىن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان دەۋرلەر ئىدى. مەكتەپتە ئىشلىتىدىغان قەغەزنىڭ رەڭگى قارامتۇل بولۇپ، پىچاق بىلەن ئۈچلاپ ئ
ىشلىتىدىغان قارا-قەلەمدە خەت يازسا، قەلەم سىياسىنىڭ رەڭگى قەغەزدىن بىر ئازلا قارىراق بولۇپ، خەتنى ئاران تەسلىكتە ئوقۇغىلى
ى بولاتتى. قەغەزنىڭ سۈپىتىمۇ ئىنتايىن ناچار بولۇپ، خۇددى سامانلىق قاتتىق سىقىپ قەغەز قىلغاندەك، قەغەزنىڭ قېتىدىكى قىسىلغا
ن ياغاچ ئۇۋاقلىرى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئەركىن سىدىق مەكتەپ بىلەن ئۆي ئارىلىقىدا كېتىۋاتقاندا، يولنىڭ بويىدا ياكى ئەخلەت دۆۋى
لىرىنىڭ ئىچىدە بىر ئالىقاندەك قەغەز كۆرۈپ قالسا، ئۇنى تېرىۋېلىپ، "بۇنىڭدا ھېساب ئىشلەيمەن" دەپ يانچۇقىغا سېلىۋالاتتى. پەق
ەت بىرلا قەلىمى، ۋە بىرلا ئۈچۈرگۈچى بار بولۇپ، ھەر بىر قەلەمنى تاكى ئۇزۇنلىقى 1 سانتىمېتىردەك قېلىپ، بارماق بىلەن تۇتقىلى بول
ماي قالغان ۋاقىتقىچە ئىشلىتەتتى.
ئەركىن سىدىق 1-سىنىپقا كىرگەن كۈندىن باشلاپلا ئوقۇشقا ئىنتايىن قىزىقتى. مەكتەپكە بەك ئامراق ۋە ۋاقتىدا بولغان كوز قارىشى ئى
نتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، ئەتتىگىنى ھەرگىز بىرەرسىنىڭ ئۇنى ئويغىتىپ قويۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مەكتەپكە قالغانلاردىن بالدۇ
ر كېلەتتى. مەكتەپنىڭ ھەممە تەييارلىقلىرىنى ئۆزى قىلىپ، مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ تاپشۇرۇقلارنى بىرىنىمۇ قويماي ئۆز
ى ئىشلەپ تۈگىتەتتى. سىنىپ ئىچىدىمۇ ئىنتايىن ئاكتىپ بولۇپ، مۇئەللىم سوئال سورىغاندا داۋاملىق 1-بولۇپ قول كۆتۈرەتتى. مۇئ
ەللىم پات-پات "ئەركىندىن باشقا كىم جاۋاب بېرىپ باقىدۇ؟" دەپ سورايتتى. ئەركىن سىدىق 1-سىنىپتا ئوقۇپ، ئۇيغۇر لاتىن يېزىق
ىدىن ساۋاتىنى چىقىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دادىسىدىن ئۇيغۇر ئەرەبچە يېزىقى (UEY) نى ئۆگەندى. ئۇ دادىسى تېپىپ بەرگەن UE
Y ئېلىپبە جەدۋىلىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا UEY نى ئۆگىنىپ، تاكى ئۇنى تولۇق ئۆگىنىپ بولمىغىچە تا
لاغا ئوينىغىلىمۇ چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ 2-3 كۈن ئىچىدىلا بۇ ئېلىپبەنى پۈتۈنلەي ئۆگىنىپ، UEY نى يازالايدىغان بولدى. ئارىل
ىقتىن بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسىدىن سلاۋيان يېزىقىنىمۇ ئۆگىنىۋېلىپ، شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن بەزى
سلاۋيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ئوقۇپ يۈردى.
60-يىللاردا ئاشلىق شەھەردىكىلەر ئۈچۈن نورمىلىق بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىگە ھەر ئايدا ئۇلارنىڭ جان سانىغا، ۋە ھەر بىر ئادەمنىڭ ي
ېشىغا قاراپ ئاشلىق بېرەتتى. مەسىلەن، ئەگەر سىز 15 ياش بولسىڭىز، سىزگە ھەر ئايدا 15 جىڭ ئاشلىق بېرەتتى. ئەگەر 16 ياش بول

UnRegistered

سىڭىز سىزگە 16 جىلغ ئاشلىق بېرەتتى. كۆپرەك ئاشلىقتا ئېرىشۆپلىش ئۈچۈن، كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ نوپۇستىكى ياش
سانىنى بىر قانچە ياش يۇقۇرىلىتىۋالاتتى. شۇ سەۋەپتىن ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى يېشى 40-50 لەردىن ئاشقان كىشلەرنى سۈرۈشتە
قىلىپ باقسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نوپۇستىكى يېشى ئەسلىدىكى توغرا يېشىدىن بىر قانچە ياش يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. ئەر
كىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە يېزىدىن كېلىدىغان تۇغقانلىرى كوپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئايلىق ئاشلىق نورمىسىنى ئايدىن ئايغا يە
تكۈزۈش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. نورمىنى ئايدىن-ئايغا ئۇلاش ئۈچۈن، ئاشلىقنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېجىمىسە بولمايتتى. شۇڭا ئە
ركىن سىدىق ئۆيىدىكى قالغان كىشلەرگە ئوخشاش تاماقنى ئاز يەپ، داۋاملىق قورسىقى ئاچ يۈرەتتى. شۇ چاغدا باشلانغۇچ مەكتەپ
سىنىپلىرىدا بىر-بىرىدىن نان قەرز ئالىدىغان ئىش ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇن بىرسىنىڭ قورسقى ئېچىپ
كەتسە، يەنە بىرسىدىن نان قەرز ئېلىپ يەپ تۇراتتى. نان قەرز ئالغاندا ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇنداق 3 خىل ئۆ
لچەم ئىشلىتىلەتتى: 1) سۆزگۈچ: ئالقىنىڭىزنى ئېچىپ، ئۇشتۇلغان ناننى ئالقىنىڭىزنىڭ 4 بارماق قىسمىغىلا قويىسىڭىز بۇ "سۆزگۈچ" نا
ن بولىدۇ (تورت بارماقنى جۈپلىگەن ۋاقىتتىكى شەكلى بىر سۆزگۈچكە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىسىم قويۇلۇپ قالغان). 2) ۋ
ولتۇق: ناننى 4 بارمىقىڭىزنىڭ ئۇچىدىن باش بارمىقىڭىز بارىيەرگىچە قويىسىز. 3) ئالقان: ناننى پۈتۈن ئالقىنىڭىزغا توشقۇزىسىز. مۇش
ۇنداق نان قەرز ئېلىش ۋە قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىدا، ئۇشتىقان ناننىڭ شەكلى ئالقانغا توغرا كەلمەي، ئالىقاننىڭ بىرەر بۇرجەكلىرى بوش
قالسا، ناننى يەنە ئۇششاق پارچىلارغا ئۇشتۇپ، ھەممە بوش قالغان يەرلەرنى تولدۇرۇپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئەركىن سىدىقمۇ قال
غانلارغا ئوخشاش مانا مۇشۇنداق نان قەرزى ئېلىم-بېرىمىنى كۆپ قىلاتى. ئۇنىڭ ئوقۇشى سىنىپ بويىچە ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، ساۋ
اقداشلىرىغا داۋاملىق ئۆگىنىشتە ياردەم قىلىدىغان بولغاچقا، ساۋاقداشلىرى بەزىدە ئۇنىڭ نان قەرزىنى كوتىرىۋەتتى. "ناننى دەسسە
سەڭ، يامان بولىدۇ" ——— بۇ چوڭ ئاپىسى ئەركىن سىدىققا بەرگەن تەلىمىنىڭ بىرسىدۇر. ئەركىن سىدىق دېھقان تۇغقانلىرىنىڭ ئېشەك
، كالا ياكى ئات سۆرەيدىغان يارىيار ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ بىر يەرگە ماڭغاندا، ھارۋا ھەيدىگەچ نان يەپ كېتىۋاتقان تۇغقىنىنىڭ يەر
گە بىر كىچىك پارچە نان چۈشۈپ كەتسە ھارۋىنى توختىتىپ ۋە ئۇنىڭدىن چۈشۈپ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن نان پارچىسىنى توپا ئارد
سىدىن تېپىپ، ئۇنى پۈۋلۈۋېتىپ ئاغزىغا سالغانلىقىنى كۆپ كۆرگەن ئىدى. بۇنىڭغا ئۇ ئازراقمۇ ئەجەپلەنمەيتتى. كېيىنچە ئۇ قوناق
تېرىش، بۇغداي تېرىش ۋە شال تېرىش جەريانىنى ئۆز بېشىدىن بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ باققاندىن كېيىن، چوڭ ئاپىسىنىڭ "ناننى دەسسە
ەڭ، يامان بولىدۇ" دېگەن بۇ سۆزىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشۈنۈپ يەتتى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ يۇقۇرىقى كۆڭلەر ئەركىن سىد
ىقنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقمىدى. ھازىر ئۇ ئامېرىكىدەك دۇنيادىكى ئاشلىققا ئەڭ باي بىر دۆلەتتە ياشاۋېتىپمۇ، ئۆزى ئاشنى ئىسراپ
قىلىشقۇ ئۇ ياقتا تۇرسۇن، باشقىلارنىڭ شۇنداق قىلغىنىنى كۆرسىمۇ ئۇ زادىلا چىدىيالماي قالىدۇ. باشقىلارنىڭ ساپمۇ-ساق يىمەكلىكنى ت
اشلىۋەتكىنىنى كۆرگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ يادىغا دەرھاللا ئۇيغۇر دېھقانلىرى كېلىدۇ. "ئەگەر بۇ تاماق ئاشۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا بېرىل
گەن بولسا، ئۇلار قانچىلىك خوش بولۇپ كېتەر ئىدى، ھە؟" دەپ ئويلايدۇ.
ئەركىن سىدىق باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان ئاشۇ مەزگىلدە، ئوقۇغۇچىلار ئەتىگىنى مەكتەپكە بېرىپ، سىنىپقا كىرىش قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغا

Unregistered

ندا، ھەممە ئوقۇغۇچىلار سىنىپنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ تىزىلاتتى. سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن سىنىپ بويىچە ھەممە يلە
ن ئورنىدىن تۇرۇپ، "دېڭىزدا پاراخوت رولچىغا تايىنىدۇ. جۇڭگو خەلقى ماۋ جۇشىغا تايىنىدۇ" دېگەن ناخشىنى ئوقۇيتتى. ئاندىن د
وسكىنىڭ ئۈستىدىكى ماۋ زېدۇڭنىڭ رەسىمىگە 3 قېتىم تازىم قىلاتتى. دەرسنى ئۆتۈشتىن كېيىن ئاندىن باشلايتتى. بىرەر ئوقۇغۇچى دە
رسكە كېچىكىپ قالسا، سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن سىنىپنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ رەسىمىگە قاراپ تۇرۇپ د
وكلات قىلاتتى: "قەدىرلىك ماۋ جۇشى: مەن بۈگۈن ئۆيدە ئاش ۋاقتىدا پىشماي ئازراق كېچىكىپ قالدىم. مەن سىزدىن ئەپۇ سورايمە
ن. سىزگە بۈنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلماسلىققا ۋەدە بېرىمەن." ئوقۇتقۇچى شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشقا رۇ
خسەت قىلاتتى. ئۇچىنچى سىنىپلارغا چىققاندا بولسا كېرەك. مەكتەپتىن ھەممە ئوقۇغۇچىلاردىن ماۋ زېدۇڭنىڭ "خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلايلى"، "يۈگۈڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى" ۋە "بېتيۇننى خاتىرىلەيمىز" دېگەن 3 ئەسىرىنى يادلىشنى تەلەپ قىلىندى. ئەركىن سىدىقنى
ڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇش ۋاقتىنىڭ نۇرغۇن قىسمى مانا مۇشۇنداق ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ۋە يادلاش بىلەن ئۆتكە
ن ئىدى.
ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار قاتنىشىدىغان ئەمگەكلەرمۇ بەك كۆپ ئىدى. ھەر يىلى قىشتا ئوغۇت يىغىش پائالىيتى بولىدىغان بولۇپ، ھەر بە
ر ئوقۇغۇچىغا "مەكتەپكە ھەر ھەپتىدە 100 كىلوگرام ئوغۇت تاپشۇرۇش" دېگەندەك ۋەزىپە قويۇلاتتى. ئۇ دەۋردە ھەر ھەپتىدىكى
دەم ئېلىش كۈنى پەقەت بىر كۈن، يەنى يەكشەنبە كۈنى بولۇپ، قىش كۈنلىرى ئوقۇغۇچىلار بۇ دەم ئېلىش كۈنىنى شۇ ئوغۇت ۋەزىپىسى
نى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. ھەممە مەكتەپلەر بۇ پائالىيەتنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، قىش كۈنلىرى ئوغۇت تېپى
ش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ كېتەتتى. ئاقسۇ شەھرىدە ھەر يەكشەنبە كۈنى چوڭ بازار بولىدىغان بولۇپ، بۇ كۈنى شەھەرگە دېھقانلارنى
ڭ ھارۋا-چارۋىلىرى ئىنتايىن كۆپ كېلەتتى. لېكىن ئوغۇت تېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلىكىدىن، يوللاردا ۋە ھارۋىنى توختىتىپ قو
يغان جايلاردا پەقەت ئوغۇت تاپقىلى بولمايتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىق بىر سېۋەت بىلەن بىر كىچىك گۈرجەكنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كېتىپ با
رغان ئېشەك، كالا ياكى ئات ھارۋىلىرىنىڭ كەينىدىن ئاشۇ ھايۋانلار تېزەكلەپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە نەچچە 100 مېتىر ماڭغا
ن ۋاقىتلىرى كۆپ بولغان. ئەگەر بىرەر ئۇلاق تېزەكلەپ قالسا 2-3 باللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۇلاقنىڭ تېزىكىنى تالىشىپ، ئۇلاقنىڭ تې
زەكلىرىنى پارە-پارە قىلىۋېتەتتى. بۇ ئارقىلىق ۋەزىپىسنى يەنىلا ئورۇندىيالمىغان ئوقۇغۇچىلار يېرىم كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، شەھەر
ئىچىگە ۋە ئىدارىلەرگە ياسالغان ئاستى ئوچۇق ھاجەتخانىلارنىڭ ئاستىدىكى توڭلاپ قالغان ئادەم تەرەتلىرىنى ئوغرىلايتتى. شۇڭا بە
زى ئىدارىلەر باشقىلار ئوغرىلاپ كەتمىسۇن، دەپ ھاجەتخانىلىرىنى تۆمۈر تورلار بىلەن توسۇپ، ئۇنىڭغا قۇلۇپ سېلىپ قويغان ئىشلارمۇ
بولغان ئىدى. ئىنسان ۋە ھايۋانلارنىڭ پوق-سۈيدىكى مۇشۇ دەرىجىدە مۇھىم بولۇپ كېتىپ، ئۇنى قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ قوغدايدىغ
ان ھادىسە ئېھتىمال باشقا ھېچ قانداق تارىخىي دەۋردە، دۇنيانىڭ باشقا ھېچ قانداق جايلىرىدا بولۇپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن (ئ
ۇ مەزگىللەردە بارلىق مەكتەپ ۋە ئىدارىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بولغا
چقا ئوغۇت يىغىش ۋەزىپىسى قويۇلاتتى. ——— مۇھەررىردىن). ئوغۇت تېرىش ۋەزىپىسدىن باشقا، ئۇ چاغدىكى ئوقۇغۇچىلار مەكتە

Unregistered

پ ئىچىنى سۈپۈرۈش، مەكتەپ ئىچى ۋە كوچىلاردا قار تازىلاش، يازكۈنلىرى ئورۇلۇپ يىغىلىپ بولغان بۇغداي ئېتىزلىقلىرىغا بېرىپ با
ش تېرىش (يەنى، دېھقانلار ئوروپ يىغىپ بولغان ئېتىزلىقلاردا چۈشۈپ قالغان بۇغداي باشلىرىنى تېرىشنى دېمەكچى) قاتارلىق ئەمگە
كلەرنىمۇ كۆپ قىلاتتى.
1965-1970-يىللىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي تۈپەيلىدىن شەھەردىكى كىشىلەر 2 گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ خىل بۆلۈنۈشنىڭ
سەۋەبى ھەر خىل ھەر رەڭدە بولۇپ، قېتىم سانىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بىر قېتىملىق بۆلۈنۈشتە، بىر گۇرۇھ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيار
غا 1-قول باشلىق بولغان ۋاڭ ئېنماۋنى قوغدىغۇچىلار بولسا، يەنە بىر گۇرۇھ ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلار ئىدى. بىر قېتىم ئاقسۇ شەھرىد
ە مۇشۇ 2 گۇرۇھ كىشىلەر ئارىسىدا قاتتىق سوقۇش بولدى. بىر تەرەپ قولىغا نەيزە، كالتەكلەرنى ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپ ئېگىلىۋالغان
يەرگە بېسىپ بېرىپ، تاپقانلا ئادەملەرنى ئۇراتتى. بۇ قوشۇن ئەركىن سىدىقنىڭ ئائىلىسى تۇرىدىغان مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئا
قسۇ گېزىتخانىسىدىكى كىشىلەر بىلەن سوقۇشقاندا، ئەركىن سىدىق بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى ئىككەيلەن پۈتۈن جەرياننى باشتىن-ئاخىر
كۆرگەن ئىدى. ئاشۇ ۋاقىتلاردا نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق سوقۇشۇشنىڭ نەتىجىسىدە ئۆلۈپ كەتتى. مۇشۇنداق ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ
بىرسى ئەركىن سىدىقنىڭ خانىمى ئامانگۈلنىڭ چوڭ ئاكىسى ئېزىز ئەيسادۇر. 1968-يىلى 11-يانۋار كۈنى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، ئ
اقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپكە دەرس ئوقۇشقا كەتكەن 17 ييرىم ياشلىق ئېزىز ئەيسا، مەكتەپكە يېقىن بارغاندا يولغا تاشلانغان بىر قول
بومبىسىنىڭ پارتلىشى بىلەن قازا تېپىپ، كەچتە ئۇنىڭ جەسىتى ئۆيىگە قايتۇرۇلۇپ كېلىندى (بۇ ۋەقە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مە
كتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشلەنگەن «مەرىپەت بۇلىقى» ناملىق كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن ——— مۇھەرر
ىردىن). ئۇ چاغدا ئامانگۈل تېخى 9 ياش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئامانگۈلنىڭ ئاپىسى 2 يىل ئېسىنى يوقۇتۇپ، كېسەل بولۇپ، ئۆلۈپ
كەتكىلىمۇ تاس قالدى. بۇ بالىسىنىڭ دەردىنى ئامانگۈلنىڭ ئاپىسى تاكى 2005-يىلى 1-دېكابىردا ئالەمدىن ئۆتكىچە ئىچىگە تۇرد
ە تارتىپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئامانگۈلنىڭ ئاكىسى ئوينىغان بىر ۋاسكىتبول ئامانگۈلنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ھازىرمۇ ساقلىنى
پ تۇرماقتا. (ئامانگۈل بىلەن ئەركىن سىدىق باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپنى ئوخشاش مەكتەپ ۋە ئوخشاش ۋاقىتتا ئوقۇغان
بولسىمۇ، ئامانگۈلنىڭ ئوقۇغىنى خەنزۇچە تىل سىستېمىسى بولغاچقا، ئۇلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنىڭ ييرىمىغىچە بىر-بىرى بىلەن تونۇ
شمىغان. لېكىن يۇقۇرىقى ۋەقە ئەركىن سىدىقنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن بىر ئىش بولغاچقا، ئۇ ۋەقە بۇ يە
رگە قىستۇرۇلۇپ قويۇلدى.)
ئەركىن سىدىق بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپلا ئائىلە ھايۋانلىرىغا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، ئۇلارغا ئىنتايىن كۆيۈنەتتى، ھەمدە ئۇلارنى خۇ
ددى ئادەمنى ئاسرىغاندەك ئاسرايتتى. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپتە باققىنى بىر جۈپ ئۆي توشقىنىنىڭ بالىسى بولدى. ھويلىسىدىكى يەرنى
كولاپ، بىر ئۇۋا ياساپ، توشقانلىرىنى كېچىسى شۇ ئۇۋىسىدا ساقلايتتى. كۈندۈزلىرى بولسا ھويلىسىنىڭ ئىچىگە قويۇپ بېرەتتى. ئەركىن
سىدىق ئىككى توشقاننىڭ ھويلا ئىچىدە يۈگرەپ ئويناپ، بەزىدە سەكرىگەندە يەرگە يانپىشىچە چۈشكىنىدىن قاتتىق ھۇزۇرلىنىپ، خو
ش بولۇپ كېتەتتى. بۇ توشقانلار چوڭ بولۇپ، بىر كۈنى ئەركىن سىدىق چىشى توشقاننىڭ ئاغزىغا قۇرۇق ئوتلارنى يىغىپ، ئۇۋىسىغا ئې

Unregistered

لىپ كىرىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆردى. لېكىن نىمىشقا ئۇنداق قىلىدىغىنىنى بىلمىدى. ئۇنىڭدىن 20 كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى ئەركىن سىد
ىق توشقانىنى ئۇۋىسىغا سولاپ، ئوت بېرەي دەپ قارىغىنىدا، 6-7 رەڭگىـرەڭ توشقان باللىرىنى كۆردى. ئۇ ھەم خۇشال بولۇپ، ھەم
ھاياجانلىنىپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرگەن پېتى ئۆيىگە كىرىپ، بۇ خۇش خەۋەرنى ئۆيىدىكى ھەممەيلەنگە يەتك
ۈزدى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئاكىسى بىلەن بۇ توشقانىنى بېقىشىدىكى مەقسىتى ئۇلارنى چوڭ قىلىپ سېتىش ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى بىر قانچ
ە يىل داۋاملاشتۇردى. بىر قېتىم ئەركىن سىدىق بىر دەرەخقە چىقىپ، ئۇنىڭدىكى بىر قۇشقاچ ئۇۋىسىدىن تۇخۇمدىن چىققىلى ئانچە ئۇ
زۇن بولمىغان، تېخى تۈكلىرىمۇ ئۆسمىگەن بىر قۇشقاچ بالىسىنى ئېلىپ چۈشتى. ھەممە يەرنى كولاپ سازاڭ قۇرۇتى تېپىپ، بۇ قۇشقاچ ب
الىسىنى كۈنىگە ئۈچ ۋاق قۇرۇت بېرىپ باقتى. تېخى كۆزى ئېچىلمىغان بۇ قۇشقاچ يېمەكلىكنى ئۆزى يېيەلمەيتتى. شۇڭا ئەركىن سىدى
ق ئاكىسى بىلەن بىرلىشىپ، بىرسى قۇشقاچنىڭ تۇمشۇقىنى ئىككى قولى بىلەن ئېچىپ بەرسە، يەنە بىرسى ئۇنىڭ ئاغزىغا يەم سالاتت
ى. ياكى قوشۇق بىلەن سۇ قوياتتى. ئاشۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇ قۇشقاچنى ئۆلتۈرۈپ قويماي بېقىپ چوڭ قىلدى. بۇ قۇشقاچ ئۇچۇرۇم بول
غاندا، ئۇ ئۇچۇپ بەزىدە دەرەخقە قونۇپ، بەزىدە ئەركىن سىدىقنىڭ مۈرىسىگە قونۇپ يۈردى. بۇ ئىش ئەركىن سىدىق ئۈچۈن چەكسى
ز خۇشاللىق ئەكەلدى. ئەركىن سىدىق ئۈچۈن بۇ ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاكا-ئۇك
ا ئىككەيلەن تۇمۇچۇق ۋە جىگىسىر دەپ ئاتىلىدىغان، ئۆزى ئىنتايىن چىرايلىق، ۋە بەك گۈزەل سايراپ بېرىدىغان قۇشقاچلارنىمۇ باقت
ى. ئۇلارنىڭ پۇلى بولمىغاچقا، بۇ قۇشقاچلارنى بېقىش ئۈچۈن ئۇلار قورۇلۇش ئەخلەت دۆۋىلىرىدىن سىم تېرىپ كېلىپ، ئۆزلىرى سىم ق
ەپەس ياسىدى. ئۇلار بىر تۇمۇچۇقنى 2 يىلدەك باققان بولۇپ، بۇ تۇمۇچۇق خۇددى ئىنگىلىزنىڭ "ياخشىلىقى" نى قايتۇرىۋاتقاندەك، ھ
ەر كۈنى ئۆيدىكىلەر چۈشلۈك تاماققا يىغىلغاندا، بىر سائەتتەك توختىماي ئىنتايىن چىرايلىق سايراپ بېرەتتى. بىر كۈنى ئەركىن سىدى
ق مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ قارىسا، تۇمۇچۇق قەپىسى بىلەن ئۆيدە يوق. شۇنىڭ بىلەن ئاكا-ئۇكا ئىككەيلەن ئىدارىنىڭ ئەتراپىدى
كى كىشىلەردىن سۈرۈشتە قىلدى. بىر كىشى ئۇ قۇشقاچنى قەپىسى بىلەن ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆينىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرىدىغان، ئىدارىنى
ڭ سىرتىدىكى بىرسى ئوغرىلىغانلىقىنى، ھەممە تۇمۇچۇقنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئۆگزىسىگە تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئەركىن سىد
ىق ئاكىسى بىلەن ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ، قۇشقىچىنىڭ ئۆلىكىنى تاپقاندا، ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. لېكىن ئۇ خوشنىسى بىر ھىچ قانداق م
ەكتەپ كۆرمىگەن، قارا خىزمەتلەرنى قىلىپ جان باقىدىغان ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، داۋاملىق ئوغرىلىق ۋە باشقا ئەسكى ئىشلارنى
قىلىپ يۈرۈيدىغان بىرسى بولۇپ، قەپەسنى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىغىنىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. بۇ ئىشنى ھەر قېتىم ئويلىغىنىدا،
ئەركىن سىدىقنىڭ كۆڭلى ھازىرمۇ غەش بولىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن مەخسۇس ئاشۇنداق قۇشقاچ تۇتىدىغان ق
ەپەس ياساپ، تۇمۇچۇق ۋە جىگىسىر تۇتۇپ، 10 دەك قۇشقاچنى باشقىلارغا سېتىپ بەرگەن ئىدى. ئازراق پۇل تېپىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ي
ۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن بىرلىكتە ئەخلەت دۆۋىلىرى ئىچىدىن تۆمۈر، سۆڭەك، ئاليۇمىن، سوپۇن قۇتى
سى قاتارلىقلارنى يىغىپ ساتاتتى. دۆلەت تۆپىسىدىكى (ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەرقى قىسىملىرىدىن ئېگىز بولغاچقا شەرقى قىسمىدىكى بۇ ش
ەھەر رايونى دۆلەت تۆپىسى دەپ ئاتىلىدۇ ——— مۇھەررىرىدىن) ھەربىيلەر ئوق ۋە بومبا ئېتىپ، ھەربىي مەشىق قىلغان يەرگە بېرىپ،

UnRegistered

مەشىق تۆگىگەندە ئۇ يەردىنمۇ تۆمۈر تېرەتتى.
ئۇ چاغلاردا تۇرمۇش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، قىش كىرىشتىن بۇرۇن ھەممە ئۆيلەر بىر قانچە تونىنا كۆمۈر ئېلىپ، قىشنىڭ تەييارلىقىنى قى
لاتتى. قاتتىق كۆمۈر قىممەت بولغاچقا، نۇرغۇن ئائىلىلەر تۇپا كۆمۈر سېتىۋېلىپ، ئۇنى لاي ئېتىپ، ياكى زۇۋۇلا تۇتاتتى، ياكى كۆمۈر ك
ېسەك قۇيۇپ قۇرىتاتتى. ھەممە ھەر يىلى گەمە كولاپ، قىش كىرىشتىن بۇرۇن بەسەي، ياڭيۇ، سەۋزە قاتارلىق كۆكتاتلارنى جىق ئېلىپ،
ئاشۇ گەمىگە سېلىۋالاتتى. چىقىمنى ئازايتىش ئۈچۈن ئەركىن سىدىق قىش كۈنلىرى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاكىسى بىل
ەن بىرلىكتە ئۆيى تۇرۇشلۇق مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىسسىنىپ بولۇپ تۆكۈۋەتكەن ئوچاق كۈلىنى تاسقاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تېخى
تولۇق كۆيۈپ بولالمىغان كومۇر داشقاللىرىنى يىغاتتى (ئوقۇغۇچىلار ئىشلىتىدىغىنى ئەڭ يۇقىرى سۈپەتلىك قاتتىق كۆمۈر بولۇپ، ئۇنىڭ
دىن قالغان داشقاللارمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆيەتتى). قىش كۈنى تونۇرنى قىزدۇرۇپ نان يېقىش ياكى ئۆيدە باققان قويغا يەم قىلىپ بې
رىش ئۈچۈن، ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن ھەر يىلى كۈزدە نەچچە ئاي غازاڭ سۈپۈرۈپ، غازاڭ يىغاتتى. قاتتىق بوران چىققاندا، بوران چۈشۈ
رۈۋەتكەن، دەرەخنىڭ قۇرۇپ قالغان شاخلىرىنى يىغاتتى. بەزىدە ئۆيىدىن نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاڭگالغا بېرىپ، ئۇ يەردى
ن قۇرۇپ قالغان يانتاقلارنى يىغىپ، ئۇلارنى باغلاپ، دۈمبىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكىلەتتى. بەزىدە ئاپىسىغا ياردەملىشىپ
ئۆي سۈپۈرەتتى. ئۆيدە باققان بىر قوي ۋە بىر قانچە توخۇلارغا يەم بېرىش ئۇلار داۋاملىق قىلىدىغان ئىش ئىدى. ئىشقىلىپ، ئاكا-ئۇكا
ئىككىيلەننىڭ ئۆيدە بوش قالىدىغان ۋاقتى ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۆيدە بىر قوي بېقىۋاتقان ئاشۇ دەۋرنىڭ قوغۇن پىشقان پ
ەسىللىرى ئەركىن سىدىقنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن قىلغان يەنە بىر ئىشمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ قويغا يەم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن شاپاق يىغىش. ي
ەكشەنبە كۈنلىرى ئەركىن سىدىق ئۆيىنىڭ قېشىدىكى قوغۇن بازىرىغا بېرىپ، بىر سېۋەت بىلەن بىر ئىتتىك بىلەنگەن پىچاقنى تۇتۇپ،
بىر قوغۇن دۆۋىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. قوغۇن سېتىۋالغان بەزى خېرىدارلار تۇغقانلىرى ياكى تونۇشلىرى بىلەن بىرلىكتە شۇ جايدىلا ئۇن
ى تىلىپ يېمەكچى بولۇپ، ئۆزىدە پىچاق بولمىغاندا ئەركىن سىدىقنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ پىچىقىنى ئىشلىتەتتى. ئۇنىڭ بەدىلىگە بۇ خې
رىدارلار قوغۇننىڭ شاپىقىنى ئەركىن سىدىقنىڭ سېۋىتىگە سالاتتى. بەزى رەھىملىك خېرىدارلار ئەركىن سىدىققا بىرەر تىلىم قوغۇنمۇ بېرەت
تى. ئەركىن سىدىق يېرىم كۈندەك ۋاقىتتا مۇشۇ ئارقىلىق بىر سېۋەتنى توشقۇزۇپ ئۆيىگە قايتاتتى.
ئۇ چاغدا باللار ئويۇنچۇقلىرى ئاساسەن يوق بولۇپ، شەھەردىكى باللار يازكۈنى سوقۇش ئويناتتى: ئۆزلىرى ياغاچتىن قورال ياسا
پ، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بىرسى دۈشمەن، بىرسى ئارمىيە بولۇپ سوقۇشاتتى. ياغاچ قورالدىن ھېچ نەرسە چىقمىغاچقا، قارشى تەر
ەپتىكى بالىدىن بىرنى كۆرگەن ھامان، ئاغزىدا "تا-تا-تا-تا!" دەپ ۋارقىراپ، "مەن ئالدىدا ئاتتىم. سەن ئۆلدۈڭ. ئۆلە! ئۆلە!" دە
پ ۋارقىرىشاتتى. مۆكۈشمەك، ئوشۇق ئويناش، نۇر پىرقىرىتىش ۋە توڭلاپ قالغان ئۆستەڭ ۋە قارنىڭ ئۈستىدە مۇز تېيىلىش دېگەندەك
ئويۇنلارمۇ بار ئىدى.
تەتىل ۋاقتى شەھەردە قىلىدىغان ئىشنىڭ تايىنى بولمىغاچقا، ئەركىن سىدىق ھەر يىلى يازلىق ۋە قىشلىق تەتىللەرنى ئارالدىكى تۇغقا
نلىرى بىلەن ئۆتكۈزدى. 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئارالغا تۇغقانلىرىنىڭ ئات، كالا ياكى ئېشەك ھارۋىلىرىدا بارىدىغان بولۇپ، قىش
كۈنلىرى بارغاندا ئاقسۇدىن ئەتىگەنلىكى سائەت 5-6 لەردە يولغا چىقسا، ئارالغا كەچ سائەت 9-10 لاردا يېتىپ باراتتى. يازكۈنلە
Unregistered

رى ئاخشىمى يولغا چىقىپ، ئەتىسى ئەتىگەن تاڭ ئاتقاندا يېتىپ باراتتى. ئولتۇرىدىغان ھارۋىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ياغاچتىن ياسالغا
ن يارىيار ھارۋا بولۇپ، ئۇ چاغلاردا رېزىنكە تاپانلىق پىكىلو ھارۋىسىمۇ ئىنتايىن قىس ئىدى. پىكىلو ھارۋا ياكى تراكتوردا ئولتۇرۇش ئ
ۇلار ئۈچۈن خۇددى ھازىرقى ئايروپىلاندا ئولتۇرغان بىلەن ئوخشاش ئەلا راھەت ئىش ئىدى. قىش كۈنلىرى ھاۋا قاتتىق سوغاق بولىدى
غان بولغاچقا، يۇقۇرىقىدەك سەپەر قىلىش جەريانىدا ئاياق كىيىمنىڭ يالاڭلىقىدىن ئەركىن سىدىقنىڭ ئىككى چىمچىلاق پۇتى ئۇششۇ
پ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئىككى چىمچىلاق پۇتى تاكى ھازىرغىچە ھەر يىلى ئەتىيازكىرگەندە بىرەر ئاي قىچىشىپ، ئەركىن سىدىقتا ئەينى
زاماندىكى جاپالىق ھاياتنى ئەسلىتىپ تۇرماقتا. يارىيار ھارۋىدا سەپەر قىلغاندا، يولدا ئېگىزرەك دوڭلەرگە كەلگەندە، ھارۋىدىكى
ھەممەيلەن يا ھارۋىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭاتتى. ياكى بولمىسا ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئۇلاغقا ياردەملىشەتتى. ئارالنىڭ كۆۋرىكىنى سۇ
ئېقىتىپ كەتكەندە، ئۇلار دەريانىڭ تېيىز جايلىرىنى ئىزدەپ، بىۋاستە سۇنى كېچىپ ئۆتەتتى. ھارۋىنىڭ ئۈستىگە سۇ چىقىپ كېتىدىغان
ئىشلار دائىم بولۇپ تۇراتتى. بەزى ئادەملەر دەريادىن ئۆتۈش جەريانىدا سۇ ئېقىتىپ كېتىپ، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ ھەر يىلى دې
گىدەك كۆرۈلۈپ تۇراتتى. دېھقانلارغا بىر يىل ئىچىدە بىرەر كۈنمۇ دەم ئېلىش ۋاقتى بولمىغاچقا، ئەركىن سىدىق ئارالغا ئەتىل قىلىپ با
رغان ۋاقتىدا، ئىمكانقەدەر تۇغقانلىرىنىڭ ئورنىغا ئىشقا چىقىپ، ئۇلارنىڭ بىرەر كۈن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىۋېلىشىغا
ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. بەزى كۈنلىرى ئەتىگەنلىك دولتۇنغا چىقىپ، تۇغقانلىرىنىڭ تاماق ئېتىپ تۈرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتى
پ بېرەتتى. ئۇ 6-7 ياش ۋاقتىدىكى ياز كۈنلىرى كالىغا مىنىۋېلىپ خامان تېپەتتى. ئۇنىڭدىن سەل چوڭ بولغاندا بىر چاقلىق غەلتە
كتە، ئىككى ئادەم كۆتۈرىدىغان زەمبىلدە ياكى كالا ھارۋىسىدا بۇغداي يىلىقتا ئوغۇت توشۇش، زەمبىلدە ئېغىللاردىن قىغ ئەپچىقىش، شا
للىقتا ئوت ئوتاش، ۋە بۇغداي، قوناق، شال ئورۇش قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قىلىپ باققان ئىدى. خامان تېپى
ش جەريانىدا ئەركىن سىدىق بىرگە ئىشلەۋاتقان باللار بىلەن كۈنىگە نەچچە قېتىم ئۆستەڭگە سۇغا چۈشەتتى. بەزىدە سۇدا جىم تۇرۇۋۇ
السا، چوڭ-چوڭ بېلىقلار كېلىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ پۇتىنى بىر خىل يېمەكلىك ئوخشايدۇ دەپ غاجايتتى. بۇنىڭغا ئادەمنىڭ پۇتى ئازر
اقمۇ ئاغرىمايتتى. ھازىر چوڭلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئاشلىق ئۈنۈمى قىس ۋاقىتتىمۇ ئارالنىڭ ئوستەڭلىرىدە ئاشۇنداق
چوڭ بېلىقلارنىڭ بولىشى، ۋە ئۇنى ھېچ كىمنىڭ يېمەسلىكىنىڭ سەۋەبى، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۇ چاغدا بېلىقنى ھەرگىز بىر خىل يېمەك
لىك، دەپ بىلمىگەن ئىكەن. ئېھتىمال بۇ 49-يىلىدىن بۇرۇن ئارالدا ئاشلىقنىڭ ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ئىنتايىن كەمچىل بولغىنىدى
ن بولسا كېرەك.
ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتىپىدىكى چوڭ ئاپىسىنىڭ بىر نەچچە مولۇق شەخسى كۆزلۈك ئالما ۋە شاپتۇللۇق بېغى بار بولۇپ، ئالمىدىن جەم
ى 5 قۇر، ھەر بىر قۇرىدا 10 تۈپتەك ئالما دەرىخى بار ئىدى. ھەر يىلى بۇ باغدىكى ئالما-شاپتۇللار ئىنتايىن ئوخشايتتى. پىمىش پىش
قان مەزگىلنىڭ كېچىلىرى ئۇ ئاكىسى ياكى باشقا تۇغقانلىرى بىلەن باغدا ئۇخلاپ، باغنى ئوغرىدىن قوغدايتتى. ئۇخلىغىلى ياتقاندا ئا
لمىلار ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئۈستىدىلا بولۇپ، كېچىسى بەزىدە ئېسىدە يوق يوتقاندىن قوپۇپ ئولتۇرغاندا، ئالمىلارغا ئۇسۇۋالاتتى. بەزىدە
كېچىسى ئۇنىڭ بېشىغا ئالما چۈشەتتى. كۈندۈزى ئۇ ئاكىسى بىلەن بىللە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئالمىلارنى تېرىپ، 3-4 كىلومېتىر يو

UnRegistered

ل يۇرۇپ گۈگۈشى بازىرىغا بېرىپ، بىر موچەنگە 7-8 دىن ئالما ساتاتتى. يېرىم كۈندەك ئولتۇرۇپ، ئاران 2-3 موچەنلىك ئالما سېتى
پ قايتىپ كېلەتتى. باغدىكى يېمىش تۈگەپ، ھاۋا تېخى سوۋۇپ كەتمىگەن مەزگىللەردە ئۇلار ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە ئۇخلايتتى. بەزىدە
ئايغا ۋە ئاسماندىن ئېقىپ كېتىۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ، ھېكايە ئېيتىشاتتى. ئەركىن سىدىق ھازىر ئەسلىگىنىدە، ئاشۇ يىللارنى
ڭ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى تەبىئەتتىن ئەڭ ياخشى ھۇزۇرلانغان ۋاقىتلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. كالىفورنىيەدىكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىر
گۈزەل جايغا بېرىپ، يەرگە ۋاقىتلىق رەخت ئۆيلەرنى ئورنىتىپ، بىر ئىككى كۈن ئائىلە ياكى دوستلىرى بىلەن ئاشۇ يەردە تاماق ئېتى
پ، ئۇخلاپ كېلىدىغان ئادىتى بار. ئۇنى ئىنگلىزچە "camping" دەپ ئاتايدۇ. يېقىندىن بۇيان كالىفورنىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بە
ر قىسمىمۇ "camping" قىلغىلى بارىدىغان بولدى. ئەركىن سىدىقنىڭ بالىلىق دەۋرىدە قىلغان يۇقۇرىقىدەك ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە ئ
ەڭ ياخشى "camping" پائالىيىتى ئىدى. بىر يىلى ئارالدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ ئاپىسىنىڭ 4 قۇر ئالمىسى
نى ۋە ھەممە شاپتۇللىرىنى ئۇلارنىڭ ئات-ئۇلاغ ۋە باشقا مۈلۈكلىرى بىلەن قوشۇپ مۇسادىرە قىلىپ ئېلىۋالدى. بۇ ۋەقە بولغاندىن كې
يىنكى يىلى ھۆكۈمەت تارتىۋالغان ھېلىقى 4 قۇر ئالما ھېچ قانداق مېۋە بەرمىدى. لېكىن ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ ئاپىسىغا تەۋە ھېلىقى
بىر قۇر ئالما يەنە ئوخشاشلا قاتتىق مېۋە بەردى. بۇ ئالمىلارنىڭ قۇدرىتىدىنمۇ ياكى پەرۋىشتىكى پەرقتىنمۇ ئۇنىسى ئېنىق ئەمەس.
ئەركىن سىدىقنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ سىنىپى "پومېشچىك" بولغاچقا، ئاشۇ يىللىرى ئۇ داۋاملىق كۈرەشكە تارتىلدى. بىر يىلى ئۇ كىشىنى
ڭ كۆزى قارغۇ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەترەتتىكىلەر ئۇنى قويۇپ بەرمەي، كالىنىڭ قۇيرىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خامان تېپىشكە سالدى.
ئەركىن سىدىق ھەر قېتىم چوڭ دادىسىغا سۇ ئاپىرىپ بەرگىلى بېرىپ: بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا چىدىيالماي، كۆزلە
رىدىن تارام-تارام ياش تۆكەتتى. ھەمدە چوڭ دادىسىدىن 1949-يىلىدىن بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى سورايتتى. ئۇ چ
اغلاردا گەرچە ئۇلارنىڭ يېرى كۆپ بولغان بولسىمۇ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ يېرىنى ئۆزى ئىشلەپ تېرىغان بولۇپ، ھەرگىز باشقىلارنى ئ
ېزىش بولمىغان. يازكۈنلىرى ئورما مەزگىلىدە بولسا، ئۇ يەردىكى دېھقانلار ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن ئىكەن. ھەر يىلى يېرىنىڭ پەقە
ت 3 تىن بىر قىسمىنىلا تېرىپ، قالغان يەرلەرنى ئاق قالدۇرغان. شۇڭا ئاشلىق ناھايىتى ئوبدان بولۇپ، ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئاشلىقى
ئىنتايىن كەڭرى بولغان. لېكىن، ئەركىن سىدىق باشلانغۇچتا ئوقۇۋاتقان دەۋرلەردە، دېھقانلار بىر يىل ئىشلەپمۇ، ئۆزىنىڭ ئاشلىق پۇلى
نى تۆلىيەلمىگەن. يىل ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە دېگىدەك ئەترەتنىڭ ئاشلىق قەرزى ئارتىلىپ قالغان. مۇشۇنداق بىر يىل ئىشلە
پ، ئاش پۇلىنىمۇ تۆلىيەلمىگەچكە، كۆپىنچە كىشىلەر بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرمىگەن. دېھقانلارنىڭ قەرزگە تۆلەيدىغان پۇلى بولمىغا
چقا، ئەترەت كادىرلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى بىر ئاز پۇلغا يارايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى
ئېلىپ كېتەتتى. ئەركىن سىدىق ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى ئۆيىدىكى تېخى تېشىلىپ كەتمىگەن كىگىزلىرىنى، بەزىلىرى رادىئ
وسىنى، بەزىلىرى قوي-كالىلىرىنى بېرىۋەتكىنىنى ئوز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان. ئەڭ ۋەھشى بولغىنى، ئۇلار ئەركىن سىدىقنىڭ بىر تۇ
غقىنىنى ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىپ، ئۆگزىگە جەگە ياغاچ قىلىپ ئىشلەتكەن ياغاچلارنى تاماق پۇلى قەرزى
ئۈچۈن ئېلىپ كەتكەن. ئۇ دېھقانلار شۇنىڭ بىلەن ئۆيسىز قالغان. تېخى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئەركىن سىدىققا بۇ ئەھۋال ئ

UnRegistered

منتايىن قاتتىق تەسىر قىلغان. ئۇ چاغلاردا ھەر كۈنى ھەممە ئادەم توختىماي ئاڭلايدىغان تەشۋىقات مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قانداق
ئۇلۇغ ھەرىكەت ئىكەنلىكى، ھەممە دۆلەت تۈزۈمىنىڭ نەقەدەر ئەۋزەللىكى توغرىسىدا بولغاچقا، ئەركىن سىدىق ئۆز كۆزى بىلەن كۆ
رۈۋاتقان يۇقۇرىقىدەك ئەھۋاللارغا زادىلا ئىشىنەلمىگەن. "بۇ يەردە چوقۇم بىرەر خاتالىق بار" دەپ ئويلىغان. ھەممە "ئەگەر مەن باش
لىق بولۇپ قالسام، ھەممە باللارنىڭ تاماق پۇلىنى كۆتۈرۈۋېتەتتىم. شۇنداق قىلسام ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيالايتت
ى"، دەپمۇ ئويلىغان. لېكىن ئۇ بۇ ئويلىغانلىرىنى ھېچ كىمگە دېيەلمىگەن. سەۋەبى ئۇ دەۋردە بىر ئادەمنىڭ جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قې
لىشى ئىنتايىن ئاسان بىر ئىش ئىدى. مەسىلەن، ئەينى ۋاقىتتا بەزى ساۋاتسىز دېھقانلار ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆز-ئۇزۇندىسى بار گېزىتنىڭ پ
ارچىسىدا ئۇقىماي تاماكا يۆگەپ سالغانلىقى ئۈچۈن جىنايەتچى بولۇپ قېلىپ، كۈرەشكە تارتىلغان ھەتتا تۈرمىگە تاشلانغان ۋەقەلەر ك
ۆپ بولغان ئىدى.
ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتەپكى چوڭ دادىسىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئارالدا ئىشلەيدىغان روزى تۇردى ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. مەدەنىيە
ت زور ئىنقىلابى جەريانىدا، كىشىلەر كۈندۈزى ئۇنىڭغا بىر ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيدۈرۈپ، مەھەللە ئىچىدە سازايى قىلدۇردى. ئۇ كىشىن
ىڭ بېشىدا ئۇزۇن قەغەز قالپاق، بويىنىدا بىر يوغان خەت يېزىلغان تاختاي، قولىدا بىر مېتال داپ بار بولۇپ، ئۇ كىشى بىر تەرەپتىن مې
ڭىۋېتىپ، بىر تەرەپتىن داپنى "داڭ! داڭ! داڭ!" ئۇرۇپ، "يوقالسۇن روزى تۇردى!"، دەپ ۋارقىرايتتى. ھېرىپ كېتىپ سەل توختاپ قا
لسا، باشقىلار كېلىپ ئۇراتتى. ئاخشىمى بولسا ئۇنى كۈرەشكە تارتاتتى. بۇ ئىشلار ئەركىن سىدىقنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋېتەتتى. ئۇ چوڭ دا
دىسىدىن روزى تۇردى ئاكىسىنىڭ زادى نېمىنى خاتا قىلغانلىقىنى ئەپسىلى سورىدى. ئەسلىدە 1949 -يىلىدىن بۇرۇن، ئارالدا ئوغۇل
بالىسى بار ھەممە ئائىلىگە بىر ئوغۇلنى گومىنداڭغا ئەسكەرلىككە بېرىش مەجبۇرىيەت قىلىنغان. ھەر قېتىم ئەسكەرلىككە ئادەم ئېلى
شقا كىشى كەلگەندە، كىشىلەر ئوغۇللىرىنى يا مۆكتۈرۈپ قويىغان، يا قاچۇرىۋەتكەن. بىر قېتىم ئۇلار روزى تۇردىنى مۆكۈۋالغان يېرىدى
ن تېپىۋېلىپ، ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كەلگەن. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگ
ىلىدە ئارالدىكىلەر ئۇنى "گومىنداڭغا ئەسكەر بولغان" دېگەن جىنايەت بىلەن يۇقۇرىقىدەك كۈنگە قويىغان ئىكەن. ئەركىن سىدىق
ئەڭ ئاخىرى ئۇنىڭ روزى تۇردى تاغىسىنىڭ جىنايىتى ئۇنىڭ پەقەت بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەن، دېگەن خۇلا
سىگە كەلگەن.
ئەسلىدە باشلانغۇچ مەكتەپ 5 يىللىق بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنى 7-ئايدا پۈتتۈرەتتى. لېكىن، ئەركىن سىدىق باشلانغۇچ مەكتەپن
ى پۈتتۈرىدىغان يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈپەيلىدىن، يىللىق ئوقۇش تاماملىنىدىغان ۋاقىت 7-ئايدىن 1-ئايغا ئۆزگىرىپ ك
ەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىقنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇشى 1970-يىلى 7-ئايدا ئەمەس، 1971-يىلى 1-ئايدا پۈتتى.
Unregistered



UnRegistered

ئەركىن سىدىقنىڭ ئاقسۇ 4-باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ خاتىرىسى. رەسىمدىكى بىرىنچى قۇر سولدىن 4-كىشى ئەركىن سىدىق، 2-قۇر سولدىن 5-كىشى ئەركىن سىدىقنىڭ 5 يىللىق سىنىپ مۇدىرى تۇخان خانىم بولىدۇ. تارتىلغان ۋاقتى: 1967-1969-يىللىرى. بۇ رەسىمنى ئەركىن سىدىق 2006-يىلى يازدا يۇرتىغا بارغاندا ساۋاقدىشى خەرنىسا سوغات قىلىپ بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۇچۇن ئەركىن سىدىق ئۇ ساۋاقدىشىغا ئىنتايىن مىننەتدار. بۇ ئەركىن سىدىقنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مەزگىلىدىكى بىردىنبىر سۈرىتىدۇر.



UnRegistered

ئەركىن سىدىقنىڭ پەرزەنتلىرى 1998-يىلى يازدا ئامېرىكا كالىفورنىيە شىتاتى سان فرانكىسكو شەھىرىنىڭ قېشىدىكى ئۆيىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا توشقان بالىلىرى بىلەن ئويناۋاتقان. رەسىمدىكى ئۇلارنىڭ توشقىنىنىڭ 1-قېتىم تۇغقان 3 بالىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە 13 نى تۇغۇپ، شۇ يىلى ئەركىن سىدىقنىڭ توشقىنى 18 گە كۆپىيىپ كەتكەن ئىدى. بىز مۇشۇ تەرجىمىھالنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇ قېتىم يۈز بەرگەن "توشقان كرىزىسى" ھەققىدە يەنە ئازراق توختىلىمىز.

## 4. ئوتتۇرا مەكتەپ

باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپ، قىشلىق تەتىلنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق 1971-يىلى 3-ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىنى باشلىدى. بۇ مەزگىل مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئەۋج ئېلىپ، جەمئىيەتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە ناچار سۆز-ھەرىكەتلەر ناھايىتى يۇقىرى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىلگە توغرا كەلدى. ئۇ چاغدا مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىمۇ ھەرگىز ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي بىلىم ئۆگىتىش بولماستىن، باشقا ھەممە ساھەلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ بىر سىياسىي ھەرىكەتنىڭ قورالىغا ئايلانغان ئىدى. مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ قولىغا ئۆتكەن، مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى "كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىش" قاتارلىق ھەرخىل ئۆز-ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ۋە كۆرەش قىلىش بولۇپ قالغان ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلار ئۇستازلىرىنى پاش قىلىش، شىكايەت قىلىش ۋە كۆرەش قىلىش ئىشلىرىغا ئاتلاندۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇش بىلەن ھېچ كىمنىڭ كارى يوق بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. 1971-يىلى 9-ئايدا لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى پاش بولغاندىن كېيىن، مەكتەپ يېرىم كۈن ئوقۇتۇش، يېرىم كۈن سىياسىي ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندى. تەبىئىي پەن دەرسلىرى ئۈچۈن نورمالنى ماتېرىياللار ئوقۇتۇلدى. لېكىن، ئەدەبىيات، سىياسەت ۋە تارىختا ئوخشاش ئىجتىمائىي پەنلەر ئۈچۈن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرى، شېئىرلىرى ۋە پارتىيە تارىخى دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى.

ئەركىن سىدىق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىنمۇ تىرىشىپ ياخشى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. ھەممە سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتە ۋە مەكتەپتە ھېچ قانداق ئورنى بولمىغاچقا، مۇئەللىم دەرس ئۆتۈۋاتقاندا، ئوقۇغۇچىلار خالىغانچە قىلىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر ئوقۇتقۇچى بىر ئاز باشقۇرماقچى بولسا، ئوقۇغۇچى ئورنىدىن نەچچە ھەسسە ئۈنلۈك ۋارقىراپ، بەزىدە ھەتتا تىللاپ، ئوقۇتقۇچىغا ئازراقمۇ كۆڭۈل بەرمەيتتى. ئوقۇتقۇچىلار تەييارلاپ ئەكىرگەن دەرسنى نورمالنى ئۆتەلمەي، داۋاملىق ئازابلىنىپ ھەسرەت ئىچىدىلا ئۆتەتتى. بىر يىلى قىشتا، بىر قانچە قېتىم ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدىكى بەزى ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىم دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن، سىنىپنى ئىسسىتىدىغان مەشنىڭ ئۈستۈنكى ياپقۇچىنى ئېلىۋېتىپ، ئوتۇننى مەشنىڭ ئۈستىگە قاتارى قويۇپ كۆيدۈرۈپ، پۈتۈن سىنىپنىڭ ئىچىنى ئىسقا لىق توشقۇزۇپ، سىنىپتىكىلەر بىر-بىرىنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ قويىدى. ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن، ئامالسىز دەرس ئۆتەلمەي چىقىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا بىرخېمىيە ئۆتىدىغان ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ سىنىپقا كىرىپ بولۇپلا يىغلاپ كەتكىنى، ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر قارىۋېتىپ، سىنىپتىن چىقىپ كەتكىنى ئەركىن سىدىقنىڭ يادىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

UnRegistered

ئارالدا كۆرگەن ۋەقەلەرنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئەركىن سىدىق شۇ ۋاقىتتىكى بىر قىسىم تەشۋىقاتلارغا ئىشەنمەيتتى. بولۇپمۇ "ب
ىلىمنىڭ كېرىكى يوق" سەپسەتىسىگە، ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر ئەسكى سىنىپقا تەۋە ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى. شۇڭا مەيلى ئە
مەلىي مۇناسىۋەتتە بولسۇن ياكى كۆڭۈلدە بولسۇن ئەركىن سىدىق ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلىرى بىلەن ئىنتايىن يېقىن ۋە ياخشى مۇناسىۋە
ت ساقلىدى. داۋاملىق ئوقۇتقۇچى تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ دەرسلەرنى نورمالنى ئۆتۈۋېلىشىغا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشتى. شۇ سە
ۋەبتىن ئۇ بىر قىسىم كەپسىزراق ساۋاقداشلىرىنىڭ زەربىسىگىمۇ داۋاملىق ئۇچراپ تۇردى. ئەركىن سىدىق ئۆزىگە بېرىلگەن زەربىلەرگە ئ
انچە پىسەنت قىلماي، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئىزچىل تۈردە پۇختا ئۆگىنىپ ماڭدى. تولۇقسىزنىڭ 2-يىللىقلىرىدا بولسا كېرەك، بىر قېتى
م ماتېماتىكىدا بىر يېڭى باپ ئۆتىلىدىغان چاغدا، ئەركىن سىدىق بۇ تېخى ئۆتۈلمىگەن بابنى پۈتۈنلەي ئۆزى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىكى
مەشىقلەرنىمۇ بىرنى قويماي ئىشلەپ بولالىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەركىن سىدىقنى دەرسكە قاتناشماي، سىرتتا ئويناشقا ر
ۇخسەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ بىر دەرس ۋاقتىدا پۈتۈن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەرس ئوقۇۋاتقاندا، ئەركىن سىدىق ئۆزى يالغۇز
ۋاسكېتبول مەيدانىدا توپ ئوينىدى. ئەركىن سىدىق تولۇقسىزنىڭ 3-يىللىقلىرىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللەر بولسا كېرەك، مائارىپ ساھەس
ىدە ماۋ زېدۇڭنىڭ "يالغۇز ئوقۇتقۇچىلارلا دوسكا ئالدىدا چىقىپ دەرس سۆزلىمەي، ئوقۇغۇچىلارمۇ سۆزلەپ بېقىشى كېرەك" دېگەنگە ئ
وخشاش بىر چاقىرىقى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئوقۇشتا ياخشى ئوقۇغۇچىلار دەرس ئۆتۈشكە سىلىندى. شۇلارنىڭ ئىچىدە ئ
ەركىن سىدىقمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن بىر يىللىق تۆۋەن ئوقۇغۇچىلارغا بىر قانچە ھەپتە ماتېماتىكا دەرسى بەردى. ئەركىن سىدىق ئا
شۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا ئۆزىگە ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، مەيلى تەبىئىي پەن بولسۇن، ياكى ئىجتىمائىي پەن بولسۇن، ئۆتۈلگەن
دەرسلەرنى ناھايىتى پۇختا ئۆگىنىپ ماڭدى. شۇڭا ئىمتىھانلاردىمۇ ئىزچىل تۈردە تولۇق نومۇر ئالدى. تولۇقسىزنىڭ 3-يىلى بولسا كېر
ەك، بىر قېتىملىق ئەدەبىيات دەرسىنىڭ مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىدا ئۇ 97 نومۇر ئېلىپ قېلىپ، ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن بىر قانچە سائەت
يىغلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى "بىلىمنىڭ كېرىكى يوق" دېگەن تەتۈر تەشۋىقاتنىڭ تەسىرى
گە ئېغىر دەرىجىدە ئۇچراپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئاساسەن ياخشى ئوقۇيالمىدى. تولۇقسىز ئوقۇش جەريانىدا، ئەركىن سى
دىقنىڭ بىر فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى يىللىق ئىمتىھاننى ئوچۇق ئىمتىھان قىلىپ ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئىمتىھان سوئاللىرى تارقىتىپ بېرىپ،
3 كۈندىن كېيىن يىغىۋالىدىغان بولدى. شۇ كۈننىڭ ئەتىسى پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، سوئاللىر
نىڭ جاۋابىنى ئەركىن سىدىقتىن كۆچۈردى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ 2 ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ ئىچى ئادەمگە لىق تولدى. قەغەزنى تاپشۇرۇپ بولغان
دىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ئەھۋالنى دەرھاللا سېزىپ، ئەركىن سىدىققا 100 نومۇر، قالغانلارنىڭ ھەممىسىگە 50 نومۇر بەردى.

ئەركىن سىدىق كىچىكىدىنلا كىتاب ئوقۇشقا ئىنتايىن ئامراق ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغلاردا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆسمۈرلىرى ئۇ
چۈن چىقىرىلغان ئۇيغۇرچە كىتابلار قەتئىيلا يوق ئىدى. ئەركىن سىدىق تولۇقسىزنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىل بولسا كېرەك، ئۇي
غۇر دىيارىدا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان "قىزىل پوپوكلۇك نەيزە" دېگەن بىر كىتاب تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچە (يەنى لاتىن يېزىقىد

Unregistered

ا) بېسىلىپ تارقالدى. ئەركىن سىدىق ئۇ كىتابنى دەرھاللا سېتىۋېلىپ ئوقۇپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سىنىپىدىكى باشقا ئوقۇغۇچىلارنى
مۇ سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلاردىن پۇل يىغىپ، كىتابخانىدىن ھېلىقى كىتابتىن تەخمىنەن 15 دانە سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ، ساۋاقداشلىرىغا تا
رقىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لېي فېڭ توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ۋە "دۆلەت سۇنرۇيىنىڭ كۆۋرۈك پارتلىتىشى" دې
گەنگە ئوخشاش كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى بىرنىمۇ قالدۇرماي ئوقۇپ تۈردى. ئاشۇنداق كىتاب ئوقۇش جەريانىدا ئۇ چوڭ بولغاندا قاندا
ق ئادەم بولۇش، قانداق ياشاش، قانداق قىلىپ بىر ئالىجاناپ ۋە جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇش توغرىسىدا ئىزدىنىپ، ئۆزىدە
بىر يۈرۈش چۈشەنچە ۋە دۇنيا قاراش ھاسىل قىلىشقا باشلىدى. بۇ چۈشەنچە ۋە دۇنيا قاراشلار ئەركىن سىدىقنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا ئىزچ
ىل تۈردە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. ئەركىن سىدىق كىتابنى ھەرگىز نوقۇل ھالدا ئۇنى بىر قېتىم ئوقۇپ تۈگىتىش ئۈچۈن ئوقۇمايتتى
ى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ كىتاب ئوقۇۋاتقاندا بىلىملىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا، شەيئىلەرنىڭ تەسۋىرلىنىش ئۇسۇلىغا، ھەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان
مۇھىم ئىدىيە ۋە يەكۈنلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. بىر خەۋەر ئوقۇسىمۇ، ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن "خەۋەرنىڭ تۈزۈلۈشى قان
داق بولىدىغاندۇ؟" دېگەن سوئالنى ئۆز-ئۆزىدىن سوراپ، خەۋەرنى كۆزىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈپ، پەقەتلا ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىنى
بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كۆرەتتى. ئەگەر كىتابتا بىر يېڭى ئىدىيە ياكى چۈشەنچە بولسا، كىتابنىڭ ئاشۇ يېرىنى بىر قانچە قېتىم تەكرار ئوقۇ
پ، ئۇنى ئېسىدە قالدۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھەمدە ھەر قېتىم كىتابنىڭ بىر باپ ياكى بىر چوڭ مەزمۇنىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆز-ئۆ
زىدىن "بۇ قىسىمدا مەن ئۈچۈن يېڭىلىق بولغان ۋە مۇھىم بولغان نېمە ئۇقۇم بار ئىكەن؟ مەن ئۇنىڭدىن نېمىنى ئېسىمدە قالدۇرۇۋېلى
شىم كېرەك ئىكەن؟" دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ باقاتتى. شۇڭلاشقا كىتابلار ئىنتايىن چەكلىك بولغان، دەرسلىكلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ ئى
نتايىن تار دائىرە ئىچىدە بولغان ئاشۇ مەزگىللەردە، مەكتەپتە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن ۋە سىياسىي ئۆگىنىش پائالىيىتى قىلىپ ئېلى
پ بېرىلگەن ماۋ زېدۇڭنىڭ 3 توم ئەسەرلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەر-شېئىرلىرىنى ئوقۇش پائالىيىتى ئەركىن سىدىقنىڭ ئوتتۇرا م
ەكتەپ ھاياتىدىكى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئاشۇ كىتاب ئوقۇشلارغا ئەركىن سىدىق ي
ۇقىرىقىدەك ھەممە جەھەتتىن، ئىمكانىيىتى بار بولغان ھەممە بىلىملەرنى ئىگىلىۋېلىش پوزىتسىيىسى تۇتقانلىقى ئۈچۈن، شۇ چاغدا ئىگە
لىگەن بىلىم ئەركىن سىدىققا تاكى ھازىرغىچە ئەسقېتىپ كەلمەكتە. يەنى، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۇ بىلىم تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت: بى
ر مۇرەككەپ شەيئىگە دۇچ كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىشكە تىرىشىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىۋ
الغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئاددىيلاشتۇرۇپ ئەستە قالدۇرۇش، ھەمدە ئۇ توغرىسىدا بىر نەرسە يازغاندىمۇ ئۇنى ئە
ڭ ئاددىي تىلدا تەسۋىرلەپ چۈشەندۈرۈش. بۇ خىل ئەھۋالنى ئەركىن سىدىقنىڭ بىلىۋال تور بېتىدە ئۆتكۈزگەن سۆھبەتلىرىدىمۇ كۆرۈۋېلى
ش مۇمكىن. بۇنداق ئىقتىدارنى ئەركىن سىدىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدىلا يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇنى ئۆز كەسپىدىكى ئىلمىي تەتقى
قات ماقالىلىرى ئۈچۈنمۇ ئىزچىل تۈردە ئىشلىتىپ، ئۆز خىزمەتداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. دېمەك، بىر ئادەم ئۇ
چۈن يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇشنىڭ ھېچ قانداق قىممىتى يوق. مۇھىمى بار نەرسىلەردىن قانداق قىلىپ تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك پاي
دىلىنىشتۇر. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خەنزۇلارنىڭ داڭلىق تارىخىي يازغۇچىسى لۇ شۈن نىڭ فېلىيەتونلىرى ئۇيغۇرچىغا ت
ەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندا، ئەركىن سىدىق ئۇلارنىمۇ تولۇق ئوقۇپ تۈردى. ئۇ لۇ شۈنگە ئوخشاش، ئۇيغۇر مەسىلىلىرى

تۇغرىسىدا فىلىيەتون يېزىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ سىرتىدىكى ئەمگەككە كۆپ قاتنىشىپ، ئۆيدە ۋە م
ەكتەپتە كۆپ تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. لېكىن، ئەركىن سىدىق شېئىرىيەت ئىشلىرىغا خېلى قىزىققان
بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە، شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرنى مەزمۇن قىلغان شېئىرلىر
ى ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئىدى.

1974-يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ماۋ زېدۇڭنىڭ چاقىرىقىغا بىنائەن "سانائەتتە داچىڭدىن، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن، پۈتۈن
مەملىكەت خەلقى ئازادلىق ئارمىيىدىن ئۆگىنىش" دولقۇنى باشلاندى. شۇ دولقۇننىڭ تەسىرى بىلەن مەكتەپلەردىمۇ سانائەتلىشىش ۋ
ە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنى قوزغىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر يىل ئىچىدە 3 ئايدىن 6 ئايغىچە دېھقانچىلى
ق بىلەن شۇغۇللىنىشى بەلگىلەندى. ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدىكىلەر ھەر يىلى يازنىڭ ئورما مەزگىلىدە ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىك
ى يېزىلارغا ئورما ئورغىلى (يەنى ئورغاق بىلەن بۇغداي ئورۇغىلى) باراتتى. بەزىدە بىر-ئىككى ھەپتە ئاشۇ يېزىدا ئۇخلاپ-قوپۇپ ئىش
لىدى. ئورما ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇغداي بېشى تېرىش ئىشلىرىنىمۇ قىلدى. قىش كۈنلىرى بولسا بۇغدايلىقتا قىغ ۋە توپا توشۇش
، ھەمدە ئۆلارنى كەتمەن بىلەن يېيىتىش ئىشلىرىنى قىلدى. بۇرۇنقىدەكلا ھەر يىلى قىشتا ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئوغۇت تاپشۇرۇش ۋەزىپى
سىنى ئورۇنلاپ تۇرمىسا بولمايتتى. 1975-يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرىدىكى 2 تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى 3 كەسپىي سىنىپقا، يەنى
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىنىپى، ۋە قىزىل يالاڭ ئاياق دوختۇر سىنىپىغا بۆلۈندى. ئەركىن سىدىق بۆلۈنگەن يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىنىپىدا 24 ئوغۇل ئوقۇغۇچىلا بار بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا سىنىپ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. دوختۇرلۇق سى
نىپىنىڭ ھەممىسى قىز ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، پەقەت يېزا ئىگىلىكى سىنىپىدىلا قىز ئوقۇغۇچىلارمۇ، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. مۇشۇندا
ق 3 سىنىپقا بۆلۈنۈپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا، يېزا ماشىنىلىرى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاقسۇ شەھەرلىك تراكتور پونكىتىدا بىر مەۋسۇم ئىشچى
بولۇپ ئىشلىدى. بۇ ھەم ھەر خىل دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تراكتورلارنى رېمونت قىلىدىغان، ھەم مېتالدىن ياسالغان ھەر خىل يې
زا ئىگىلىك سايمانلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇت بولۇپ، ئەركىن سىدىق دەسلەپتە تراكتور رېمونت قىلىدىغان يەردە 2-3 ئاي
ئىشلىدى. شۇ جەرياندا ئۇ رېمونت قىلىنىپ بولغان 28-نومۇرلۇق تراكتورنى زاۋۇتنىڭ ئىچىدە ھەيدەپ يۈرۈپ، تراكتور ھەيدەشنى ئۆ
گىنىۋالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كالا ياكى ئاتقا سۆرىتىپ، يەر ھەيدەيدىغان (يەنى يەرنى ئاغدۇرىدىغان) قوش-سوقا ئىشلەپ چىقىر
ىدىغان سېختىمۇ بىر قانچە ئاي ئىشلەپ، ئۇ يەردە بارلىق ئىستانوكلارنى ئۆزى مۇستەقىل ئىشلىتەلەيدىغان ھالەتكە يەتتى. 1975-
76-يىللىرىغا كەلگەندە، ئەركىن سىدىق بىلەن ئوخشاش قاراردىكى سىنىپلارنىڭ ھەممىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرىنىڭ يېزا ئىگى
لىك مەيدانىغا بېرىپ، شۇ يەردە يېتىپ-قوپۇپ، 5-6 ئاي ئىشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرى لاي ئېتىپ، كېسەك قويۇپ، كېسەكلەر قۇرىغاندا
ئۇنىڭدىن ئۆي سالدى. قوناق تېرىدى. يېمىش كۆچەتلىرىنى تىكىپ، باغ ياسىدى. شۇ چاغدا ئەركىن سىدىق بىر قانچە ھەپتە 28-نومۇ
رلۇق تراكتورنى ئۆزى يالغۇز ھەيدەپ، يەر ئاغدۇرۇپ، قوناق تېرىيدىغان يەرگە ئىشلىگىنى ئۇنىڭ ئېسىدە ھازىرمۇ بار. شۇ قېتىم بارل

Unregistered

ىق ئوقۇغۇچىلار يەر تۈزلەش، چالما ئېرىش، ئېرىق كولاش، قونۇر سېلىش، قوناق تېرىش، قوناقتا توپا يۆلەش ۋە ئۇنىڭغا پەرۋىش قىلى
ش قاتارلىق قوناق تېرىش جەريانىنى باشتىن-ئاخىر ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئىدى. مەكتەپ مەيدانىدا يېتىپ-قوپۇپ ئىشلەپ يۈرگە
ن ئاشۇ مەزگىللەردە، ئەركىن سىدىق سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرى ئېلىپ بارغان بىر دۇتارنى كەچقۇرۇنلىرى ئانچە-مۇنچە چېلىپ يۈرۈپ،
دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى (ئەركىن سىدىق ئالىي مەكتەپكە ماڭغۇچە، ئۇنىڭ ئائىلىسى بىر دۇتار ئېلىشقا تېخى چىقىنالمىغان ئىدى).

مەكتەپ مەيدانىدا ئىشلەۋاتقان مەزگىللەردە، ئۇ ۋاقىتتىكى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ماۋ زېدۇڭنىڭ "خۇنەن يېزىلىرىنى ت
ەكشۈرۈشتىن دوكلات" دېگەن ئەسىرىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، مەكتەپ ئەڭ يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلاردىن 5 كى
شىنى يىغىپ، بىر "جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى" نى قۇردى. ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا باشلىق بولدى. ئۇلار ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئە
تراپىدىكى يېزىلارغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ 4-5 يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسىرىنىڭ روھى بويىچە ئېي
تقاندا، ئەسلىدە ھەر بىر ئەترەتكە كەمبەغەل دېھقانلار ئەترەت باشلىقى بولغاندا ئىشلەپچىقىرىش ئېشىشى، باي دېھقان ياكى پومېشچى
كلار ئەترەت باشلىقى بولغاندا، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى چۈشۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەركىن سىدىقنىڭ گۇرۇپپىسى تەكشۈ
رگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ بىلەن، يېزىلارنى تەكشۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەركىن
سىدىق مەكتەپكە بىر دوكلات يېزىپ، ئىگىلىگەن ئەھۋال ئاساسىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىدىغان بىر دوكلات يېزىش مۇ
مكىن ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەكتەپمۇ بۇ ئىشقا قايىل بولۇپ، رەسمىي دوكلات تەييارلاشتىن ۋاز كەچتى.

تولۇقسىزنىڭ 2- ياكى 3-يىللىقلىرىدا ئوقۇۋاتقان بىر يازكۈنى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قېتىملىق ئۆتمۈشنى ئەسلەش
پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى. پائالىيەتنىڭ ئورنى ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسىدە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەرگە 2 ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ،
ۋېلسىپىت بىلەن باردى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن يېرىم كۈن ئۆتمۈشنى ئەسلەش كۆرگەزمىسىنى كۆزدىن
كەچۈردى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاندا، ھەممەيلەن بىر چوڭ داش قازاندا سۇلتىلۇك ئوتتى (يەنى پەقەت ھايۋانلا يەيدىغان بىر ياۋا
ئوتنى) قايىنتىپ، ئۇنىڭغا بۇغداي ئۇنىدىن تاسقاپ ئايرىۋالغان كېپەكنى چېلىپ ياسالغان ئۇماچنى ئىچىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەز
ى قىز ئوقۇغۇچىلار ئۇ ئاشنى ئىچكىلى ئۇنىمىسا، مەكتەپتىن كەلگەن باشلىقلار ئۇلارنى ھېلىقى ئاشنى ئىچىشكە قاتتىق مەجبۇرلىدى. بە
زىلەر ئۇ ئاشنى ئىچكەندىن كېيىن ھۆ بولۇپ قۇسۇۋەتتى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئېچىندى —— ئۇنىڭ بىلىشىچە، 1949-يە
لىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر دىيارىدا ياۋا ئوت بىلەن كېپەكنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى تاماق قىلىپ يېگەن ئىش ھەرگىزمۇ بولۇپ باقمىغان ئىد
ى.

UnRegistered

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئەركىن سىدىق سىنىپ ئۆگىنىش باشلىقى، سىنىپ باشلىقى، مەكتەپ جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش گ
ۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەندىن باشقا، يەنە مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى، مەكتەپ خەل
ق ئەسكىرى ليەن (مىن بىلىك ليەن) سىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋە مەكتەپ ئۇيغۇر شۆبىسىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئەزاسى قاتارلىق ۋ
ەزىپىلەرنىمۇ ئۆتەپ باققان (ئۇ چاغدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇيغۇر شۆبىسى بىلەن خەنزۇ شۆبىسى بولۇپ 2 شۆبىگە ئا
يرىلغان ئىدى). بىر مەزگىل پۈتۈن مەملىكەت بويىچە "ھەممە ئىشتا پارتىيە رەھبەرلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش" دولقۇنى قوزغىلىپ، ئاش
ۇ ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىر مەخسۇس يىغىن ئاچتى. بۇ يىغىندا، ئوقۇتقۇچىلار دەرس سۆزلىگەن
دە، ھەر بىر جۈملىنىڭ بېشىغا چوقۇم "پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە،" دېگەن سۆزنى قوشۇپ سۆزلەش قارار قىلىندى. ئۇنىڭغا بىر مىسال قىلى
پ، يىغىن باشقۇرغۇچىسى: "مەسىلەن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يەرگە ئوبدان پەرۋىش قىلىپ بۇغداي تېرىساق، ئۇنىڭدىن ناھايىتى
ساغلام بۇغداي ئۆسۈپ چىقىدۇ، دېيىشىمىز كېرەك" دېدى. شۇ چاغدا ئەركىن سىدىقنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان بىر ئوقۇتقۇچى چاقچاق قىلى
پ، "ئەگەر پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، يەرگە بۇغداي تېرىسا، ئۇنىڭدىن چوقۇم قوناق ئۆسۈپ چىقىشى مۇمكىن"، دېدى. شۇنىڭ
لا بىلەن يىغىندىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا، مەكتەپ خەلق ئەسكىرى ليەنى بىر ئالاھىدە ۋەزىپە
سۈپىتىدە، ۋاقىت يېرىم كېچە 11 دىن ئاشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە بۆلۈنگەن رايون ياكى ئىدارىگە بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆيىنى بىر-
بىرلەپ ئاقتۇردى. ھەر بىر كىشىنىڭ قولىدا بىردىن ئوقى يوق مىلتىق بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى شەھەرگە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن يېز
ىدىن رۇخسەتسىز كېلىپ قالغان دېھقانلارنى تۇتۇش ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇنداق كىشىلەر "قارا نوپۇسلار" دەپ ئاتالغان ئىدى. بارلىق ئا
دەملەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرى قاتتىق كونترول قىلىنغان بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ بىر جايدىن يەنە بىر جايغا بېرى
شى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ تەلىيىگە يارىشا، ئۇلار كېچىسى ۋەزىپە ئۆتەشكە چىققان ئاشۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ قولىغ
ا بىرەرمۇ "قارا نوپۇسلار" چۈشۈپ قالمىدى.

ئەركىن سىدىق ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدىمۇ ئائىلىسىگە ياردەملىشىپ، ھەر خىل ئىشلارنى قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ياز كۈنلىرى يامغۇ
ر يېغىپ، ھويلا تاملىرىنى ئۆرۈۋەتكەندە، ئاكىسى بىلەن ئىككىسى تامچىلىق قىلىپ، ئۇنى قايتىدىن قوپۇردى. كۈزدە كۆمۈردە كېسەك
قۇيدى ۋە گەمە كولىدى. سەي ئېلىپ گەمىگە سالدى. سوۋېتنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش مەقسىتىدە ھەممە ئائىلىلەرگە ئۆز جان
سانىغا قاراپ خۇسۇسىي ئاكوپ كولاش ئىشلىرى قانات يايغاندا، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ياردەملىشىپ ئاكوپ كولىدى. )بۇ دەۋرنىڭ يا
لدامىسى سۈپىتىدە شۇ مەزگىللەردە كولانغان ھاۋا مۇداپىئە ئاكوپلىرى ئاقسۇ شەھىرى بىلەن كونا شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ياردائىلىقتا ھ
ېلىھەم ساقلىنىپ تۇرماقتا ـــــ مۇھەررىردىن( ئىدارىسىدە دەرەخ ئۆرىگەندە، ئوتۇن قىلىپ قالاش ئۈچۈن ئۇنىڭ يىلتىزلىرىنى كولىد
ى. ئاپىسىغا ياردەملىشىپ بىر مەزگىل گىلەممۇ توقۇدى. ھەمدە ئاپىسى پىچىپ تەييار قىلىپ قويغان رەختلەردىن ئىچ كىيىملەرنى كىيە
م تىكىش ماشىنىسىدا ئۆزى تىكىپ كىيدى. ئەركىن سىدىق دەسلەپتە ئىدارىسىنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىدىكى تاشلىۋېتىلگەن، چېقىلىپ كە
تكەن ھېجىر چىنىلەرنىڭ دۈگىلەك ئاستىنى چىرايلىق ياساپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىنى مىخ بىلەن تېشىپ، ئۇنىڭدىن ئىككىسىنى بىر ياغاچ

UnRegistered

ئوقۇتقا ئۆتكۈزۈپ، غالتەك ياساپ، ئۇنى ھەرخىل نەرسىلەرنى توشۇشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىنى-سىڭىللىرىنى بېسىپ سۆرەپ يۈرۈپ بىقىشقا ئىش
لەتكەن ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە ئاكىسى بىلەن ئىككىسىنىڭ تېخنىكىسى بىر دەرىجە ئۆستى. ئۇلار بازاردىن شارىكلىق چاق
سېتىۋېلىپ، تۆمۈرچىلىك ۋە ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىپ، خېلى يۇقىرى سۈپەتلىك غالتەك ياسايدىغان بولدى. ئەركىن سىدى
ق مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان ئوغۇتنى مانا مۇشۇنداق غالتەكتە ئاپىرىدىغان بولدى. تولۇقسىزنىڭ 2-يىللىقىدىن باشلاپ، ھەر يىلى يا
زلىق تەتىلدە ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن بىرگە قۇرۇلۇشتا ئىشچى بولۇپ ئىشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر بۇنداق قۇرۇلۇش ئىشچىلى
رىنى "شياۋگۇڭ" دەپ ئاتاپ، تامچى ئۇستاملارنى بولسا "داگۇڭ" دەپ ئاتىغان ئىدى. ئۇ بەزىدە قاتتىق ۋە تاشلىق يەرنىڭ ئۇستىدە
كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلىقى بىر مېتىر كېلىدىغان تام ئۇلى ئۆڭكۈرىنى قازدى. بەزىدە توپا ياكى سېمونت لاي ئەتتى. بەزىد
ە ئەپكەش بىلەن بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە لاي توشىدى. بەزىدە يەردىن ئۆگزىگە لاي ياكى خىش چىقاردى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئېتى
لىدىغان لايغا ھاك ئىلەشتۈرىلىدىغان بولۇپ، پۇتنى قوغداش ئۈچۈن لاي ئېتىدىغانلار پۇتىغا رېزىنكە ئۆتۈك كىيۋالاتتى. شۇنداق بول
سىمۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا پۇتنىڭ ئىچىگە لاي كىرىپ كېتىپ، لايدىكى ھاك پۇتنى يېرىپ قانىتىۋېتەتتى. ھاك سىڭىنمىغان لايىنى بولسا تە
زدىن ئاشقىچە چوڭقۇرلۇقتىكى لايغا كېچىپ يۈرۈپ ئېتىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ چاغلاردىمۇ ئاشلىق ئىنتايىن قىس بولۇپ، ئەركىن سىدى
ق ئەتىگەنلىك تاماق ئۈچۈن ئۇماچ ئىچىپ، چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بىر دانە قوناق نېنىنى يەپ ئىشلەيتتى. ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن يا
زلىق تەتىلنىڭ كۆپىنچىسىنى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزەتتى. بىر كۈندە 8 سائەت ئىشلەپ، ھەر بىرسى ئاران 80 پۇڭ پۇل تاپاتتى. ئۇلار
مۇشۇ ئارقىلىق تاپقان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى ئىشلىتىپ ئۆزلىرىگە كىيىم-كېچەك ئالدى. قالغان بىر قىسمىدا بولسا رادىئو زاپچاسلىرى ئېلى
پ، مەكتەپ باشلانغاندىن كېيىنكى كەچلىك ۋە ئاخشاملىق ۋاقىتلاردا رادىئو قۇراشتۇرۇپ ئوينىدى. شۇ چاغدا بىر دانە ترانزىستور (ئۇ
چ قۇتۇپلۇق لامپا) نىڭ باھاسى بىر سوم ئىدى. يۈز سوپۇنى قۇتىسىنىڭ ئىچىگە پەقەت بىرلا باتارېيىدە ماڭىدىغان، پەقەت بىرلا كۈچەي
تكۈچىسى بار، ھەممە پەقەت قۇلاق كانىيى ئارقىلىقلا سۆزلەيدىغان رادىئودىن ھەر بىرسى بىردىن ياسىۋالدى. بۇ ئىشلارغا ئۇستا بولغان
دىن كېيىن، ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ رادىئوسىنى رېمونت قىلىپ بېرىپ، بىر ئاز پۇل تاپتى. ئۇ چاغدا ئ
ېلېكتىر ۋە رادىئو ساھەسىدە ھېچ قانداق ئۇيغۇرچە كىتاب بولمىغاچقا، ئەركىن سىدىق ئاكىسى بىلەن تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ، خە
نزۇچە رادىئوغا ئائىت كىتابلاردىكى ئېلېكتىر توك يولى رەسىملىرىنى كۆرەلەيدىغان، رادىئو زاپچاسلىرىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچلىر
ىنى چۈشىنەلەيدىغان بولدى. ھەممە ئۆگەنگەنلىرى ئۆز بىلىمىنىڭ ئازلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى، ئۇلار شۇ چاغدىن باشلاپلا باشقا تىل
لارنىڭ ۋە بىلىمنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشىنىشكە باشلىغان ئىدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ ئاتا-ئانىسى ئارالدىكى تۇغقانلىرى توي-تۆكۈن قىلغاندا، داۋاملىق مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئەركىن سىدىق ئاكا-ئۇ
كا ئىككىيلەننى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرى ئارالغا 3-4 كۈنلۈك بېرىپ كېلەتتى. شۇڭا ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن ناھايىتى
كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ناھايىتى مەسئۇلىيەتچان بولۇپ ئادەتلەندى. ھەممە ھەرخىل تاماقلارنى ئېتىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ئەركىن سى

UnRegistered

دىقىنىڭ ئاپىسى بىر مەزگىل ئاقسۇ گىلەم زاۋۇتىدا گىلەم توقۇش ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىدى. شۇ مەزگىلدە ئەركىن سىدىقنىڭ ئائىلىسىدە
كىلەر كەچلىك تامىقى ئۈچۈن ئاساسەن سۇيۇقئاش ئېتىدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپ، سۇيۇقئاشنىڭ سۈيە
نى قاينىتىپ، ئۇنىڭغا پىياز-چامغۇرلارنى توغراپ سېلىپ، خېمىر يۇغۇرۇپ، ئۇنى يېيىپ بولغاندىن كېيىن، ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، گى
لەم زاۋۇتىغا بېرىپ، ئاپىسىنى ۋېلسىپىت بىلەن ئەكىلەتتى. لەغمەن خېمىرىنى يۇغۇرۇش، پىلتە قىلىش ۋە ئېشىشكىمۇ شۇ چاغدىن باش
لاپلا ئۇستا بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئىقتىدار ئەركىن سىدىقتا بىر ئۆمۈر ئەسقېتىپ كەلمەكتە. ئۇ يېزىغا قايتا تەربىيىگە بارغان، شائىخە
يگە بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان، ۋە ياپونىيىگە ئوقۇشقا بارغان ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ۋەتەنداشلىرىغا لەغمەن ئېتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ
ھازىرمۇ ئۆيىدىكى لەغمەن خېمىرىنى ئاساسەن ئۆزى يۇغۇرىدۇ. ئەركىن سىدىق كىچىكىدىنلا ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئىنتايىن كۆ
يۈنىدىغان بولۇپ، يۇقۇرىقىدەك ئىشلارنى ھەرگىز ئاتا-ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىسىغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارغ
ا بىر ئاز بولسىمۇ ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن قىلغان ئىدى.

تۇرمۇشنى ئىنتايىن سۆيىدىغان ئەركىن سىدىق تولۇقسىزنىڭ 3-يىللىقىدىن باشلاپلا مۇھەببەت ۋە كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش توغرىسىدا ئ
ىزدىنىشكە باشلىدى. ئۇ چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىز-ئوغۇللارنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىشى بىر خىل جىنايەتتەك قا
رىلاتتى. مۇھەببەت توغرىسىدىكى ھەر قانداق نەرسە بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىلىرى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي نەرسىلەر، دەپ قارىلاتتى. شۇڭا ئ
وقۇغۇچىلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىشى ئاساسەن يوق ئىش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خاتىرە دەپتەرگە يې
زىلغان مۇھەببەت خەتلىرىنى ئوقۇش، ۋە ئۇنى كۆچۈرۈۋېلىش ئىشلىرى بولۇپ تۇردى. ئەركىن سىدىقمۇ بىر ۋاقىتلاردا ئاشۇنداق خاتىر
ىلەرنى بىر خاتىرە دەپتىرىگە كۆچۈردى. ھەمدە سىنىپىدىكى رەسىم سىزىشقا ئۇستا بىر ساۋاقدىشىغا دەپ، ئۇ خاتىرە دەپتىرىگە بىر جۈ
پ قۇشنىڭ دەرەخ شېخىدا بىر-بىرىگە قاراپ سايرىشىپ تۇرغان رەسىمىدىن بىرنى سىزدۇردى. شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە بىر مۇھەببەت خاتىر
ىسى تەييارلىدى. ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشقا، ھەمدە ھەممە ئىشنى يۈكسەك دەرىجىلىك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قىلىش
قا ئادەتلەنگەن، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرىنىڭ پۈتۈنلەي قاپ-قاراڭغۇ بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن ئەركىن سىدىق،
بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرىنى پەقەت ئىمكان بولسا كەلگۈسىدە قانداق ياشاش، قانداق بىر ئائىلە قۇرۇش توغرىسىدا ئويلىنىش، ئەتراپىد
ىكىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھاياتى ئۈچۈن قانداق بىر جۈرىنى ئىستەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىش
بىلەنلا چەكلىگەن بولۇپ، ھەممە ئىشتا سىنىپىدىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئىناق ئۆتۈشكە تىرىشتى. ق
ىز ساۋاقداشلىرى ئارىسىغا زىددىيەت چۈشۈپ، ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ قالغان ۋاقىتلاردا، ئۇلارنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويۇشقا قۇدرىتىنى
ڭ يېتىشىچە كۈچ چىقاردى.

ئاشۇ مەزگىللەردە ئەركىن سىدىق يازلىق تەتىلنىڭ بىر قىسمى بىلەن قىشلىق تەتىلنى ئاساسەن داۋاملىق تۈردە ئارالدا ئۆتكۈزدى. كۈن
دۈزى تۇغقانلىرىنىڭ ئورنىغا ئىشقا چىقتى. ئاخشىمى تۇغقانلىرى بىلەن بىر ئۆيگە يىغىلىپ، قىش كۈنلىرى كالا ئوچىقىنىڭ ئالدىغا 7-

UnRegistered

8 ئادەم قىستىلىپ ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئوت ئىسسىنغاچ بىرسىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلايتتى. ئابدۇشۈكۈر تاغىسى ھېكايە ئېيتىشتا داڭ
لىق بولۇپ، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى مانا مۇشۇنداق كۆپ ئاڭلاپ يۈرۈپ، ئەركىن سىدىقمۇ خېلى يېتىشىپ قالغان ئىدى. "مىلك بىر كېچە"
نىڭ ھېكايىسىنى ئاساسەن يادقا بىلەتتى. شۇڭا ئوقۇش داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردە، چۈشتە ئۈيىگە قايتمايدىغان ساۋاقداشلىرىغا داۋام
لىق ھېكايە ئېيتىپ بېرىپ يۈرگەن ئىدى. شۇ دەۋردىكى بىر قانچە يىل ئىچىدە ھەممە يېزىلاردا "يېزا ئىگىلىكىنى گۈيخۇۋالاشتۇرۇش"
ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئارالدىكى دېھقانلار نەچچە 10، نەچچە 100 يىللاردىن بەرى تەبىئىي ئورمانلىق ياكى باغ قىلىپ ساقلاپ
كەلگەن دەرەخلەرنى كېسىپ، چوڭ كۆلەملىك ئېتىز بەرپا قىلىشقا مەجبۇرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى دېھقانلار دەسلەپدە ئوت
ۇنغا ئىنتايىن باي بولۇپ كەتتى. لېكىن ئارىدىن 2-3 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كەسكەن دەرەخلىرىنى پۈتۈنلەي قالاپ تۈگىتىپ، يېڭ
ى دەرەخلەر تېخى چوڭ بولماي، ئارالدا بىراقلا ئوتۇن قىس بولۇپ كەتتى. بىر ۋاق تاماق ئېتىپ يېيىش ئۈچۈن كىشىلەر يىراق-يىراقلارد
ىكى جاڭگاللىغا بېرىپ، يانتاق، يۇلغۇن قاتارلىق ئوت-چاۋارلارنى كېسىپ كېلىپ ئاش ئېتىشكە ئىشلەتتى. كېيىن ئۇلارمۇ تۈگەپ كېتە
پ، ئىلاجىسىز جاڭگاللىدىكى كالا ۋە باشقا ئات-ئۇلاغلارنى باقىدىغان يەرلەرگە بېرىپ، قۇرۇپ قالغان كالا تېزىكىنى يىغىپ كېلىپ، ئ
ۇنى كۆيدۈرۈپ ئاش ئېتىدىغان بولدى. ئارالنىڭ جەنۇبىي كەنتىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ قېشىدا تۇرغاندا، ئەركىن سىدىقمۇ ئاشۇنداق قۇر
ۇق تېزەك تېرىشكە كۆپ قېتىم چىققان ئىدى.

70-يىللارنىڭ باشلىرى "سولچىل" سىياسەتنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچىيىپ، ئارالدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق كۈنلە
رگە قالدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىدىن ئۆيىدىكى جان سانىغا قاراپ، بىر جانغا بىردىن چوشقا بېقىشنى مەجبۇرى
ۋەزىپە قىلدى. يەنى، ئەگەر بىر دېھقاننىڭ ئائىلىسىدە 5 جان كىشى بولسا، ئۇ دېھقان چوقۇم 5 دانە چوشقا بېقىش شەرت قىلىندى. ئۇ
چاغدىكى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدە، دېھقانلارغا بۆلگۈن يەيدىغان ئاشلىقنى خۇ كۆزلىگە ئەتىگەندە تارقىتىپ بېرىدىغان بولۇپ قالغان ب
ولۇپ، ھەممە يەردە ئاشلىق كىرىزىسى بولۇپ كەتتى.شۇڭا دېھقانلار ئارىسىدا چوشقىغا بېرىلگەن قوناقنى ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىۋالىد
غان ئەھۋالمۇ كوپ كۆرۈلدى. بۇنىڭدىنمۇ ۋەھشىي بولغىنى، بىر قىسىم مەسچىتلەر چوشقا قوتىنىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلدى. ئۇيغۇر دېھقانلىر
ى چوشقىلارنى ئوبدان ئىدارە قىلالماي، قوتانلىرىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن چوشقىلار يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغ
ان ئىشلارمۇ ھەممە يەردە كۆرۈلدى. ئۇ چاغدا ئاقسۇدا خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئاز بولغاچقا، ئۇلار بېقىلغان چوشقىلارنى زادىلا يەپ تۈگە
تەلمىگەن ئىدى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى بولسا يىللاپ-يىللاپ بىرەر قېتىم قوي گۆشى يېيەلمىگەن ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. شۇ چاغدى
كى قىش پەسلىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى ئەركىن سىدىق ئاقسۇ شەھىرى ئىچىدە، قۇچىقىدا بىر بوۋاق بالىسى بار بىر ئۇيغۇر دېھقان ئايالن
ىڭ بىر پىگىلو ھارۋىسىغا 10 نەچچە چوشقىنى بېسىپ ساتقىلى ئەكىلىپ، بىر كۈن بازاردا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ بىرنىمۇ ساتالماي، كۈن كە
چ بولغاندا ھۆكۈرەپ يىغلاپ تۇرۇپ، ھارۋىدىكى چوشقىلارنىڭ ھەممىسىنى شەھەر ئىچىدىكى كوچىغىلا قويۇپ بېرىپ، يېزىسىغا قايتى
پ كېتىپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرىدە ئەركىن سىدىق بىر ھەپتىگىچە ئاخشاملىق ئۇيقۇنى ياخشى ئۇخ

لىيالمىدى. بۇلار ئەركىن سىدىق ھازىرغىچە كۆرگەن ئەڭ ۋەھشىي مىللىي خورلۇقنىڭ بىرسى بولۇپ، بۇ ۋەقە ئۇنىڭ ئېسىدە ھازىرمۇ خۇددى تۈنۈگۈنلا بولغان ئىشتەك ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇ چاغلاردا ئوتتۇرا مەكتەپ جەمى 5 يىل بولسىمۇ، 1976-يىلىغا كەلگەندە يىللىق ئوقۇش تاماملىنىدىغان ۋاقىت ئەسلىدىكى 1-ئايدىن 7-ئايغا ئۆزگەردى. شۇڭا، ئەركىن سىدىقنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرىدىكى ئوقۇشى 1976-يىلى 7-ئايدا تاماملىنىپ، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە 5 يىل ئەمەس، 5 يېرىم يىل ئوقۇشقا مەجبۇرى بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئارتۇق ئوقۇغان يېرىم يىلنى قوشقاندا، ئەركىن سىدىقنىڭ ئوقۇشى جەمى بىر يىل ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولدى.



UnRegistered

ئەركىن سىدىق تولۇق ئوتتۇرىدىكى ساۋاقدىشى ۋە دوستى دىلشات بىلەن بىرگە. بۇ رەسىم 1975-76-يىللىرى تارتىلغان.



UnRegistered

ئەركىن سىدىق ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق مۇدىرى رەھمان ۋايىت ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى بىر قىسىم ساۋاقداشلىر
ى بىلەن بىرگە. بۇ ساۋاقداشلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى رەسمى بولۇپ، 2006-يىلى 2-سېنتەبە
ركۈنى ئەركىن سىدىق يۇرتىنى يوقلاپ بارغاندا تارتىلغان.



UnRegistered

ئەركىن سىدىقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇستازلىرى ۋە ھازىرقى دوستلىرى. ئوڭدىن سولغا قاراپ خۇدۇيۇمبەردى، مەمەت سىدىق (ئەركە
ن سىدىقنىڭ سابىق سىنىپ مۇدىرى)، ئەركىن سىدىق، ئەھەت ئامان (سابىق مەكتەپ مۇدىرى)، رەھمان ۋايىت (سابىق مەكتەپ مۇد
ىرى)، تۇرسۇنجان ھېزىم، ۋە ئابدۇۋەلى تۆمۈر. 2006-يىلى 1-سېنتەبىر كۈنى تارتىلغان.



ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ ئۇستازلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا. ئارقىدىكى
ئەسكى تام ئەركىن سىدىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتىدا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرى كېسەك قۇيۇپ، ئۆزلىرى
سالغان ئۆينىڭ بىر قىسمى. 2006-يىلى 1-سېنتەبىر كۈنى تارتىلغان.

## 5. يېزىدىكى قايتا تەربىيە

ئەركىن سىدىق 1976-يىلى 7-ئايدا ئاقسۇ 1-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، بىر ئايدەك يازلىق تەتىل قىلغاندىن كېيىن، مەكتەپ 8-ئاينىڭ 7-كۈنى شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپكە يىغدى. شۇ كۈنى بىر مەيدان داغدۇغىلىق سەپەرۋەرلىك يىغىنىدىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار قارا ماشىنا ۋە تراكتور كوزۇپلىرىدا ئولتۇرۇپ، ئاقسۇ شەھىرىگە يېقىن رايونلاردىكى ئالدىن تەقسىم قىلىنىپ قويۇلغان يېزىلارغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا ماڭدى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىچىدە، ئائىلىسىدە ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، يېزىغا بارماسلىققا يول قويۇلغان ۋە ئارقا ئىشىك ئاللايدىغان بىر قانچە ساۋاقداشلىرىدىن باشقا ھەممە ياشلار تەرەپ-تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى نۇرغۇن يول مېڭىپ، "ئۆيگە يېقىن" دەپ، ئۇنىڭغا كونىشەھەر شال ئۆرۈقچىلىق مەيدانى دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزىنى ھەل قىلىپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىنى، ۋە ئابدۇشۈكۈر تاغىسى سوغا قىلغان بىر كىچىك ئوماق كەتمەننى ئېلىپ، بىر 28-نومۇرلۇق تراكتورنىڭ كوزۇپىدا ئولتۇرۇپ، ئۆز يېزىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئەركىن سىدىقنىڭ ئالدىدىكىسى بىر چەكسىز كەتكەن ئۇزۇن يول ئىدى. ئۇنىڭ ئىستىقبالى بىر قارا ئۆڭكۈرگە ئوخشاش پۈتۈنلەي نۇرسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆمرىنى نېمە ئىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان نەرسىلىرىنىڭ ئىچىدە، يەنە يېزىدا ئوبدان ئىشلەپ، شۇ ئارقىلىق 20 نەچچە سوم ئايلىق بېرىدىغان بىرەر ئىشچىلىق خىزمىتىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت بىر ئارزۇ، پىلان ۋە ئىرادىلا بار ئىدى. ئۇ چاغدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەر بارىدىغان ئىش يوق بولۇپ، بىرەر ئىشچىلىق خىزمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ، يېزىدا كام دېگەندە 2 يىل قايتا تەربىيە ئالمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ چاغدىكى ياشلار يۇقۇرىقىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئۈمىد ياكى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

ئەركىن سىدىق بارغان بۇ يېزا ئاقسۇ شەھىرىگە 10 كىلومېتىر، كونىشەھەر ناھىيە بازىرىغا 4 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يەردە بولۇپ، ئۇ يەرگە ئاقسۇ شەھىرىدىن ئۆزىدىن باشقا پەرىدە ئىسىملىك يەنە بىر قىزلا باردى. ئۇ يېزا شۇ يىلى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان زىيالىيلار قايتا تەربىيە ئېلىش پونكىتى بولۇپ، شۇ يىلى كونىشەھەر ناھىيىسىدە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئاشۇ يەرگە ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئاقسۇ 1-ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ كونىشەھەرگە بارغان باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ بار بولسىمۇ، ئۇلار باشقا يېزىغا بارغان ئىدى.

بۇ يېزىغا ئۇ چاغدا تېخى توك ئۇلانمىغان بولۇپ، ھەممە كىشىلەر ئۆي-ياتاقلىرىنى كىرسىن چىرىغى بىلەن يورۇتاتتى. ئۇ يەرنىڭ ئىشچىلىرى ئىچىدە پەقەت بىر ئائىلە كىشىلا ئۇيغۇر بولۇپ، قالغانلىرى ئىچكىرىنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدىكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەن

UnRegistered

زۇلار ئىدى. بۇ مەيداننىڭ ئاساسلىق ئىشلەپ چىقىرىدىغىنى شال ئۇرۇقى بولۇپ، كوناشەھەر ناھىيىسى ئالىي سۈپەتلىك شال ئۇرۇقى بە
لەن تەمىنلەيتتى. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى نەم ۋە سۈيى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، پاشا ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ياز كۈنلىرى ئادەم داكا رەختتە
ن ياسالغان كىچىك پاشىلىقلارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالمىسا، ئاخشىمى ئۇخلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ياز كۈنلىرى نەچچە ئايدا بىر قېتىم
ناھىيىدىن بۇ مەيدانغا كىنو ئەكىلىپ قويۇپ بەرگەندە، ئادەم پۈتۈن بەدىنىنى بىر نەرسە بىلەن ئوراپ ئولتۇرمىسا، پاشىنىڭ دەردىدە
ن سىرتتا ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت كۆزىنىلا ئوچۇق قويۇپ ئولتۇرسىمۇ، پاشىلار ئادەمنىڭ كۆزىگە ئولۇشۇ
پ كېتەتتى. شۇڭا كىنو كۆرۈش ئەمەلىيەتتە كۆزىگە ئولىشىۋالغان پاشىلارنى قورۇپ ئولتۇرۇش جەريانى بولاتتى. ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ
تۇرىدىغان ئۆيى قۇرما تام بىلەن ياسالغان ئىنتايىن ئاددىي ئۆيلەر ئىدى. گۇرۇچ كۆپ چىقىدىغان بۇنداق يەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى
، ئۇ يەرلەردە چاشقان ئىنتايىن كۆپ بولىدۇ. ئەركىن سىدىق قالغان زىيالىيلار بىلەن شال ئورۇۋاتقاندا، پات-پات ئېتىزلىقنىڭ 10 سانتە
مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر يەرلىرىدىن ئېغىرلىقى بىر كىلو كېلىدىغان، ئىنتايىن پاكىز ۋە ئىنتايىن پۈتۈن ئاقلانغان گۈرۈچلەرنى تېپىۋالا
تتى. بۇ شال ئېتىزلىقىدا جان باقىدىغان چاشقانلار ئۆزلىرىنىڭ قىشلىق يېمەكلىكى ئۈچۈن تەييارلىغان "ئىسكىلاتتىكى ئاشلىقى" ئىدى.
بۇ چاشقانلار ئۇيغۇر زىيالىيلار ياتاقلىرىنىڭ تورۇسى ۋە قۇرما تام ئارىلىقلىرىغىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئۇۋا تۇتىۋالغان بولۇپ، ئاخشىمى ئادە
م ئۇخلىغىلى ياتقان ھامان، پۈتۈن چاشقانلار كېچىلىك پائالىيىتىنى باشلىۋېتەتتى. بەزىلىرى تورۇستىن چالما تاشلايتتى. بەزىلىرى تاما
ق قاچىلىرىنى تاراقلىتاتتى. بەزىلىرى ئۈستىدە ئادەم ياتقان كۆرپىنىڭ ئاستىنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولاتتى.
چاشقاننىڭ تاجاۋۇزچىلىقى مۇشۇنداق ئېغىر بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ كەچلىك تاماقتىن كېيىن تاماق قاچىسىنى يۇيۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئى
دى -- يۇيۇلمىغان قاچىنى شۇ پېتى قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگىنى قارىسا، ئۇ چاشقانلارنىڭ "تازىلىشى" بىلەن پاك-پاكىز بولۇپ كېتەتتى
ى. شۇڭا زىيالىيلار قاچىسىنى تاماق يەپ بولغاندا ئەمەس، تاماق يېيىشتىن بۇرۇن يۇياتتى. ئەركىن سىدىق بىر قانچە قېتىم ئەتىگەنلە
كى ئورنىدىن تۇرغاندا، كۆرپىسىنىڭ ئاستىدىن ئۆلۈك چاشقان تېپىۋالغان ئىدى. بۇلار كېچىسى كۆرپە ئاستىنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر
تەرىپىگە "سەپەر" قىلىپ كېتىۋاتقاندا، كۆرپە ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان كىشى ئۇيقا ئىچىدە ئۆرۈلگەندە ئۇقماي بېسىۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ قوي
غان چاشقانلار ئىدى. بەزى ئوغۇللار شال ئومىسى ۋاقتىدا شال ئېتىزىدىكى چاشقانلاردىن 20-30 نى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى خۇددى تىزد
لىپ بىر يەرگە مېخلاۋاتقاندەك كۆرسىتىپ قاتارى تىزىپ قويغان ئىشلارمۇ بولغان ئىدى.

ئۇ چاغدا سائەت بولمىغاچقا، زىيالىيلار تاڭ ئاتقاندا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشقا بېرىپ، كۈن ئولتۇرغاندا ئىشتىن چۈشەتتى. تاماقنىڭ سۈ
پىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، كىشىلەر ئايلاپ-ئايلاپ گۆش كۆرمەيتتى. لېكىن تاماق ئاساسەن نورمىسىز بولۇپ، قانچىلىك يېسە شۇنچە
لىك بار ئىدى. ئەتىگىنى يەيدىغىنى ھور نان بولۇپ، ئاشخانىدا ئوت قالاپ ئىسسىتىدىغان مەش بولمىغاچقا، قىش كۈنى ھور نانلىرى
پۈتۈنلەي توڭلاپ قالاتتى. بەزىدە ئاشپەزلىك قىلىدىغان زىيالىي شەھەرگە كېتىپ، ئەتىگىنى ناننى ئىسسىتىپ قويىدىغان ئادەم يوق

UnRegistered

بولۇپ قالغاندا، ئەركىن سىدىق ئاشۇنداق توڭلاپ قالغان ھور نىپىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ، سۇ چاشكىسىدىن بىرنى ئېلىپ، ياتىقىنىڭ قې
شىدىكى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ ئىچكەچ، يەنە بىر تەرەپتىن ھېلىقى توڭلاپ قالغان ھور
نىپىنى ئازراق-ئازراقتىن غاجىغان ئەھۋاللار ئۇنىڭ ئېسىدە ھازىرمۇ ئەينەن ساقلاقلىق تۇرماقتا. ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ ئىچكەندە، ئۇنى
ڭ باش تەرىپىدە ئات-كالىلارنىڭ ئۆستەڭگە كىرىۋېلىپ سۇ ئىچىۋاتقىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چاشكىغا ئالغان سۇنىڭ ئىچىدە ئايلىنى
پ يۈرگەن ھەر خىل نەرسىلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، سۇنى ئالغاندىن كېيىن سەل ساقلاپ، ئايلىنىپ يۈرگەن نەرسىلەرنىڭ بىرقى
سمى چاشكىنىڭ ئاستىغا ئولتۇرۇپ، قالغان قىسمى يەنىلا لەيلەپ تۇرسىمۇ، سۇنى ئىچىۋېرەتتى.

ئەركىن سىدىق ھەر شەنبە كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئاقسۇدىكى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، يەكشەنبە كۈنى كەچتە يېزىسىغا يە
نە قايتىپ كېتىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە پەقەت بىرلا ۋېلىسىپىت بولغاچقا، ھەر قېتىم ئۇ ئۆي بىلەن يېزىنىڭ ئارىلىقىدىكى 10 كىلو
مېتىر يولنى پىيادە باستى. يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئۇ چوڭ يولدا ماڭماي، جاڭگاللىق-جاڭگال، ئېتىزلىقمۇ-ئېتىزلىق، ئۆزى يالغۇز يې
ول يۈرەتتى. غەيرەت قىلىپ ئىتتىك ماڭسا، 10 كىلومېتىر يولنى 2 سائەتتە بېسىپ بولاتتى. ئۆيىگە ماڭغاندا خۇشال ۋە كۆتۈرەڭگۈ-رو
ھلۇق ماڭسا، ئەتىسى قايتىپ كېلىدىغاندا ئەمگەكتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، روھىي تۇرمۇشتىن ئەسەرمۇ يوق بۇ جايغا بىرسى بويىنى
ى باغلاپ تارتىپ كېتىۋاتقاندەك، پۇتىنى سۆرەپ، ئىنتايىن تەستە ماڭاتتى. يولمۇ ناھايىتى يىراق تۇيۇلۇپ كېتەتتى. بەزى دەم ئېلى
ش كۈنلىرى ئۆيىگە قايتماي، 4 كىلومېتىر يولنى پىيادە يۈرۈپ كوناشەھەر ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، بەزى سەپداشلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھما
ن بولاتتى. ناھىيە كۇلۇبىدا كىنو قويىغاندا، دوستلىرى بىلەن كىنو كۆرەتتى. يېزىدا بىرگە قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان ئىسكەندەر ئىسىملىك
بىر سەپدىشى بۇرۇن شۇ ناھىيىلىك كىنوخانىدا ئىشلىگەن بولۇپ، ئەركىن سىدىق كىنو كۆرگىلى بارغاندا، ئۇنىڭدىن بىلەت ئالماي كىر
گۈزىۋېتەتتى. قايتا تەربىيە مەزگىلىدە ئەركىن سىدىق تۇرغان يېزىدىكى زىيالىيلارغا ھېچ قانداق ئىش ھەققى بەرمىگەن بولۇپ، قورساق
قا يېگەن تامىقى ئاشۇ زىيالىيلارنىڭ ئىش ھەققى ئىدى. شۇڭا زىيالىيلار ئىنتايىن كەمبەغەل بولۇپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى تاماكا پۇلىس
ىغىمۇ چىقىنالمايتتى. شۇڭلاشقا ئوغۇللاردىن بىرسى موخوركىدىن بىرنى يۆگەپ چەكسە، بىر دەمدىلا باشقىلار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، نۆۋ
ەتلىشىپ ئۇ بىر موخۇركىنى چېكىش ئۈچۈن ئۆچىرەت بولۇپ كېتەتتى. كوناشەھەرنىڭ دۆڭ تۆپىسىگە يېقىن جايىدا بىر سۇيى ئىنتايىن ت
اتلىق بۇلاق بار بولۇپ، ئەركىن سىدىق بەزىدە دوستلىرى بىلەن شۇ بۇلاق ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ
، ھېكايە ئېيتىشىپ ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى. مانا بۇ ئەركىن سىدىقنىڭ يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان مەزگىلىدىكى ئەڭ گۈزەل
ئەسلىمىلىرىدۇر.

1977-يىلى، ئەركىن سىدىق ئەتىياز پەسلىدىكى 4-ئايدىن باشلاپلا رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋېلىپ سۇغا كىرىپ، شال تېرىش مەشغۇلاتىن
ى باشلىدى. دەسلەپتە سۇغا كىرگەندە يەر تېخى ئېرىپ بولالمىغان بولۇپ، توڭ يەرنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئ

Unregistered

ۋ يېڭى نەرسنى تېز ئۆگىنىدىغانلىقى، ۋە ھەممە ئىشنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئەستايىدىل قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ۋاقىتقىچە ئۇ شال تې
رىشتا مەيداندىكى 1-دەرىجىلىك ئەمگەك كۈچى قاتارىدا ئورۇن ئالغان ئىدى. ئۇ شال تېرىش، مايسا ئۆستۈرۈش، مايسا كۆچۈرۈش
، ئوت ئوتاش، ۋە ئەڭ ئاخىرى شال ئورۇشقىچە ھەممە ئىشنى باشتىن-ئاخىر قىلىپ چىقتى. شۇ يىلى ئەڭ ئاخىرى 10-ئايلارغا ئاز قالغ
ىچە سۇ ئىچىدە ئىشلىدى. شال ئورۇۋاتقان كۆنلەرنىڭ بىرسىدە، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاي شەكلىدىكى ئورغىقىنى تېز سۈرئەتتە بىلەۋېتىپ،
ئۆزنى سولدىن ئوڭغا بىلىگەندە، ئوغاقنىڭ ئۇچى بىلەيدىن سىيرىلىپ چىقىپ كېتىپ، ئارقىغا ياندۇرۇپ بىلەش ھەرىكىتىنى قىلغاندا ئ
وغاق بىلەي تۇتقان قولىنىڭ ئاستىغا چۇشۇپ قېلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سدىقنىڭ بىلىكىنىڭ 3 سانت-مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يېرىنى ئ
اچىماق شەكلىدە كېسىپ، بىلىكىنىڭ سۆڭىكىنى كۆرسىتىپ قويىدى. ئەركىن سدىق بۇ ئىشتىن كېيىن بىلىكىنى تېڭىپ ساقايتتى. لېكىن،
ئوغاق كەسكەن جاي سول قولىنىڭ سائەت تاقايدىغان يېرىدىن سەللا ئۈستۈن بولۇپ، ئۇ يەر بىر ئاچىماق شەكلىدە چوڭ تارتۇق بولۇ
پ قالدى. بۇ تارتۇق ئەركىن سدىقنىڭ بىلىكىدە ھازىرمۇ بار بولۇپ، ئۇ ھەر قېتىم بىلىكىدىكى سائەتكە قارىغاندا، بۇ تارتۇق ئۇنىڭغا
ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىش جەريانىدا بېشىدىن كەچۈرگەن يۇقۇرىقىدەك جاپالىق تۇرمۇشنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. ئامېر
ىكىدىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلەردە ۋە ھازىرقى JPL دا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلاردا ئەركىن سدىقنىڭ بەزى خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ
دىن بىلىكى نىمىشقا تارتۇق بولۇپ قالغانلىقىنى سورىدى. بۇ تارتۇق سۆزلەيدىغان تارىخىي ھېكايە ئىنتايىن ئۇزۇن ۋە ئېچىنىشلىق بو
لغاچقا، ئەركىن سدىق ئۇلارنى سۆزلەپ ئولتۇرماي، "بىر قېتىم دىققەتسىزلىكىمدىن پىچاق كېسىۋەتكەن"، دەپلا قويىدى.

شال تېرىشتىن باشقا، ئەركىن سدىق بۇ مەيداندا ھەر خىل سەي-كۆكتاتلارنى تېرىشقا، ھەمدە ئۇنى ناھىيە بازىرىغا ئاپىرىپ سېتىشقا
مۇ قاتناشتى. 1977-يىلى يازدا، ئۇ تېخى بىر ئاي يېزىسىنىڭ 30 دانە ئات، كالا ۋە قويلىرىنى ھەيدەپ، ئۆزىدىن باشقا ھېچ قانداق
ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدىغان بىر جاڭگالدا پادا باقتى. بۇ ئۇلاغ تۈپىنىڭ ئىچىدە بىر جۇغى كىچىك، ئەمما ئىنتايىن ئىتتىك يۈگرە
يدىغان بىر جىگەررەڭ ئات بولۇپ، پادا باقىقلى چىققانلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئاتنى مىنىۋالاتتى. لېكىن ئاتقا ئارتىدىغان توقۇم يوق بول
ۇپ، ھەممەيلەن ئۇنى يايداق پېتىلا مىنەتتى. ئەركىن سدىق بۇ ئاتنى مىنىشكە باشلىغان بىرىنچى ھەپتىسى ئۇنىڭ سۆڭگىچىنى ئاتنى
ڭ دۈمبىسى غاجىلاپ يېغىر قىلىپ قويىدى. بۇنداق يېغىر ئىنتايىن ئاغرىيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەردىدە ئەركىن سدىق بىر قانچە ھەپت
ە تۈز ئولتۇرالماي، بىر يەردە ئولتۇرسا سۆڭگىچىنىڭ يېرىمىنى قويۇپ، قىيپاش ئولتۇرۇپ يۈردى. ئۇ چاغدا بىرەر رادىئو ياكى شۇنىڭغا ئ
وخشاش ئىنسانغا ئازراق ھەمرا بولۇپ بېرىدىغان ھېچ نېمە يوق ئىدى. ۋاقىتنى بىر ئاز ئەھمىيەتلىك ۋە تېزراق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئە
ركىن سدىق پادا بېقىش جەريانىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ يېڭىدىن نەشىر قىلىنغان 4-تومنى ۋە لۇ شۈننىڭ فىلىيەتونلىرىنى ئوقۇدى. بەزىدە
خەنزۇ تىلى ئۆگەندى. ئۇ چاغدا ئەركىن سدىقتا بىرەر خەنزۇ تىلى دەرسلىكى ياكى خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت بولمىغاچقا، ئۇ بىر كىتە
ابنىڭ ئۇيغۇرچىسى بىلەن خەنزۇچىسىنى تەڭلا كۆتۈرىۋېلىپ، ئۇلارنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ يۈرۈپ تىل ئۆگەندى. بۇنداق تىل ئۆگە
نىشنى پادا بېقىشتىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ، ئۆز ئىمكانىيىتى يار بەرگەن ھەممە ۋاقىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىزچىل تۇردە ئېلىپ بارد
ى.

Unregistered

ئەركىن سىدىق يېزىدىكى ۋاقتىدىمۇ ئۇيغۇر ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، مەيدان ئىتتىپاق باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكر
ېتارى، مەيدان باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەيدان خەۋەرلىشش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، مەيدان تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ
ڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئۇ 10 دەك ئۇيغۇر زىيالىيلارنى يىغىپ، بىر سەنئەت ئەترىتى تەشكىللىدى. ئۇنىڭدا ئۆزى ش
ېئىر يېزىپ، يازغان شېئىرلارنى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇزىكا ئاھاڭىغا سېلىپ ناخشا قىلدى. ھەمد
ە بەزىدە دۇتار، بەزىدە راۋاپ، ۋە بەزىدە داپ چېلىپ، سەنئەت ئويۇنلىرى تەييارلىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ ياخشى كۆرۈلۈ
پ ئېيتىلىدىغان "سەنى ئەسلەيمەن" دېگەن ناخشا ئاھاڭىغا ئەينى زاماندىكى ۋەزىيەتكە ماسلاشقان، داڭلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىد
ن بىرى يازغان بىر شېئىر تېكىستىنى كىرگۈزۈپ، سەنئەت ئەترىتىنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئوپچە ئوقۇيدىغان بىر كوللېكتىپ ناخشىسى قىلى
پ چىقتى (ئۇ چاغدا مۇھەببەت خاراكتېرىگە ياتىدىغان ھەممە ناخشىلار "سېرىق ناخشا" تۈرىگە ئايرىلىپ، ئۇلارنى ئېيتىش قەتئىي م
ەنئى قىلىنغان ئىدى). بۇ سەنئەت ئەترىتى كوناشەھەر ناھىيىلىك كىنو كۇلۇبىدا شەھەر ئاھالىسى ئۈچۈن بىر قېتىم ئويۇن قويۇپ بەرد
ى. ئۇ چاغدا يېزىغا قايتا تەربىيىگە بارغان زىيالىيلارنىڭ ئالدىدىكى بىردىن-بىر چىقىش يولى ئىككى يىل ياخشى ئىشلەپ، مەيداننى
ڭ باھالىشىدا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، نان تېپىپ يېگىلى بولىدىغان خىزمەتتىن بىرنى تېپىش ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق ئۆزىنىلا ھ
ەرجەھەتتىن قاتتىق تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپلا قالماي، باشقا ئۇيغۇر زىيالىيلارغىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە پايدىل
ىق يولغا يېتەكلەپ تۇردى. ئەركىن سىدىق بۇرۇنقى رېكوردلىرى ئانچە ياخشى بولمىغان بەزى زىيالىيلار بىلەن يېقىن دوست بولۇپ،
ئۇلار بىلەن بىرگە مەيدانغا پايدىلىق بولغان ھەرخىل ياخشى ئىشلارنى قىلدى. ئۇ يەردىكى زىيالىيلار ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا چىقى
ش يولى يوق ئىدى.

1977-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى دېڭ شياۋپىڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو رەھبەرلىرى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنى ئىسلا
ھ قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر تۇتاش ئېلىنغان ئىمتىھان نەتىجىسىگە قاراپ تاللاش سىياسىتىنى يولغا قويدى. بۇ ئىش ئە
ركىن سىدىقنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مىڭلىغان، 10 مىڭلىغان ياشلارنى چەكسىز خۇشال قىلدى. ئۇلارغا بىر خىل ئۈمىد ئېلىپ كەلدى. ش
ۇ يىلى كۈزدىن باشلاپ، ھەر يەر ھەر يەرلەردە قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان زىيالىيلار ئارىسىدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش
دولقۇنى قوزغالدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس دەرس تەكرارلاش
مەشغۇلاتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئەركىن سىدىق كوناشەھەر ناھىيە تەۋەسىدە بولغاچقا، مەيدان رەھبەرلىكى ئۇنىڭ ئاقسۇغا قايتىپ، ئۆ
زىنىڭ بۇرۇنقى مەكتىپىدىكى دەرس تەكرارلاش كۇرسلىرىغا قاتنىششىغا يول قويمىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز يېزىسىدىكى قالغان زىيالىيلارغا ئو
خشاش، چۈشتىن بۇرۇن ئىشلەپ، چۈشتىن كېيىن ناھىيە بازىرىدىكى 1-ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ، دەرس تەكرارلاش كۇرسىغا قاتناشت
ى. ئاخشىمى ئۆز ياتىقىدا، ئۆزى ياسىۋالغان بىر غېرىچ ئېگىزلىكتىكى جىن چىراغنىڭ يورۇقىدا ئۆزى دەرس تەكرارلىدى. چىراغقا ناھايىت
ى يېقىن كەلمىسە كىتابتىكى خەتنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا ئادەم بۇرنىنى سىلىسا، قولىغا قاپ-قارا چىراق ئى
سى چىقاتتى. شۇ يىلقى تۇنجى قېتىملىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى كوناشەھەر ناھىيىسىدە 12-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە جە

UnRegistered

UnRegistered

UnRegistered


UnRegistered

ئەركىن سىدىق يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان مەزگىلدىكى كوناشەھەردە بىرگە ئۆتكەن بىر قانچە زىيالىي ياش سەپداشلىرى بىلەن د
وستلىرى.



Unregistered

ئەركىن سىدىق بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى 1976-يىلى بىرگە پۈتتۈرۈپ، 1978-يىلى 2-ئايدىكى تۇنجى قېتىملىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارغان 3 ساۋاقداشلار. ئوڭ تەرەپتىكىسى گۈلزەپەر بولۇپ، ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. سول تەرەپتىكىسى رەيھان بولۇپ، ئۇ ھازىر ئۈرۈمچىدىكى بىر ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالغانلارنى داۋالاپ ئۆزگەرتىش ئورنىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ رەسىم 2006-يىلى 9-ئايدا تارتىلغان.


UnRegistered

ئەركىن سىدىقنىڭ جەنۇبىي كالىفورنىيەگە جايلاشقان ھازىرقى ئۆيىنىڭ ئارقا ھويلىسىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى. ھويلىدىكى چوڭ تەشتەك، تاش سۇپا، يول ۋە ئوتلۇقلارنى ئەركىن سىدىق ئۆزى لاھىيلەپ، ئادەم ياللاپ ياساتقان. بۇ رەسىم 2005-يىلى يازدا تارتىلغان بولۇپ، ھويلىدىكى گۈل-دەرەخلەرنى ئەركىن سىدىق شۇ يىلى (2005-يىلى) ئەتىيازدا تىككەن. رەسىمنىڭ سول تەرىپىدىكىسى پەمىدۇر كۆچەتلىرىدۇر.



UnRegistered

ئۆينىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى بىر تۇپ ئانار. بۇ ئانارنى ئەركىن سىدىق 2005-يىلى ئەتىيازدا تىككەن بولۇپ، بۇ رەسىم 2006-يىلى يازدا تارتىلغان.

## 6. ئالىي مەكتەپ

1978-يىلى 3-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىللىق خەنزۇ تىلى ئوقۇشىنى باشلىدى. گەرچە ئۇلار ئوقۇ
ۇش باشلىغان يىل 1978-يىلى بولسىمۇ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 1977-يىلى باشلانغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىق بىلەن ئ
وخشاش ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن جۇڭگو بويىچە "77-يىللىق ئوقۇغۇچىلار" دەپ ئاتالدى. ئ
ۇنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى جەھەتتە قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ، فىزىكا فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنىڭ مەسئۇلى ياقۇپ مۆئە
للىمنىڭ تاللىشى ۋە كۆرستىشى بىلەن، فاكۇلتېتتىن ئۇنى سىنىپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، ۋە فاكۇلتېت ئىتتىپاق باش ياچې
يكىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قىلىپ تەيىنلىدى. سىنىپتىكى ئايرىم ئۇرۇمچىلىك ئوقۇغۇچىلار دەسلەپتە بۇ يېزىلىق تۇسنى ئالغان ئەر
كىن سىدىقنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىدى. لېكىن ئارىلىقتىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتمەيلا ئەركىن سىدىق ئۆز سىنىپىدا مەيلى ئۆگىنىشت
ە بولسۇن ياكى خىزمەتتە بولسۇن كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كىچىك پېئىل، ئادەملەر بىلەن چىقىشقاق، باشقىلارغا ئىنتايىن كۆ
ڭۈل بۆلىدىغان، باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، خىزمەتنى ئىنچىكە ۋە ئىنتايىن رەتلىك ئىشلەيدىغان مىجەزى،
ھەمدە يۈكسەك دەرىجىدىكى تەشكىللەش، ھەر بىر ئىشنى يۇقىرى ئۆلچەم ۋە يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن قىلىش ئىقتىدارى بارا-بارا باشقىلارن
ى قايىل قىلىشقا باشلىدى. 1978-يىلى كۈزدە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكەتلىك 10-نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىغا بىر ۋەكىل تال
لايدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەر بىر فاكۇلتېت بىردىن كاندىدات تاللاپ چىقتى. ئاندىن ھەممە فاكۇلتېتتىكى ئوقۇغ
ۇچىلار خىزمىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھېلىقى كاندىداتلار ئىچىدىن پەقەت بىرلا ۋەكىلنى تاللايدىغاندا، ئەركىن سىدىق
نىڭ سىنىپ مۇدىرى شەرىپ مۆئەللىم بىلەن يۇقۇرىقى ياقۇپ مۆئەللىمنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرستىشى بىلەن، ئەخلاق، ئۆگىنىش ۋە
ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى قاتارلىق ھەممە جەھەتلەردە ئەركىن سىدىق ئەڭ يۇقىرى باھاغا ئېرىشىپ، مەكتەپ ۋەكىللىكىگە تاللاندى. ھەمد
ە 1978-يىلى 10-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 10-نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىغا قات
ناشتى.

1978-يىلىنىڭ ئاخىرى تەييارلىق باسقۇچىدىكى خەنزۇچە ئۆگىنىش ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا، ئەركىن سىدىق سىنىپىدىكى ساۋاقدا
شى ئەھمەت نىياز بىلەن بىرلىكتە ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلاشنى قارار قىلدى. ئۇ چاغدا ئۇيغۇر مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇ
ۇغۇچىلار ئارىسىدا چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش دېگەن ئۇقۇم يوق بولغاچقا، بۇ ئىشنى ئاڭلىغانلارنىڭ ئىچىدە دەسلەپتە ئەركىن سىدىق
بىلەن ئەھمەت نىيازنى زاڭلىق قىلغانلارمۇ بولدى. لېكىن ئۇلار باشقىلارنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي، شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى
ڭ چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىدا ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ھەكىمە ئاپپايدىن ئىشنى نەدىن ۋە قانداق باشلاش توغرى
سىدا مەسلىھەت سوراپ، ھەمدە ئۇنىڭدىن بەزى كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ، ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتى. ھەكىمە ئاپپايمۇ ئاق

UnRegistered

سۇلۇق بولغاچقا، ئەركىن سىدىق ئالىي مەكتەپكە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلار بىر-بىرى بىلەن تونۇشقان بولۇپ، ئەركىن سىدىق بىلە
ن ئەھمەت نىياز ئۇ ئاپپاينىڭ ئۆيىگە پات-پات كىرىپ تۇراتتى. كەسپى دەرس ئۆتۈلۈشكە باشلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇ ئوقۇ
ش ئەركىن سىدىقتا ھېچ قانداق ئېغىر كەلمىگەنلىكى، ھەممە ئۇ چاغدا باشقا قوشۇمچە ئىشلىرىمۇ بەك كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەر
كىن سىدىق ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە خېلى كۆپ ۋاقىت ئاجراتتى. تىل ئۆگىنىشنى 77-يىللىق تەبىئي پەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەر
سلىك كىتابىدىن باشلىغان بولۇپ، ئۇلار 2 ھەپتىدە ئوقۇغان دەرسنى ئەركىن سىدىق ئۆزى ئۆگىنىپ بىر ھەپتىدە تۈگىتىپ ماڭدى. 19
79-يىلى يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ قاتتىق تۇتۇش قىلىش بىلەن، ئەركىن سىدىق شۇ ۋاقىتتىكى 77-يىللىق خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
سەۋىيىسىگە پۈتۈنلەي يېتىشىۋالدى. يەنى، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار 3 مەۋسۇم دەرسلىك قىلىپ ئوقۇپ تۈگەتكەن دەرسنى ئەركىن سىدىق بى
ر مەۋسۇم ۋە بىر يازلىق تەتىلدە ئۆزى ئۆگىنىپ تۈگىتىپ، ئۆزى بىلەن ئوخشاش يىللىقتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا يېتىشىۋالدى.

بۇ ۋاقىتتىچە ئەركىن سىدىقنىڭ ئىش-ئىزلىرى پۈتۈن مەكتەپ بويىچە تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇي
غۇر مەكتەپتە ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىر چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىلىشقا باشلىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بە
ر قانچە تەبىئي پەن فاكۇلتېتلىرى چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بار ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا رۇس تىلى كۇرسلىرىنى ئېچىپ بەردى.
كۇرس يېڭى باشلانغاندا تىل ئۆگەنمەكچى بولغانلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، سىنىپقا پېتىشماي، ئۈستەللەر ئارىسىدىكى بوش ئورۇنلار ۋ
ە دوسكىنىڭ ئەتراپىدىكى بوش ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى دەرس ئاڭلىماقچى بولغانلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ئارىلىقتىن بىرەر ئايچە ۋاق
ت ئۆتكەندىن كېيىن، فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئېچىلغان سىنىپتا يەردە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايدىغانلار ئاساسەن قالمىدى. يەنە بىرەر ئاي
دەك ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ سىنىپتا دەرس ئېلىۋاتقانلار سىنىپنىڭ يېرىمىنىمۇ تولدۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق. بىر چەت ئەل تىلىنى
ئۆگىنىش سۆزلىمەككە ئىنتايىن ئاسان بولۇپ، ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن ئىنتايىن ئاسانلا چىقىدۇ. لېكىن ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرۇ
ش بىر ئىنتايىن قىيىن ئىش. ئەركىن سىدىقنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، تىل ئۆگىنىشتەك ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشنى ۋە ئارىلىقتا ئۈزۈل
دۈرمەي ئىزچىل ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردا، ئۇ ئۆز-ئۆزىگە بىر خىل تۈزۈم تۈزۈپ چىقىپ (بۇنداق تۈزۈم ئىنگلىزچە "
discipline" دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق بۇنىڭغا "تۈزۈم" دىن باشقا ياخشىراق سۆز تاپالمىدى)، ئۇ تۈزۈمنى قاتتىق
ئىجرا قىلىدۇ. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى باشلاپلا ئەركىن سىدىق ھەر كۈنى 20-25 تىن يېڭى سۆز يادلاشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلدى. ئۇ ھ
ەر بىر سۆزنى كۈنىگە 3 قېتىمدىن جەمئى 5 كۈن يازىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشۇنداق تىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكى تور بېتىدە با
ر:

http://www.meripet.com/Academy/InglizTili.htm

ئەركىن سىدىق ھەر كۈنلۈك خام سۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6:00 (شىنجاڭ ۋاقتى بولۇپ، ئاخىرقى

UnRegistered

ئىككى خانا مىنۇتنى كۆرستىدۇ) دىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن شۇ كۈنلۈك خام سۆزلەرنى يادلىدى. ئەتىگەنلىك
دەرسكە باشقىلاردىن 10-15 مىنۇت بالدۇر بېرىپ، دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن خام سۆزلەرنى بىر قېتىم يېزىپ چىقتى. چۈشتىن كېيىنك
ى دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇنمۇ، ۋە كەچتە كەچلىك تاماقنى يەپ، ئاخشاملىق دەرس تەكرارلاشنى باشلاشتىن بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلدى. ب
ۈنى بىر كۈنى بىرەر قېتىممۇ توختىتىپ قويمىدى. شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ توختىتىپ قويمىدى. دەم ئېلىش كۈنلىرى تۇغقانلىرىنىڭ
ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغاندىمۇ، ئارىلىقتا 5-10 مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ، خام سۆزنى يېزىش ۋەزىپىسنى ئورۇنلاپ تۇردى.

ئالىي مەكتەپكە 77-يىللىق ئوقۇغۇچىلار كىلىشتىن بۇرۇنقى 10 يىل ئىچىدە مەكتەپكە ئوقۇشقا كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى ئا
نچە يۇقىرى بولمىغاچقا، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمى بىر ئاز "داتلىشىپ" قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلغان رادىئو ئېلېكترونىكىسى كەسپى سىنىپى ئىدى. شۇڭا 77-يىللىق ئوقۇغۇچىلار كەلگەن
دىن كېيىن، بەزىدە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنى ئالدىرىتىپ قويىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇردى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار دەرس قىلىپ سۆزلەۋا
تقان ماتېرىيالنى ئۆزىمۇ ئوبدان بىلمىگەچكە، دەرسنى "مۇنداق مۇنداق قىلسا، مۇنداق بولىدىكەن"، دەپ، ھېكايە سۆزلىگەندەك س
ۆزلەپ، "مۇنداق بولىدۇ"، دەپ كەسكىن ئېيتالمايتتى. ئۇ چاغدا تەبئىي پەن توغرىسىدا رەسمىي بېسىلىپ چىققان دەرسلىك كىتاب پە
قەتلا يوق بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزى ئۆتىدىغان دەرس توغرىسىدا لېكسىيە تەييارلاپ، ئۇنى مەكتەپ باسمىخانىسىدا ئاددىيلا بېسىپ
چىقىرىپ ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. بۇنداق لېكسىيە كىتابىنىڭ سۈپىتى ئىنتايىن ناچار، نۇرغۇن يەرلىرى چاپاق بولۇپ، ئوقۇما
ق خېلى تەس ئىدى. بىر قېتىم ئالىي مەكتەپ ماتېماتىكىسى دەرسنى ئۆتىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى قول بىلەن يېزىپ لېكسىيە تەييارلاپ،
ئۇنى مەكتەپ باسمىخانىسىغا بەرگەندە، ئۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئالىي مەكتەپ بىلىمىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ماتېماتىكىدىك
ى "چەكسىزلىك" كە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىنى "بۇ مۇئەللىم 8 نى ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ" دەپ ئويلاپ، ھەممە "چەكسىزلىك" بەلگە
سىنى "8" قىلىپ بېسىپ چىقىرىپتۇ. ھەمدە ئۇ ئوقۇتقۇچىغا: "مۇئەللىم، سىز ھەممە 8 نى ياتقۇزۇپ قويۇپتىكەنسىز. مەن ئۇلارنى قوپۇر
ۇپ قويدۇم"، دەپتۇ. بۇ مۇئەللىم ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىغا كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا لېكسىيە كىتابىنى تارقىتىدىغان ۋاقىتتا، يۇپۇقى ئە
ھۋالنى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەنىدى. ئەركىن سىدىق ئۆزىگە تەلەپنى تېخىمۇ يۇقىرى قويۇپ، كەسپى ب
ىلىم جەھەتتە خەنزۇ باللار بىلەن ئوخشاش سەۋىيىدە ئوقۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەكتەپتە ئوقۇغانلارنىڭ
ئاجىز ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە، 1979-يىلىنىڭ باشلىرى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۆزىنىڭ كەسپي دەرس ئ
وقۇتقۇچىسى سۇلتان جانبولاتوۋ مۇئەللىمنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار سىنىپىغا يۆتكىلىش ئىلتىماسىنى ئېيتتى. سۇلتا
ان مۇئەللىم ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: "ئۇكام، مەن سېنىڭ ھازىرغىچە قىلغان ھەممە ئىشلىرىڭدىن ئىنتايىن رازى. مېنىڭچە سەن كەلگ
ۈسىدە خېلى چوڭ ئىشلارنى قىلالايسەن. خەنزۇ سىنىپقا يۆتكەلسەڭمۇ ياخشى ئوقۇپ كېتەلەيدىغانلىقىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىمەن. لېكىن
، سەن ھازىر ئۇيغۇر ۋە باشقا بارلىق ئاز-سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر ۋەكىلى بولۇپ قالدىڭ. ئەگەر خەنزۇ سىنىپقا يۆتكەلسە

Unregistered

ك بۇ سالاھىيەتنى ئاساسەن يوقىتىپ قويسەن. مېنىڭچە بولسا سەن ئۇيغۇر سىنىپتا ئوقۇۋېرىپ، ئۆز قابىلىيىتىڭنى ئىسپاتلىغىن. شۇندا
ق قىلساڭ سېنىڭ تۆھپەڭ تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى چوقۇم ئاخىرغىچە چىڭ تۇتقىن. ئەگەر ئۆگىنىشنى ھازىرقىدەكلا د
اۋاملاشتۇرساڭ، كەلگۈسىدە مەكتىپىمىزگە چەتكە چىقىپ ئوقۇيدىغان پۇرسەتتىن پەقەت بىرسىلا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا مەن سېنى ماڭد
ۇرىمەن. ئەگەر ئۇنداق ساندىن پەقەت ئىككىسىلا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ بىرسىگە چوقۇم سېنى ماڭدۇرىمەن." بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ سىنىپ ئالمىشىش نىيىتىدىن ياندى. كېيىنكى مەۋسۇم سۇلتان مۇئەللىم ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىغا ھ
ەر ھەپتىسى 2 قېتىم، ھەر قېتىم 2 سائەتلىك دەرسكە كىردى. ئەركىن سىدىققا ئۇنىڭ دەرسى ھېچ قانداق قىيىن تۇيۇلمىغاچقا، ئەركىن
سىدىق ئۇنىڭغا پەقەت بىر قېتىملىق دەرسكىلا بىرىپ، يەنە بىر قېتىملىق دەرس ۋاقتىدا فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
77-يىللىق 1-سىنىپىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىنگلىز تىلى دەرسىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مۇئەللىم بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. ئۇ
نىڭدىن كېيىنكى يەنە بىر مەۋسۇم ئەركىن سىدىق ئۆزىگە دەرس يوق ۋاقىتتا چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتى ئىنگلىز تىلى كەسپىنىڭ 79-يى
لللىق خەنزۇ سىنىپىغا بېرىپ، شۇ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئىنگلىزچە دەرس ئېلىشنى تەلەپ قىلدى (ئۇ سىنىپتا 2 ئۇيغۇر ۋە بىر قا
زاق ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ھازىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى ئامېرىكىدا). سۇلتان مۇئەللىم يول مېڭىپ، بۇنىڭغىمۇ مەكتەپتىن رۇخ
سەت ئېلىپ بەردى. 1981-يىلىنىڭ ئاخىرى، ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي پەن 77-يىللىق خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى
ڭ ئىنگلىز تىلىنى تاماملاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، فىزىكا فاكۇلتېتى 77-يىللىق 1-سىنىپى بويىچە 5-ئورۇنغا ئېرىشتى. بۇ سىنىپ خەن
زۇ تىلى سىنىپلىرىنىڭ ئىچىدە مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئىلغار سىنىپ بولۇپ، نۇرغۇن قېتىم "ئىلغار كوللېكتىپ" بولۇپ مۇكاپاتقا ئېرىشكە
ن ئىدى (ئۇيغۇر تىلى سىنىپلىرىنىڭ ئىچىدە ئەركىن سىدىق ئوقۇغان 77-يىللىق 4-سىنىپ شۇنداق بولغان ئىدى). شۇنداق قىلىپ خە
نزۇ ئوقۇغۇچىلار رەسمىي دەرس سۈپىتىدە 3 يىلدا ئوقۇپ تۈگەتكەن دەرسنى، ئۇ ئۆزى قوشۇمچە ئۆگىنىپ 2 يىل ئىچىدە تاماملىدى.

ئومۇمىي ئىنگلىز تىلى دەرسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق كەسپىي ئىنگلىز سۆزلىكى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئۆز كەسپ
ىگە ئائىت ئىنگلىزچە كىتابتىن بىرنى تېپىپ، ئۇنى ئوقۇپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن 25 خام سۆز تەييارلاپ، يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئۇس
ۇل بويىچە ئۇلارنى يادلاپ ماڭدى. شۇ چاغدا (يەنى 1981-يىلىنىڭ بېشىدا) شىنجاڭ خەنزۇچە رادىئو ئىستانسىسىدا بىر ياپون تىلى لې
كسىيىسى بېرىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ھەپتىسى 2 قېتىم، ھەر قېتىم 30 مىنۇت ئىدى. ئەركىن سىدىق رادىئودىكى شۇ ياپون تىلى لېكسىيىسى
نى ئاڭلاشنى باشلىدى. ئۇنىڭ بىرەر ئۇنىئالغۇسىمۇ بولمىغاچقا، پەقەت ئۆزى رېمونت قىلىپ ساقلاۋاتقان بىر كىچىك رادىئوغىلا تايىن
اتتى. لېكسىيىنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، رادىئونى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، لېكسىيە ۋاقتى
بولغاندا، ئۇنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، خاتىرە قالدۇردى. لېكسىيە بىرەر ئولتۇرۇشتا بارغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالسا، ئۇ سورۇندىن ئاس
تا چىقىپ كېتىپ، بىر جىمجىت يەرنى تېپىپ، رادىئونى 30 مىنۇت ئاڭلاپ، ئاندىن سورۇنغا قايتىپ كىردى. لېكسىيە تۈگىغانلىرىنىڭ ئ
ۆيىگە بارغان ۋاقتىقا توغرا كېلىپ قالسا، ئادەملەر بار ئۆيدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، 30 مىنۇتلۇق لېكسىيىنى ئاڭلاپ تۈگىتىپ، ئا
ندىن سورۇنغا قايتىپ كىردى. مۇشۇنداق ئۆگىنىشنى 2 يىل ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن، ياپو

UnRegistered

ن تىلىنىڭ ھەممە گىرامماتىكىسىنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، ئۆزىگە ياپون تىلىدىنمۇ خېلى پۇختا ئاساس سېلىۋالدى.

كەسپىي دەرسلەرنىڭ يۇقىرى قىسمىغا كەلگەندە، ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدىكىلەر بىۋاستە خەنزۇچە دەرسلىك كىتابلارنى ئىشلەتتى. بۇ
كىتابلار مەملىكەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، نەنجىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزۈپ چىققان كىتابلار بولۇ
پ، ئىچكىرىكى ئۆلكىلەردىكى باشقا داڭلىق مەكتەپلەرمۇ ئوخشاش دەرسلىكنى ئىشلىتەتتى. ئەركىن سىدىق يېڭى دەرسنىڭ كىتابتىكى
مەزمۇنىنى دەرستىن بۇرۇن بىر قېتىم ئۆزى كۆرۈپ چىقىدىغان بولۇپ، دەرس ئۆتكەندە ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىگە قاتتىق دىق
قەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئەگەر ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن دەرستە بىرەر خاتالىق بولۇپ قالسا، ئۇنى دەرھاللا بايقاپ، ئوقۇتقۇچىغا كۆرستە
پ بېرەتتى. ئۇ ھەممە دەرسلەردە ئاشۇنداق تىلىدىغان بولغاچقا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇ خۇددى مۇئەللىمنىڭ دەرسنى تەستىقلاپ بېرە
دىغان بىرسىدەك رول ئوينايتتى. مۇئەللىم ئەركىن سىدىققا قاراپ دەرس سۆزلەپ، ئۇنىڭ چىرايى سەل نورمالسىزلىققا ئۆزگەرسە، بەزى
مۇئەللىملەر سۆزلەشتىن توختاپ، "ئەركىن، بىر يېرى خاتا بولۇپ قالدىمۇ؟"، دەپ سورايتتى. مۇئەللىم سورىغان سوئالغىمۇ ئۇ 1-بولۇ
پ جاۋاب بېرەتتى. تەبئىي پەندە دەرس ئۆتۈلۈشتىن بۇرۇن يېڭى مەزمۇننى ئۆزى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنىڭ ناھايىتى زور پايدىسى ب
ار. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: يېڭى دەرس ئۆتۈلگەندە، ئوقۇغۇچىلار ئىككى تۈرلۈك يېڭى نەرسىگە دۇچ كېلىدۇ: بىرسى يېڭى كەسپىي ئاتا
الغۇلار. يەنە بىرسى يېڭى كەسپىي مەزمۇنلار. دەرستىن بۇرۇن يېڭى مەزمۇننى ئۆزى بىر قېتىم كۆرۈۋالسا، گەرچە كەسپىي مەزمۇننى تول
ۇق چۈشىنىۋېلىش كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئادەم يېڭى ئاتالغۇلار بىلەن تونۇشۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرس ئۆتۈلگەندە
زېھنىنى يېڭى مەزمۇنغا تېخىمۇ ئۇنۇملۇك مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ. دەرسلىك كىتابىنىڭ ئوقۇتقۇچى سۆزلىمەي ئۆتۈپ كەتكەن قىسمىنىمۇ، ق
انداق مەزمۇن ئۆتۈلمەي قالغانلىقى توغرىسىدا بىر ئاز چۈشەنچىگە ئىگە بولۇۋېلىش ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق ئۆزى بىر قېتىم كۆرۈپ چى
قاتتى. مۇشۇنداق ئۇسۇل ۋە روھ بىلەن ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كەسپىي دەرسلەرنىمۇ ئىنتايىن پۇختا ئۆگىنىپ ماڭدى. مەۋسۇملۇق ئىم
تىھانلاردا ئانچە قىينالمايلا تولۇق نومۇر ئالاتتى. ئاشۇ مەزگىلنىڭ بىر يىلى مەۋسۇم ئاخىرىدا، فىزىكا فاكۇلتېتى ھەر بىر سىنىپتىكى ئىمت
ىھانلاردا ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغان ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئەڭ يۇقىرى نومۇر ئالغان 3 دەرستىكى مەۋسۇملۇ
ق ئىمتىھان نەتىجىسىنى بىر تاختايغا چىقىرىپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت ئەركىن سىدىقنىڭلا بارلىق دەرستىكى نەتىجىسى 100 ن
ومۇر بولۇپ چىققان ئىدى. ئەركىن سىدىق كەسپىي ئۆگىنىشتىمۇ ئۆزىگە بىر ئۇنۇملۇك ئۇسۇلنى يەكۈنلەپ چىققان بولۇپ، شۇ ئۇسۇلدە
ن پايدىلىنىپ، ئىزچىل تۈردە ياخشى ئۆگەندى. ئۇنىڭ كەسپىي دەرسلەرنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكى تور بېتىدە خۇلاسىلانغان:

http://www.meripet.com/Academy/TebbiPen.htm

1979-يىلى 5-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 9-كۈنىگىچە، ئەركىن سىدىق بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ 19-

UnRegistered

نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. ھەممە ئۇنىڭدا مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.
ئەمەلىيەتتە بۇ تەشكىلاتنىڭ بىر رەئىسى ۋە 16 مۇئاۋىن رەئىسى بار بولۇپ، قۇرۇلتايدىن بۇرۇن بۇ 17 سان جۇڭگودىكى 30 شەھەر،
ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارغا تەقسىم قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي-شىمال رايونىغا (يەنى لەنجۇ بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايو
نىغا) پەقەت بىر مۇئاۋىن رەئىسلىك سانى بېرىلگەن ئىدى. بۇ سانغا كىرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى، مەملىكە
تلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىك ياكى مۇئاۋىن رەئىسلىك ئورنى بولۇپ تاللانغان بىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇش
مىسىنىڭ رەئىسى بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 77-يىللىق ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن تېخ
ى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئەركىن سىدىقنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. 1979-يىلى 11-ئايدا شىنجاڭ ئۇنى
ۋېرسىتېتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللەر يىغىنى بىلەن 8-نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ئەركىن سىدىق مەكتەپ ئوقۇ
غۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، ۋە مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە تەيىنلەندى. 1980-يىلى 8-ئاينىڭ
26-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار قۇرۇلتىيى بىلەن 3-نۆۋەتلى
ك ياشلار قۇرۇلتىيىدا، ئەركىن سىدىق ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ۋە ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئى
سى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئەركىن سىدىقنىڭ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىدىكى ۋەزىپىسى 5 كە كۆپەيدى.

ئۇ ۋاقىت مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەمدىلا ئاخىرلىشىپ، بۇرۇنقى 10 نەچچە يىل داۋاملاشقان قالايمىقانچىلىقنى يىغىۋاشتىن رەتكە سېلى
ش باسقۇچىغا توغرا كەلگەن بولغاچقا، نۇرغۇن ئىشلار تېخى بىر رېتىمگە چۈشۈپ بولالمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپ رەھبەرلىك
ى تەلەپ قىلغانىنى ئوقۇغۇچىلار ياخشى كۆرمەيدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئارزۇ قىلغان ئىشلارنى مەكتەپ رەھبەرلىكى ياقتۇرمايدىغان بىر ئې
غىر زىددىيەتمۇ مەۋجۇد بولۇپ، ئىشلارنى ھەر ئىككى تەرەپنى رەنجىتمەي، ھەر ئىككى تەرەپنى رازى قىلغان ھالدا ئېلىپ مېڭىش يۈك
ى ئەركىن سىدىقنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئەركىن سىدىق، ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى كادىرلىرىنىڭ
بۇرنىنى باشقىلار يېتىلەپ ماڭىدىغان ئەھۋالدىن قاتتىق نارازى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە ئىشتا ئاجىز بولۇپ كۆرۈنىدىغان ۋەزىيەت
نى قەتئىي ئۆزگەرتىشكە قاتتىق بەل باغلىدى. شۇڭا ئۇ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىدىمۇ ھېچ كىمنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرماي، ئەتراپلىق ئىزدىنى
پ، قاتتىق تىرىشىپ ئىشلىدى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئۇيغۇر كادىرلارغىمۇ ۋە خەنزۇ كادىرلارغىمۇ ھەققىي تۈردە ياخش
ى باشلامچىلىق قىلدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ھەر يىلى يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا "يېڭى ئوقۇغۇ
چىلارنى قارشى ئېلىش" مۇراسىمى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا يىلدا بىر قېتىم "شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش" مۇسابىقىسى ئورۇن
لاشتۇردى. بەزى يىللىرى فاكۇلتېتلار ئارا سەنئەت ئويۇنلىرى كورىگىمۇ ئۆتكۈزدى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى يىغىنلىرىدا ئۇ ئال
دىدا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ، كەينىدە خەنزۇچە سۆزلەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا تەرجىمان كەتمەيتتى. خەنزۇ ئوقۇغۇچى كادىرلىرىنىمۇ ھەممە
جەھەتتىن قايىل قىلىپ يېتەكلەپ ماڭغاچقا، ئەركىن سىدىقنى ئۇلارمۇ ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەكتەپتە بۇرۇن مە
ۋجۇد بولغان، 1-قول ئۇيغۇر باشلىقنى باشقىلار يېتىلەپ ماڭىدىغان ئەھۋالغا پۈتۈنلەي خاتىمە بەردى. 3-نۆۋەتلىك مەكتەپ ئوقۇغۇ

UnRegistered

چىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇددىتى توشۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ 2 يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات يازىدىغاندا، ئەركىن سىدىق ئۇ ئىشنى ياڭ قامىلى
مىڭ، ھەربىيلىكتە نەچچە يىل كادىر بولۇپ ئىشلىگەن، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ 77-يىللىق خەنزۇ ئوقۇغۇچىسى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇ
شمىسىنىڭ 1-مۇئاۋىن رەئىسىگە تاپشۇرغاندا، ئۇ ئەركىن سىدىققا مۇنداق دېگەن ئىدى: "ئەركىن، ئەگەر مەن مەكتەپنى دېسەم بۇ
ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلغۇم يوق ئىدى. بىراق، مەن ئۇنى سېنىڭ يۈزۈڭ ئۈچۈن قىلىپ بېرەي." ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەكتەپ رەھبەرلىكىنى
ڭ بىر قىسىم ئىشلىرىنى ياقتۇرمىغان، مەكتەپ رەھبەرلىكىدىن نارازى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرسى بولغاچقا، يۇقۇرىقىدەك گەپلەرنى قىلغان
ئىدى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرغان يۇقۇرىقىدەك پائالىيەتلەر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىنتا
يىن چوڭ تەسىر قوزغاپ، شۇ ۋاقىتتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدا كادىر بولۇپ ئىشلەش بىر يۇقىرى دەرىجىلىك شان-شەرەپكە ئاي
لانغان ئىدى. 1981-يىلى 3-نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇددىتى توشۇپ، 4-نۆۋەتلىك ئۇيۇشما ۋۇجۇدقا كەلگەندە، ئەرك
ن سىدىق داۋاملىق تۆردە ئۇنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

1978-يىللىرى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئاشلىق كرىزىسى تېخى ئاخىرلاشمىغان ئىدى. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن بول
ۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئوپچە ئاشخانىدا تاماق يەيتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇستەل بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىلغان بولۇپ، بىر ئۇستەلدە 10 دىن
كىشى بار ئىدى. ئاشپەز ئۇستاملار ھەر بىر ئۇستەل ئۈچۈن بىر داسقا تاماقنى ئۇسۇپ بېرەتتى. ئوقۇغۇچىلار بۇ داسنى ئۆز ئۇستىلىگە ئەكې
لىپ، ئۇنىڭدىكى تاماقنى بۆلۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئەتىگەنلىك تامىقى ئوخوپكىدا پۇشۇرغان بىر كىچىك قوناق نېنى ياكى قوناق هور نېن
ى بولۇپ، بىرسىگە بىر ئادەمنىڭ قورسىقى ئارانلا توياتتى. ئۇ-بۇ يەرلەرگە كېتىپ قېلىپ، تاماققا كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېنىنى تام
اققا كەلگەنلەر بۆلۈشىپ ئېلىۋالاتتى. ئۇ چاغدا ئەركىن سىدىقنىڭ ياتىقىدا 12 ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ئۇلار 6 دانە قوش كىشىلىك كارىۋ
اتتا ئۇخلايتتى. ئاخشىمى سائەت 11 غىچە ئۆگىنىش قىلىپ، چىراغ ئۆچۈرۈلگەندە ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقىدەك قونا
ق نېنى بارلار كارىۋاتنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، بىر چاشكىغا قايناق سۇ ياكى سوغۇق سۇ قۇيۇۋېلىپ، ئۇنى ئىچكەچ ھېلىقى قېتىپ ق
الغان ناننى غاجاپ يەيتتى. نېنى يوقلار بولسا ئۇتتۇرلا يوتقانغا كىرىپ كېتەتتى. چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقنىڭ سۈپىتىمۇ ئىنتايىن نا
چار بولۇپ، ئادەمنىڭ قورسىقى ئارانلا توياتتى. ئۇ چاغدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تاماق سۇيۇقئاشمۇ ئەمەس، لەغمەنمۇ ئ
ەمەس، ئاشۇ ئىككى تاماقنىڭ ئوتتۇرىدا قالغان "بوسو" دېگەن بىر تاماق ئىدى. شۇڭا تاماققا بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى "چە
قراق ئوقۇغۇچىلار تاماققا كەلمىسىكەن"، دېگەننى تىلەيتتى. قىز ئوقۇغۇچىلار بەكرەك تاماققا بارمايدىغان بولۇپ، قىز ئوقۇغۇچىلار كۆپ
اق بولغان ئۇستەلدىكىلەر "تەلەيلىكلەر" ھېسابلىناتتى. ئۇنداق ئۇستەللەرگە بەزىدە باشقا ئۇستەلدىن "زىيارەت" كە ئادەم كېلىپ
قالاتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدىكى 30 دەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاران بەشى قىز ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئۈرۈمچىلىك ئ
ىدى. ئۇ ئىككىيلەن ئۆيىدىن قاتناپ ئوقۇپ، ئاشخانىدا تاماق يېمەيتتى. شۇڭا فىزىكا 77-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممە
سى تاماق جەھەتتە "تەلەيسىزلەر" ئىدى.

UnRegistered

ئۈرۈمچى بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقى مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، ئۇ چاغدا يولۇچىلار ئاپتوبۇسى بۇ مۇساپىنى 4 كۈندە باساتتى.
شۇڭا يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتقاندا يولدا 3 ئاخشام ئۇخلاپ، 4 كۈن يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ياتاقلار ئىنتايىن قاسماق بولۇپ،
ھەممىسىدە دېگۈدەك چۈشا ۋە بۈرگىلەر بار ئىدى. شۇڭا كېچىسى ئۇخلاش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، ئادەمنى قاتتىق سىلكىيدى
غان ھېلىقى ئاپتۇۋۇزدا بىر كۈن ئولتۇرۇپ ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، كىشىلەر پەقەت ئۈزايلىنىپ يېتىۋېلىش ئۈچۈنلا ياتاققا چۈشەتتى. يول
نىڭ تامىقىمۇ ئىنتايىن ناچار بولۇپ، بىر چىنە لەغمەن ئالسىڭىز ئۇنىڭ 3 تىن 2 قىسمى قوناق ئۇنىدا ياسالغان چۆپ بولۇپ، پەقەت ئ
ۈستىدىكى بىر قەۋەت چۆپلا بۇغداي ئۇنى بولۇپ چىقىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان ئىدى.

ئەركىن سىدىق پەقەت يازلىق تەتىلدىلا يۇرتىغا قايتىپ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا قىشلىق تەتىلدە بىر قېتىممۇ ئۆيگە بېرىپ
باقمىدى. ئۇ ھەر يازدا ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغا ماڭغاندا يولۇچى ئاپتۇۋۇزىدا ئولتۇراتتى. ئۆيىدە 15 كۈندەك تۇرغاندىن كېيىن، ھەر يىل
ى يازلىق تەتىلدە ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى رەئىسلىرىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىگە بالدۇرلا ق
ايتىپ كېلەتتى. ئۇ چاغدا ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىدە 8 جان ئادەم بولۇپ، ھەممەيلەن دادىسىنىڭ 80 نەچچە سوم ئايلىق مائاشىغا ق
اراشلىق ئىدى. ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئاپتوبۇس يول كىراسىغىلا 15 سوم ئەتراپىدا پۇل كېتىدىغان بولغاچقا، يول كىراسىنى ت
ېجەپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ دادىسى ئىمكان بار ئۈرۈمچىگە بارىدىغان قارا ماشىنىدىن بىرەرنى تېپىپ، ئەركىن سىدىقنى شۇ ماشىنىغ
ا سېلىپ قوياتتى. مۇشۇ تەرجىمىھالنىڭ ئالدىنقى بىر قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان، ئەركىن سىدىقنىڭ روزى تۇردى دېگەن تاغىسىنىڭ ئىنىسى
قادىر تۇردى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پوچتىخانىدا ئىشلەيتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى ھەر يىلى ئالدى بىلەن ئاشۇ كىشىنىڭ قېشىغ
ا بېرىپ، ئۈرۈمچىگە خەت توشۇيدىغان قارا ماشىنا بار-يوقلىقىنى سۈرۈشتە قىلاتتى. ئەركىن سىدىق بىر قېتىم ئۈستى ئوچۇق خەت توش
ۇش ماشىنىسىدا، خەت خالتىلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتتى. ھەر كۈنى كەچتە ماشىنىدىن چۈشكەندە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۇس
تى-بېشى خۇددى كونا ئۆيلەرنى چاقىدىغان قارا خىزمەتچىلەرنىڭكىگە ئوخشاش توپا بىلەن قاپلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قارا
ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىغا چىدىماقمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. يەنە بىر يىلى ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى ئا
قسۇ يۇڭ زاۋۇتىدىن ئۈرۈمچىگە مال توشۇيدىغان بىر قارا ماشىنىنى تاپتى. ئۇنىڭ شوپۇرى بىر خەنزۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەركىن سىدىقنى ئ
ۈرۈمچىگە بىكارغا ئاپىرىپ قويۇشى ئۈچۈن ئەركىن سىدىقنىڭ دادىسى ئۆيىدىكى بىر قانچە كىلو ياڭاق بىلەن يەنە بىر قانچە كىلو گۈ
لىنى 2 خالتىغا قىلىپ، شوپۇرغا سوغا قىلدى. ئۇ شوپۇر ئەركىن سىدىقنى ئېلىپ شىڭخاغا كەلگەندە ئەركىن سىدىقنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈ
پ قويۇپ، "بىر دەم ساقلاپ تۇر. مەن ئۆزۈمنىڭ ئازراق ئىشىنى تۈگىتىپ، قايتىپ كېلىپ سىنى ئېلىۋالىمەن"، دېدى. ئەركىن سىدىق چ
ولڭ تاش يول بويىدا سومكىسىنى تۇتۇپ ساقلىدى. بىر سائەت ساقلىدى. ئىككى سائەت ساقلىدى. ئۈچ سائەت ساقلىدى. لېكىن ئۇ شوپ
ۇر قايتىپ كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلاجسىز شىڭخادا ياتاققا چۈشۈپ، ئەتىسى ئۈرۈمچىگە بارىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ
، ئۈرۈمچىگە ئاپتوبۇس بىلەن قايتىپ كەتتى. ئەمما، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئىچكىرىگە ماڭغۇچە بولغان بىر ھەپتە، ۋە ئىچكىر

Unregistered

ىدىكى يىغىندىن قايتىپ كېلىپ، دەرس باشلانغىچە بولغان 10 كۈن جەريانىدا ئۆرۈمچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان تۇرمۇش پۇلى يو
ل كىراسى بىلەن تۈگەپ كېتىپ، ئەركىن سىدىق قاتتىق قىينالغان ئىدى.

ئۇ چاغدا مەكتەپ باشلانغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقىغا پۇل ئېلىنمايتتى. ئەركىن سىدىق ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ك
ۆزدە تۇتۇپ، ئىمكانقەدەر ئاتا-ئانىسىدىن پۇل سورىماي، ئىنتايىن ئاددىي-ساددا ياشايتتى. بەزىدە 3 ئاي ئىچىدە ئاتا-ئانىسىدىن
ئالغان پۇل 5 سومغىمۇ بارمىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ قەلىمى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، باشقا مەقسەت بىلەن ي
ېزىلغان نەرسىلىرى ئۇ-بۇ يەردە ئېلان قىلىنىپ قېلىپ، شۇنىڭ قەلەم ھەققىمۇ ئەركىن سىدىقنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن ناھايىتى ئ
ەسقاتقان ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭ "توك يولى" دېگەن دەرسنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ھەممە ئوقۇغۇچىلاردىن تاپشۇرۇق ئورنىدا بىر پارچە ماق
الە يېزىشنى ئورۇنلاشتۇردى. يېزىلغان ماقالىنى سىنىپنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ ئوقۇغاندا، ئەركىن سىدىقنىڭ ماقالىسى سىنىپتىكىلەرنى
ڭ ھەممىسىنى تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن دەرس ئوقۇتقۇچىسى ئەركىن سىدىققا ئۇ ماقالىنى "شىنجاڭ مائارىپ ژۇرنىلى" غا يوللا
ش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماقالە ئاشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىپ، ئەركىن سىدىققا ئازراق قەلەم ھەققى كەلدى. ئەر
كىن سىدىقنىڭ "مەن قانداق ئۆگەندىم"، "ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قانداق تەييارلىق قىلىش كېرەك؟" دېگەن ماقالىلىرىمۇ "شىنجا
ڭ ياشلار ژۇرنىلى" قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، ئۇلارنىڭمۇ قەلەم ھەققى كەلدى. ئەركىن سىدىق سۇلتان مۇئەللىمنىڭ يېتەكچى
لىكىدە يازغان "مىكرو دولقۇن تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى قوللىنىشى" ماۋزۇلۇق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى "شىنجاڭ بىلىم-كۈچ
ژۇرنىلى" دا ئېلان قىلىندى.

ئەركىن سىدىق ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشتىن باشقا، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسنى مىللە
تنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىدى. مىللەتكە پايدىلىقلا ئىش بولسا، ئۇ مەيلى چوڭ ئىش بولسۇن ياكى كىچىك ئىش بولسۇن، ئۇ ئىش
لارنى قىلىچە ئىككىلەنمەستىن قىلىپ تۇردى. شۇ ۋاقىتتىكى بىر مەزگىل شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشلۈك
تاماق ئېلىشى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. تاماق ئېلىشتا ھەممە ئوقۇغۇچىلار 3-4 دېرىزىدە ئۆچىرەت تۇرىدىغان بولۇپ، ئوغۇل ئوقۇغۇ
چىلار داۋاملىق قىز ئوقۇغۇچىلارنى بوزەك قىلىپ، ئۆچىرەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋېلىپ، تاكى بارلىق ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار تاماق ئېلىپ
بولمىغىچە قىز ئوقۇغۇچىلارغا نۆۋەت تەگمەيدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەركىن سىدىق دەسلەپىدە مە
كتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇيغۇر كادىرلىرىنى 2 كىشىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ بۆلۈپ، ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا بىر گۇرۇپ
پىدىكى 2 كىشى بىلىكىگە قىزىل بەلگە باغلاپ، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا ئۆچىرەت ساقلايدىغان قىلدى. گەرچە ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆز
ى مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسىدەك يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىدە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئۆچىرە
ت ساقلاشنى 1-بولۇپ ئۆزى باشلاپ بەردى. كېيىنچە مەكتەپكە تەكلىپ بېرىپ، ئوغۇللار بىلەن قىزلار تاماق ئالىدىغان دېرىزىنى ئاي

UnRegistered

رىۋەتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىشتىن چەكسىز خۇرسەن بولۇشتى. بىر مەزگىل ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى بىر بىنانىڭ 2-قەۋىتىد
ە بولغان بولۇپ، قىش كۈنى پەلەمپەيدىن چىقىپ چۈشكىچە ئوقۇغۇچىلار مۇزغا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشىدىغان ئىشلار كۆپ كۆرۈلدى. ئ
ۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇيغۇر كادىرلىرىنى تەشكىللەپ، ھەر كۈنى ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەنلىك
تاماققا كېلىشتىن بۇرۇن پەلەمپەيدىكى مۇزلارنى تازىلىغۇزۇپ قويىدى.

1979-يىللىرىنىڭ باشلىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى قەييۇم باۋۇدۇن بىر قېتىملىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار چوڭ
يىغىنىدا مۇنداق دېدى: "بىز 30 يىل تىرىشىپ، ئۇيغۇر پروفېسسوردىن ئاران ئىككىنى يېتىشتۈردۇق (جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسس
ورى مىجىت خۇدابەردى بىلەن ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىننى دېمەكچى). بۇنىڭدىن كېيىنكى
30 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر پروفېسسوردىن يەنە ئاران ئىككىسى چىقسا، ئۇ بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر چوڭ نومۇس. شۇڭا سىلەر چوقۇم تىرى
شىپ ياخشى ئوقۇڭلار." بۇ سۆزلەر ئەركىن سىدىقنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەركىن سىدىقمۇ مە
كتەپتىكى بارلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئىمكانقەدەر چوڭراق تەسىر كۆرسىتىشكە ئىزچىل تۈردە تىرىشتى. يېڭى مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغا
ن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا چوڭ يىغىن ئاچقاندا، ئۇ "ھازىرقى زاماندا بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال ئا
ساسەن كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدىغان ئىشلار ھازىرمۇ ناھايىتى كۆپ
كۆرۈلىۋاتىدۇ. تىل بىلىم ئىسكىلاتىنىڭ ئاچقۇچى. شۇڭا سىلەر ھازىردىن باشلاپ ۋاقىتنى چوڭقۇر قەدىرلەپ، تەييارلىق باسقۇچىدىكى بە
ر يىلدىن پايدىلىنىپ خەنزۇ تىلىنى پۇختا ئىگىلىۋېلىڭلار"، دېدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدا دىلمۇرات تۇرسۇن ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتەتت
ى. دىلمۇرات تەنتەربىيەگە ئىنتايىن قىزىقىدىغان بولۇپ، پۈتۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇش جەريانىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋالىبول كو
ماندىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ قىسقا يۈگۈرەشتىمۇ ئىنتايىن ماھارەتلىك بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئ
الىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 200 مېتىر، 400 مېتىر ۋە 800 مېتىرلىق يۈگۈرۈش تۈرلىرىنىڭ يېڭى رېكورتىنى ياراتقان ئىدى. ئۇ مۇ
شۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەر كۈنى چېنىقاتتى. كۈنىگە 3 ۋاق يۈگۈرەيتتى. قىش پەسلى 1-ئاينىڭ زىمىستان كۈنلىرىمۇ كۈن
ىگە 3 ۋاق يۈگۈرەيتتى. ياز پەسلى 7-، 8-ئاينىڭ ئوتتەك ئىسسىق كۈنلىرىمۇ كۈنىگە 3 ۋاق يۈگۈرەيتتى. يامغۇر ياغقاندىمۇ يۈگۈرەي
تتى. قار ياغقاندىمۇ يۈگۈرەيتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت بىرلا: ئۆزىنىڭ تەنتەربىيەدىكى ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىل
لەت ئۈچۈن شان-شەرەپ قازىنىش. بەزىلەر ئۇنىڭ ھەر كۈنى يۈگۈرەپ يۈرگىنىنى زاڭلىق قىلىشقان ئىدى. لېكىن ئەركىن سىدىق ئۇن
ى قاتتىق ھۆرمەتلەيتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز مىللىتىگە تۆھپە قوشالايدىغان 1-ئىشى ئۆز ئىشىنى ھېچ بولمىغاندا
باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ياخشى قىلىش، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇلاردىن ئاشۇرۇپراق ياخشى قىلىش. ئەگەر ھەر بىر س
اھەدە دىلمۇرات تۇرسۇندەك كەسىپتە باشقا مىللەتلەرنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان، يېڭى رېكورت يارىتالايدىغان ئۇيغۇردىن بىرسى چى

UnRegistered

قسا، مىللەتنىڭ تەقدىرى پۈتۈنلەي باشقىچە بولار ئىدى.

ئەركىن سىدىق ئۇيغۇرلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىۋار بېرىلىشىگە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. شۇڭا بىر قانچە سورۇندا ئۇ: "ئۇيغۇرلارغا باش
قىلارنىڭ ئېتىۋار بېرىشى ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى. لېكىن، بۇ بىر شەرەپلىك ئىش ئەمەس. ئۇ بىر نومۇس ئىش. بىر مىللەت پەقە
ت ئۆز ئالدىغا نورماللىقى ياشاپ ماڭالمىغاندا، ئاندىن باشقىلارنىڭ ئېتىۋار بېرىشىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بىز ئۇيغۇرلار ئە
مكانىقەدەر تېزراق ھازىرقىدەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشىمىز، باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشىمىز كېرە
ك"، دېدى. بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا ئۇ ئوقۇش، خىزمەت، ۋە خىزمەت ئورنىدا ئۆسۈش قاتارلىق ھەممە جەھەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ پۈرسە
ت ئالدىدا باشقىلار بىلەن باراۋەر بولىدىغانلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئىدى. 1982-يىلى 7-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 1
-كۈنىگىچە، ئەركىن سىدىق ئېچكىركى ئۆلكىنىڭ تەييۈەن شەھرىگە بېرىپ، مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ بىر قېتىملىق رە
ئىسلەر يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىن جەريانىدا ئۇلار بىر يەرلىك ھەربىي بازىدا، شۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان باشقا بىر تۈركۈم ۋ
ەكىللەر بىلەن بىرلىكتە، مىلتىق بىلەن قارىغا ئوق ئېتىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ھەر بىر ئادەمگە 7 پايدىن ئوق بېرىلىپ، ئۆزىدىن
100 مېتىر يىراقلىقتىكى قارىغا نىشانلاپ ئوق ئاتتى. ئوقنىڭ نىشانى قىلىپ قويۇلغان قارا تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا
ئوق تەگسە، قارا يەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قارىسىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئوقنى باشقىلارنىڭ قارىسىنى
چەنلەپ ئاتسا بولىۋېرەتتى. ئەركىن سىدىق ئوق ئېتىۋاتقاندا، ئۆز ئوقىنىڭ قارىغا تەگكەنلىكىنى نەچچە قېتىم ئاڭلىدى. لېكىن ئۇنە
ڭ قارىسى يەرگە چۈشمىدى. ئوقنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ بولسىمۇ قارا يەرگە چۈشمىدى. باشقىلار ئۆز قارىسىنى چۈشۈرىۋېتىپ، ئەركىن
سىدىقنىڭ قارىسىنى ئاتقاندا، ئوق قارىغا تېگىپ چىققان ئاۋازنىمۇ ئەركىن سىدىق ئاڭلاپ تۇردى. بۇ نۆۋەت ئوق ئاتقان ھەممەيلەنە
ڭ ئوقى تۈگىگەندە، بىر ھەربىي باشلىق كېلىپ، "ماۋۇ كىشى ئاز-سانلىق مىللەت بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئېتىۋار بېرىپ، يەنە 5 پاي ئوق بې
رىڭلار"، دېدى. ئەركىن سىدىق كېيىنكى نۆۋەت ئوق ئاتىدىغانلار قاتارىدا يەنە ھېلىقى 5 پاي ئوقنى ئېتىپ تۈگەتسىمۇ، ئۇنىڭ قارە
سى يەنىلا چۈشمىدى. ئىككىنچى نۆۋەتلىك قارىغا ئوق ئېتىش تاماملانغاندىن كېيىن، بېرىپ تەكشۈرۈپ، ئەركىن سىدىقنىڭ قا
رىسى ئوق تەگسىمۇ چۈشۈپ كەتمەيدىغان بولۇپ ئېسىلىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. ئەركىن سىدىققا بۇ قېتىمقى "ئېتىۋار بېرىلىش" قاتتە
ق تەسىر قىلىپ، ئۇ ئىنتايىن غەزەپلەنگەنلىكتىن نەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭ ئاچچىقى ئۇيقۇسى كەلمىدى.

1982-يىلى 2-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 5-كۈنىگىچە، ئەركىن سىدىق "ئىلغار ئوقۇغۇچىلار كادىرى" ۋەكىلى بولۇپ، بېيجىڭدا ئېچىلغان
مەملىكەتلىك 3 تە ياخشى ئوقۇغۇچىلار، ئىلغار ئوقۇغۇچى كادىرلىرى ۋە ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ يىغىنغا ئۇيغ
ۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 4 كىشى بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر، قالغان ئىككىسى خەنزۇ ئىدى. يە
غىن جەريانىدا مەملىكەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جياڭ نەنشياڭ ۋە قالغان 4 مۇئاۋىن مىنىستىرلار يىغىنغا قاتناشقا

Unregistered

ئاز-سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىنى ئايرىم قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپ-پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى. بۇ يىغىندا ئەركىن سىدىق قول كۆتۈ
رۈپ سۆز قىلىپ، مۇنۇلارنى دېدى: "شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇش قۇراللىرى ئىنتايىن ناچار. ھازىر 80-يىللار بولسىمۇ، بىزنىڭ
ئالىي مەكتەپتە ئىشلىتىدىغىمىز يەنىلا ئىنتايىن چاپاق، خېتىنى ئوبدان ئوقۇغىلى بولمايدىغان دەرس لېكسىيىسى. بىزدە تېخىچە تەبىئ
ي پەننىڭ رەسمىي بېسىلىپ چىققان دەرسلىك كىتابى يوق. گەپنىڭ راستىنى دېسەم، ئەگەر سىلەر شىنجاڭغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغ
ۇر خەلقلەر ئارىسىدا بىر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كەم دېگەندە 90 پىرسەنت كىشىلەرنىڭ جۇڭگو كوممۇنىس
تىك پارتىيىسىگە قارىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ياخشىراق كۆرىدىغانلىقىنى بايقايسىلەر. بۇ نېمە ئۈچۈن دېسەڭلار، شىنجاڭغا 50-يىللا
ردىلا سوۋېتتا بېسىلغان قاتتىق تاشلىق ئۇيغۇرچە تەبىئىي پەن كىتابلىرى كىرگەن ئىدى. لېكىن بىز سىلەردىن ئاز-سانلىق مىللەتلەرگە
ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ مائارىپىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ بېرىمىز' دېگەن تەشۋىقا
اتنى ئاڭلىغىلى 30 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ پەقەت بىر تەشۋىقات بولۇپ، گېزىتتىلا تۇرىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ جەھەتتە ھې
چ قانداق چوڭ ئۆزگىرىش يوق. ئىشەنمىسەڭلار شىنجاڭغا بېرىپ ئۆزۈڭلار تەكشۈرۈپ بېقىڭلار". ئەركىن سىدىقنىڭ سۆزىدىن كېيىن، ي
ىغىن زالىدىكى ۋەكىللەر قاتتىق چاۋاك چېلىپ كەتتى. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولغىچە، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ 4 ۋە
كىلىنى باشلاپ كەلگەن ئۆمەك باشلىقى بىر تەرەپتىن "بولدى قىلىڭ، ئۇكام. ئەمدى توختىتىڭ، ئۇكام"، دەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرك
ىن سىدىقنىڭ قولىنى تارتىپ تۇردى. لېكىن ئەركىن سىدىق دېمەيدىغىنىنى تولۇق دەپ بولۇپ، ئاندىن سۆزدىن توختىدى.

80-يىللارنىڭ بېشىدا، خۇ ياۋباڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى بولغاندا، ئۈرۈمچىدە بىر قېتىم "3 دەرىجىلىك
كادىرلار يىغىنى" ئېچىلدى. يىغىندا "ئۈچىنى 60 پىرسەنت قىلىش" قارارى ماقۇللاندى: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 60 پىرسەنتىن
ى ئاز-سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش، ئىشچىلارنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئاز-سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش، ۋە كادىرلارنىڭ 60 پىرسەنتىنى
ئاز-سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش. يىغىن ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭ روھىنى تۆۋەندىكىلەرگە يەتكۈزۈش بولۇۋاتقاندا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايو
نلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئۈرۈمچىدىكى بارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسلىرىنى يىغىپ، بىر قېتىم سۆھبەت ي
ىغىنى ئاچتى. يىغىنغا قاتناشقان رەئىسلەرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇردىن پەقەت ئەركىن سىدىقلا بار ئىدى. بۇ يىغىنغا قاتنىشىشتىن بۇرۇن يۇق
ۇرىقى "ئۈچىنى 60 پىرسەنت قىلىش" قارارىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ يۈرگەن ئەركىن سىدىق، بۇ يىغىندا بىر قېتىم چوڭقۇر دەرس ئ
الدى: خەنزۇ ئوقۇغۇچى كادىرلار ئارقا-ئارقىدىن سۆزلەپ، يۇقۇرىقى يېگىلىقتىن خۇشال بولۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭغا چوڭقۇر نارا
زىلىق بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا "ئاز-سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن تۇرسا، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەم ئىش ك
ەلمەيدىغان تۇرسا، بۇنداق قىلغاندا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە ساھەدىكى سەۋىيىسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتمەمدۇ؟" دېگەنلە
رمۇ بولدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ رادىئو ئېلېكترونىكىسى كەسپىنى تاللىغىنىغا قاتتىق پۇشاي

UnRegistered

مان قىلدى. "ئىسست، مەن سىياسەتتىمۇ ياكى باشقا بىر ئىجتىمائىي پەندىمۇ ئوقۇپ، مۇشۇلار بىلەن قاتتىق تۇتۇشسام بولماسمىدى؟"،
دەپ ئويلىدى. شۇ ۋاقتتىنلا ئۆزىدىلا ئۇ ئۆز كەسپىنى ئۆزگەرتىۋېتىشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن ئۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەڭ ئا
خىرى سۆزلەش نۆۋىتى ئەركىن سىدىققا كەلگەندە، ئۇ تىترەپ كەتتى. كۆزلىرى ياشقا لىق تولدى. ئۇ مىڭ تەسلىكتە مۇنداق دېدى:
"بىز ئۇيغۇرلارنىڭ پەقەت بىرلا تەلىپىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىنى شۇ پېتى ئىجرا قىلىش". ئەركىن سىد
ىقتىن كېيىن، ئىنتىپاق كومىتېتىنىڭ خەنزۇ 1-قول سېكرېتارى بىر قېتىم قاتتىق "ئۇھ" تارتىۋېتىپ، ئاستا ۋە سالماق ئاۋازدا، يىغىندىكى
لەرگە مۇنداق بىر ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى: "جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر ۋىلايەت شەھىرىدە بىر يىپەكچىلىك سودا شىركىتى
ى بار. ئۇ ئىدارىنىڭ 1-قول باشلىقى خەنزۇ بولۇپ، 2-قول باشلىقى ئۇيغۇر. يېقىنقى 3 يىل ئىچىدە بۇ خەنزۇ باشلىق ئىچكىرىدىكى ئۆلك
ىدىن 18 نەپەر تۇغقىنىنى ئەكىلىپ، ئۆز ئىدارىسىگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. لېكىن ھېلىقى ئۇيغۇر باشلىقنىڭ ئايالى تېخىچە يېزا نوپۇ
سىدا بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر باشلىق تۇرمۇشتا بەك قىيىنلىپ قېلىپ، 5 يىلدىن بۇيان ئايالىنىڭ نوپۇسىنى شەھەرگە يۆتكەپ بېرىشنى تەلە
پ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشى تېخىچە ھەل بولماپتۇ. ئويلاپ بېقىڭلار. بىز خەنزۇلاردىكى ئىنساپ نەگە كەتتى؟. بىز مۇشۇنداق ئىنسا
پسىز مىللەتمۇ؟".

UnRegistered

# 6. ئالىي مەكتەپ (2)

كەسپىي ئوقۇش، ئۆزلۈكىدىن چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنىڭ ھەممىسىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن ئېلىپ ماڭغان ئەركىن سىدىقنىڭ ئىش-ئىزلىرى گېزىت، ژورنال ۋە رادىئولاردا بىر مەزگىل كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زور تەسىرلەرنى قوزغىدى. 1981-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېقىن بىر ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپى (ئېھتىمال ئۈرۈمچى 14-ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇشى مۇمكىن) ئەركىن سىدىقنى شۇ يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قانداق تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەركىن سىدىق ئۆز لېكسىيەسىنىڭ مەزمۇنىنى پەقەت ئىمتىھانغا قانداق تەييارلىق قىلىش توغرىسىدىكى مەزمۇن بىلەنلا چەكلەپ قويماي، ئۆزى بىر قانچە يىل جۇڭگو ياشلىرى گېزىتى ۋە جۇڭگو ياشلىرى ژورنىلى قاتارلىق خەنزۇچە ماتېرىياللارنى ئوقۇش ئارقىلىق توپلىغان، تىل، مائارىپ، ئوقۇش، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى، ھەمدە بۇ ساھەدە جۇڭگو ۋە چەت ئەلدىكى داڭلىق ئەربابلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى رەتلەپ، ئۇلارنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىغان ئاساستا 2 سائەتلىك بىر سۆز نۇتقى تەييارلاپ چىقتى. ئۇ ھېلىقى مەكتەپكە بېرىپ، 150 تەك ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلارغا سۆزلەپ، مەيداندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈردى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا يىغىن مەيداندىكىلەر چاۋاك چالغاندىن باشقا ۋاقىتتا، خۇددى يەرگە بىر دانە يىڭنە چۈشۈپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغاندەك جىمجىتلىققا چۆمگەن ئىدى. بەزى مۇئەللىملەر ئەركىن سىدىقنىڭ سۆزىنى ئۈنئالغۇغا ئېلىۋېلىپ، ئۆيىگە ئاپىرىپ بالىلىرىغا قويۇپ بەردى. كېيىن شىنجاڭ ياشلار ژورنىلى بۇ سۆز تېكىستىنى قىسقارتىپ، "ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قانداق تەييارلىق قىلىش كېرەك" دېگەن ماۋزۇ بىلەن باستى. ئۇنى شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىمۇ ئاڭلاتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ "مەن قانداق ئۆگەندىم" دېگەن بىر پارچە ماقالىسىمۇ شىنجاڭ گېزىتىغا بېسىلىپ، رادىئودا ئاڭلىتىلغان ئىدى. 1982-يىلى 5-ئاينىڭ 7-كۈنى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ھەر ئىككى نۇسخىسىغا ئەركىن سىدىق توغرىسىدا "توختىماي ئالغا بېسىۋاتقان ئوقۇغۇچى" دېگەندەك بىر ماۋزۇدا بىر باش ماقالە بېسىلدى.

ئوقۇغۇچىلار ۋەزىپىسىدىن 5 نى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئۆزىنىڭ كەسپىي ئوقۇشىدىن باشقا كەم دېگەندە بىر چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىۋاتقان ئەركىن سىدىق ئۈچۈن ۋاقىت ئىنتايىن قىس ئىدى. ھەر ھەپتىدە كەم دېگەندە 3 كۈن چۈشتىن كېيىننى مەكتەپتە ئېچىلغان ھەر خىل يىغىنلارغا قاتنىشىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 14-16 سائەت ئىشلىدى. ئۇ چاغدا بىر ھەپتىدە پەقەت يەكشەنبە كۈنى بىر كۈنلا دەم ئالىدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق بۇ كۈنىمۇ ھەرگىز دەم ئالمىدى. ئۇ شەنبە كۈنلىرى كەچتە ئۆزىنى چاقىرغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياكى يۇرتلۇق دوستلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىغا چوقۇم باراتتى. مانا بۇ ئەركىن سىدىقنىڭ ھەر بىر ھەپتە ئىچىدىكى بىردىن-بىر دەم ئېلىش ۋاقتى ئىدى. ئۇ ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئىنچىل تۈردە ۋاقىت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش توغرىسىدا ئىزدەندى. شۇ جەرياندا ئۇ بىر داڭلىق ئەربابنىڭ "ۋاقىتنى سېكۇنت بويىچە ھېسابلايدىغان ئادەم

نىڭ ۋاقتى ۋاقتىنى مىنۇت بويىچە ھېسابلايدىغان ئادەمنىڭ ۋاقتىغا قارىغاندا 60 ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ"، دېگەن سۆزىنى ئۇچراتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ۋاقتنى سېكونت بويىچە ھېسابلايدىغان بولدى. ئۇ يەنە بىر داڭلىق ئەربابنىڭ بىر ئىشنى قىلىپ ھېرىپ كەتكەند
ە، يەنە بىر ئىشنى قىلىپ ۋاقتنى ئىسراپ قىلماسلىق تەجرىبىسىنى ئۇچراتتى. بۇنى ئۇ "ئاق رەڭلىك بوردا خەت يېزىپ دوسكىدىكى
خەتنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغاندا، قىزىل رەڭلىك بوردا خەت يازسا داۋاملىق كۆرگىلى بولىدۇ"، دېگەنگە ئوخشىتىپ چۈشى
نىپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇسۇلدىن ئىزچىل تۈردە پايدىلاندى. يەنى، ئەگەر ئۇ ئېلېكتىر دەرسىنى كۆرۈپ ھېرىپ كەتسە، ماتېماتىكا
ياكى ئىجتىمائىي پەن دەرسلىرىنى كۆردى. بۇ ئۇسۇلنى مەكتەپ ئىچىدىمۇ كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى. ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈ
چۈن ئۇ تاماققا ئۆچىرەت تۇرغاندا ئىنگلىز تىلى خام سۆزىنى يادلىدى. ئاپتوۋۇزدا بىر يەرگە ماڭغاندىمۇ خام سۆز يادلىدى. يىغىنىنىڭ
ئالدى-كەينىدىمۇ خام سۆز يادلىدى. كەسپىي دەرس ئوقۇشى بىلەن شۇغۇللانغان 4 يىل جەريانىدا، ئۇ ئاران 3 قېتىم كىنوخانىغا بېرى
پ كىنو كۆرۈپ باقتى. ئۆز غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇ باشقا ئۇيغۇر ياشلىرى بەھرىمەن بولىدىغان ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدى
ن ۋاز كەچتى. 1982-يىلى 5-ئاينىڭ 5-كۈنى قالدۇرغان خاتىرىسىدە ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلات جەدۋىلىنى مۇند
اق تۈزگەن ئىدى (بۇ يەردىمۇ شىنجاڭ ۋاقتى ئىشلىتىلدى):

سائەت 5:00 تىن 5:40 كىچە: ئورنىدىن تۇرۇش، يۇگۇرۇش، چېنىقىش، يۈز يۇيۇش

سائەت 5:40 تىن 6:50 كىچە: چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش

سائەت 6:50 تىن 7:30 غىچە: ئەتىگەنلىك تاماقنى يېيىش، خام سۆز يېزىش

سائەت 7:30 تىن 11:30 كىچە: دەرس ئوقۇش، دەرس تەكرارلاش

سائەت 11:30 تىن 12:30 كىچە: چۈشلۈك تاماق يېيىش، گېزىت ئوقۇش

سائەت 12:30 تىن 14:00 كىچە: چۈشلۈك ئۇخلاش

سائەت 14:00 تىن 17:30 كىچە: دەرس ئوقۇش، دەرس تەكرارلاش

سائەت 17:30 تىن 18:00 كىچە: كەچلىك تاماق يېيىش

UnRegistered

سائەت 18:00 تىن 21:30 گىچە: كەسپىي دەرسلەرنى تەكرارلاش

سائەت 21:30 تىن 22:00 گىچە: ياپونچە رادىئو لېكسىيىسىنى ئاڭلاش

سائەت 22:00 تىن 23:00 گىچە: كەسپىي ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش

دېمەك، ئەركىن سىدىقنىڭ ئاخشىمى كارىۋاتتا ئۇخلىغىلى ياتىدىغان ۋاقتى جەمى 6 سائەت بولغان.

1979-يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى ئەركىن سىدىقنىڭ قېشىغا ئاقسۇدىن كەلگەن بىر كىشىنى ب
اشلاپ كەلدى. بۇ كىشى ئەسلىدە ئامانگۇل (ئەركىن سىدىقنىڭ مازىرىقى ئايالى) نىڭ تۇغقىنى بولۇپ، ئامانگۇل بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچ
ۈن بۇ مەكتەپكە كەلگەن ئىكەن. ئامانگۇلنى نەدىن تېپىشنى بىلمەي، بۇ ئوقۇغۇچىدىن سورىغاندا، بۇ ئوقۇغۇچى ئەركىن سىدىقنىڭم
ۇ ئاقسۇدىن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇ كىشىنى ئەركىن سىدىقنىڭ قېشىغا باشلاپ كېلىشى ئىكەن. ئۇ چاغدا ئامانگۇلنى ئەركىن سىدى
ق تونۇمايدىغان بولۇپ، ئامانگۇلنىڭ قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيدىغانلىقىنى سورىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ كىشىگە ئامانگۇلنى ئىزدەپ تېپ
ىپ بەردى. شۇ چاغدا قارىسا ئامانگۇلنى ئەركىن سىدىق بۇرۇن كۆرگەن ئىكەن: ئەركىن سىدىق ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتە
پ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇيغۇر شۆبىسىنىڭ ئەزاسى ۋاقتىدا، ئامانگۇل خەنزۇ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇلار بىر قانچە قېتىملىق يىغ
ىنلاردا بىرگە بولغان ئىدى. لېكىن، ئۇ چاغدا ئامانگۇل ئوغۇل بالا بىلەن پاراڭلىشىش ياكى ئوغۇل بالا بىلەن باشقا ھەرقانداق مۇناس
ىۋەتتە بولۇشنى بىر خىل ئەخلاقسىزلىق ۋە نومۇس قىلىدىغان ئىش، دەپ بىلگەچكە، ئاشۇ نەچچە قېتىم بىرگە قاتناشقان كىچىك يىغىن
جەريانىدا ئەركىن سىدىققا بىرەر قېتىممۇ سەپ سېلىپ قاراپ باقمىغان ئىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئەركىن سىدىق ئامانگۇلنى بىر ئاز چۈشە
نىپ باقماقچى بولدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن ئەركىن سىدىق ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگىلى چىققاندا، ئامانگۇلمۇ تىل ئۆگە
نىشكە چىقاتتى. ئەركىن سىدىق ئامانگۇلنىڭ قېشىغا بېرىپ، 5-10 مىنۇت ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى. گەرچە ئۆزىنىڭ ئىنگلىز تىلى سە
ۋىيىسى شۇ چاغدا ئامانگۇلنىڭكىدىن تۆۋەن بولمىسىمۇ، ئەركىن سىدىق بەزىدە ئىنگلىز تىلى توغرىسىدا سوئال سورىغان بولۇپ ئاما
نگۇلنىڭ قېشىغا باراتتى. بەزىدە ئۆزىدە بار كىتابنى ئامانگۇلدىن يەنە ئارىيەت ئېلىش باھانىسى بىلەن، ۋە كېيىنلىكتە ئۇ كىتابنى قاي
تۇرۇش باھانىسى بىلەن ئامانگۇلنىڭ قېشىغا باراتتى. بەزى كۈنلىرى ئامانگۇل بىرەر ئىش تۈپەيلىدىن ئەتىگەنلىك ئۆگىنىشكە چىقما
ي قالسا، ئەركىن سىدىقنىڭ كۆڭلى پۈتۈن بىر كۈن يېرىم ئۆتەتتى. شۇ ئارقىلىق ئەركىن سىدىق ئاستا-ئاستا ئامانگۇلنى چۈشىنىشكە ب
اشلىدى. ئامانگۇل باشلانغۇچ 1-سىنىپتىن تارتىپ ھەممە مەكتەپنى خەنزۇچىدا ئوقۇغان بولۇپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرىدا ئوقۇ

Unregistered

ۋاتقان ۋاقىتدا ئوقۇشى سىنىپ بويىچە ئەڭ ياخشى ئىدى. شۇڭا ئۇ ھەر خىل ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىگە تەيىنلەنگەن ئىدى. كىتاب ئوقۇشقا
ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا جۇڭگودا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان دۇنيادىكى داڭلىق رومانلارنىڭ ھەممىسنى
ئوقۇپ بولغان ئىدى. شۇڭا ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنىڭ بەزى جەھەتلىرىدە ئامانگۇل ئەركىن سىدىقتىن يۇقىرىراق تۇراتتى. نۇرغۇن ئىشلاردا
ئىككىسى ناھايىتى ئوبدان پاراڭلىشالايتتى. مۇشۇنداق بىر قانچە ئاي ئۆتۈش جەريانىدا، ئەركىن سىدىقنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئامانگ
ۇلگە كۆڭلى چۈشتى. 79-يىلى 7-ئايدا، ئەركىن سىدىق ئۆز كۆڭلىنى ئامانگۇلگە ئىزھار قىلدى. ئامانگۇل بىر قانچە ھەپتە ئويلىنىپ
، ئاندىن ئەركىن سىدىققا جاۋاب بەردى: ئۇ ئەركىن سىدىق بىلەن يۈرۈشكە ماقۇل بولدى. بۇ مۇھەببەتلىشىشنىڭ پەقەت بىرلا مەقسىت
ى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ كەلگۈسىدە ئىككىسى توي قىلىش. ئەركىن سىدىق بۇ ۋاقىتلاردا ئىنتايىن ئالدىراش بولسىمۇ، ئامانگۇلگە قاتتى
ق كۆڭلى چۈشكەنلىكتىن، ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق بىرگە بولغۇسى كېلەتتى. لېكىن، ئەركىن سىدىقنىڭ نەزىرىدە، بىر ئوغۇل بالا بىر قىز
غا تەلەپ قويۇشتىن بۇرۇن مۇنداق 2 شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك: 1. ئۇ قىزنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى كۆرۈشى كېرەك. 2. كەلگۈسىدە ئۇ
قىزنى بەختلىك قىلالايدىغان ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ھەر كىم ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تۈردە ياخشى كۆرگەن كىشىسىنى كەلگۈسىدە ئازاب-
ئوقۇبەتلىك ھالەتكە تىقىپ قويۇشنى خالىمايدۇ. ئادەم ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى ھەممىدىن بەك قەدىرلەيدۇ. ئەگەر بە
ر ئوغۇل بالا ئۆزى ھەقىقىي تۈردە ياخشى كۆرىدىغان قىزنى بەختلىك قىلالمىسا، ئۇ قىزنى ھەقىقىي تۈردە قەدىرلەش نۇقتىسىدىن بولسى
مۇ ئۇ قىزدىن ئايرىلىپ كېتىشى كېرەك. بۇ مەزگىل ئەركىن سىدىق كەلگۈسىدە ياخشى ياشاش ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەۋاتقان ۋە ھەر خىل ئ
ىقتىدارلارنى يېتىلدۈرۈۋاتقان مەزگىل ئىدى. بۇ نۇقتا ئەركىن سىدىقنىڭ كاللىسىدا ئىنتايىن ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇھەببەتكە قاتتىق ب
ېرىلىپ كېتىشتىن قەتئىي ساقلاندى. ھەرگىز كۆڭۈلنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىۋېلىشىغا يول قويمىدى. بۇ ئىشنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى
كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ، ۋە ئۆز-ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى، دەپ بىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاما
نگۇلمۇ ئىنتايىن تارتىنچاق بولۇپ، يۇقىرىقىدەك كونا ئىدىيىلەردىن تېخى ئازات بولالمىغان ئىدى. ئۇ ماتېماتىكا فاكۇلتېتى "ھەساپلا
نما ماتېماتىكا" (خەنزۇچە "计算数学") كەسپىدىكى 77-يىللىق مىنكاۋخەن سىنىپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ سىنىپى ئەركىن سىدىقنىڭكى
بىلەن باشقا-باشقا بىنادا ئىدى. باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن خىجىل بولۇپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆز سىنىپىغا ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىن
ى يوشۇرۇنلىقى چەكلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ چاغدا قىزلار ياتاق بىناسىدا ئىشىك باققۇچى بار بولۇپ، ئوغۇللارنىڭ ئۇ بىنادىكى قىزلارنى ئىزدە
پ كېلىشىگىمۇ يول قويمايتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىق بىرەر ئىش بولسا، ئامانگۇلگە سىنىپىدىكى قىزلار ئارقىلىق گەپ ئېيتىپ بېرەتتى. ئ
ۇلار ئەڭ كۆپ بولسا، ھەپتىدە پەقەت بىر قېتىملا كۆرۈشەتتى. ئەركىن سىدىق بارىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغىمۇ ئامانگۇل ئا
ساسەن بارمايتتى. "ئامانگۇل بەزى يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرى ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ
اق چاغلاردا ئۇلار ھەپتىدە بىر قېتىممۇ كورۈشەلمەيتتى."
بۇ ئىككىسىنىڭ يۈرگىنىنى بىلىدىغان، ئەمما كونكرېت ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان بەزى ئوقۇغۇچىلار "ئەركىن سىدىق ئامانگۇلنى بە
ك قاتتىق تۇتىدىكەن"، دەپ ئويلاپ يۈرگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئىش پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. بىر قېتىم ئەركىن سىدىق ئاماڭ
گۇلنى بىرگە بىر كىنو كۆرۈپ كېلىشكە مىڭ تەسلىكتە قايىل قىلدى (بۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان، ئەركىن سىدىق 4 يىل جەريانىدا بىرىنچى باق

Unregistered

قان 3 قېتىملىق كىنونىڭ بىرسىدۇر). ئۇلار ئىنتىپاق كۇلۇبىغا بېرىپ، ئىككى بېلەت ئېلىپ كىنوخانىغا كىرىپ قارىسا، بۇ ئىككى بېلەت
كىنوخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىكەن. ئەركىن سىدىقنى ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر ئوق
ۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تونۇيدىغان بولۇپ، بۇ كىنوخانىغا كىنوغا بارىدىغانلارمۇ ئاساسەن شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئە
دى. شۇڭا ئەركىن سىدىق ئۇچۈن بىر ئورۇندۇقنى ئالماشتۇرۇش ئىنتايىن ئاسان ئىش ئىدى. لېكىن، بۇ ئىشقا ئامانگۈل خىجىل بولۇپ
ئۇنىمىدى. ئەركىن سىدىق ئامانگۈلگە توختىماي بىر ئورۇندۇقنى باشقىلار بىلەن ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا پەس ئاۋازدا ياكى شەرەت بى
لەن يالۋۇردى. پۈتۈن ئەس-ھۇشى ئامانگۈلدە بولۇپ، كىنودا نېمە چىقىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ كاللىسىغا ئازراقمۇ كىرمەيتتى. ئارىلىقتىن بى
رەر سائەت ئۆتۈپ، كىنونىڭ يېرىمى تۈگىگەندىن كېيىن، ئامانگۈل ئورۇن ئالمىشىشقا ئاران ماقۇل بولدى. ئەركىن سىدىق يېنىدىكى
ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىغا سوز ئېچىپ بولغىچە ئۇ مەكرەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز ئورۇندۇقىنى ئۆتۈنۈپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئەركىن سىدى
ق ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا ئامانگۈل بىلەن مانا مۇشۇنداق بىر قېتىم بىرگە كىنو كۆرەلىدى. ئەركىن سىدىق ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانغا ئاز
قالغاندا، ئۈرۈمچىدە ئاقسۇ سەنئەت ئۆمىكى تەييارلىغان "مۆلجەر تاغ بورانلىرى" ناملىق بىر ئۇيغۇرچە دراما قويۇلدى. ئەركىن سىدى
ق ئامانگۈلدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن بۇ دراماغا ئىككى بېلەت ئېلىپ، ئىككىسى خەلق تىياتىرخانىسىدىكى دىرامىغا بىرگە بارد
ى. ئويۇن تۈگىگەندە كوچا ئاپتۇۋۇزلىرى توختاپ قالىدىغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىق بىر ئۈرۈمچىلىك ساۋاقدىشىنىڭ ۋېلىسىپتىنى ئا
رىيەت ئالدى. لېكىن، تىياتىرخانىغا بارغىچە ئامانگۈل خىجىل بولۇپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ۋەلسىپتىگە مىنىپ بېرىشقا ئۇنىمىدى. شۇنى
ڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى ۋېلىسىپتنى يېتىلەپ، تىياتىرخانىغا پىيادە باردى. ئامانگۈل يولدا تونۇشلار ئۇچراپ قالسا خىجىل بولۇشتىن ئەن
سىرەپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ئالدىدا 2 مېتىر ئارىلىق قويۇپ پىيادە ماڭدى. كەچتە دراما تۈگەپ، مەكتەپكە قايتىپ كېلىدىغاندا، قارا
ڭغۇدا ھېچ كىم ھېچ كىمنى تونۇيالمايدىغان بولغاچقا، ئامانگۈل ئاران ئەركىن سىدىقنىڭ ۋەلسىپتىدە بىرگە قايتىپ كېلىشكە ماقۇل بو
لدى.

ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 5 يىل ئوقۇش جەريانىدا، يۇقۇرىقىدەك قىلىپ خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى ۋە ياپون تىلىنى ئۆگە
ندى. مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇغۇچىلار خىزمەت ۋەزىپىسىدىن 5 نى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ھەممە پەقەت بىر قېتىم
لىق مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىدا 94 نومۇر ئېلىپ قالغاندىن باشقا، 5 يىل ئوقۇش جەريانىدىكى باشقا بارلىق ئىمتىھانلاردا 100 دىن نوم
ۇر ئالدى. ئوقۇش ۋە خىزمەت جەھەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەكتەپ رەھبەرلىكىنى ۋە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنى تولۇق رازى ۋە قايىل ق
ىلدى. ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ ياشلار ژورنىلى، شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى ۋە جۇڭ
گو خەلق گېزىتى قاتارلىقلار ئارقىلىق كەڭ-كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى. (ئەركىن سىدىق مەتبۇئاتلارغا بېسىلغان، ئۆزى يازغان ۋە ئۆزى
توغرۇلۇق باشقىلار يازغان گېزىت-ژورنالدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ماڭغان بولسىمۇ، ئۇ 1988-يىلى ياپونىيىدىكى ئوقۇ
شتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ بۇ ماتېرىياللىرىنى شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ بىر مۇخبىرى ئارىيەتكە ئېلىپ كەتكەن. ئەمما ئۇن

UnRegistered

ىگەدىن كېيىن ئۇلارنى قايتۇرۇپ بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق ئۆزى يىغقان ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىدىن قۇرۇق قالغان. ( ئ
ەگەر ئاشۇ مۇخبىر ھېلىقى ماتېرىياللارنى ھازىر قايتۇرۇپ بېرەلىسە، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار بولغان بولاتتى.) ئوقۇ
ش پۈتتۈرۈش ۋاقتى يېقىنلىشىشقا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەسىپ بىلەن مەمۇرىي خىزمەتتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرسىنى تاللا
ش ۋاقتى كەلدى.

ئەركىن سىدىق مەكتەپتىكى ھەرخىل سىياسىي ۋە مەمۇرىي يىغىنلارغا قاتنىشىش جەريانىدا، ئۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن
ئۆمۈرنىڭ ھېچ قانداق قىممىتى يوقلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇد بولغان ئوقۇشىنىڭ
ھەممىسى ئوقۇپ، ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىپ، شۇ ئارقىلىق باشقىلار قىلالىغان ئىشنى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قىلالايدىغانلىقىنى
ئىسپاتلاشقا قەتئىي ئىرادە باغلىغان ۋە شۇنىڭغا غايە تىكلىگەن ئىدى. 1982-يىلىنىڭ ئىچىدە ئۇ بىر قېتىم بېيجىڭغا يىغىنغا بارغاندا، م
ەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىمۇ ياكى سىياسىي كېڭەشمۇ ئىشقىلىپ بىر مەملىكەتلىك يىغىنغا قاتناشقىلى كەلگەن بىر قىسىم پېشقەدەم ئۇ
يغۇر كادىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇلار ئەركىن سىدىققا بىرلا ئېغىز دىن: "ئۇكام، ھەرگىز مەمۇرىي خىزمەت قىلمىغىن، دەپ ئۆز
ۆڭنى بىزدەك نابۇت قىلىۋالما. چوقۇم ئۆز كەسپىڭنى داۋاملاشتۇرۇپ، مىللەت ئۈچۈن بىر ئاز شان-شەرەپ كەلتۈرگىن"، دېدى. ئامانگۇ
لمۇ ئەركىن سىدىقنىڭ نام چىقىرىشىغا ۋە باشلىق بولۇشىغا ئىنچىك تۈردە ئىنتايىن قارشى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەتلىك ئىتتىپاق
كومىتېتىنىڭ بىر سېكرېتارى بولۇپ ئىشلەۋاتقان قەييۇم باۋۇدۇن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ سابىق مۇدىرى ئايش
ەم ئاپپاي، فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى سۇلتان مۇئەللىم ۋە باشقا بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى ھەم خەنزۇ باشلىقلارمۇ ئەركىن سىدىقنىڭ كە
لگۈسىدە كەسپىي جەھەتتە چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئۆز كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇ م
ەزگىللەرنىڭ بىر كۈنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1-سېكرېتارى جاڭ ياڭ ئەركىن سىدىقنى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرى
پ كىرىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى ( ئۇ كىشى كېيىنلىكتە شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1-سېكرېتارى بولدى): "ئەر
كىن، ھازىر سېنىڭ ئالدىڭدا ئىككى چوڭ يول بار. ئۇنىڭ بىرسى مائىا ئوخشاش كادىر بولۇش. ئەگەر سەن بۇ يولنى تاللىساڭ، ناھايە
تى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، تېزلا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كادىر بولۇپ ئۆسۈپ كېتەلەيسەن. ئۇ چاغدا مائىا ئوخشاش سېنىڭ ئايى
نم شوپۇرۇڭ بولىدۇ. ھەتتا ئايىرىم ئاشپەزىڭمۇ بولىدۇ. ھەدىسلا زىياپەتتە يۈرۈپ، جاپا چەكمەي باياشات ياشىيالايسەن. سەن ئۈچۈ
ن 2-يول ئۆز كەسپىڭنى داۋاملاشتۇرۇش. مەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھازىرغىچە كەسپتە سەندەك پەۋقۇلئاددە بۆسۈپ چىققان بىرسىنى كۆرۈ
پ باقمىغان. كادىر بولالايدىغان ئۇيغۇرلار كۆپ. لېكىن كەسپىنى سەندەك قىلالايدىغان ئۇيغۇرلارنى مەن ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىدىم.
شۇڭا مېنىڭچە ئەگەر سەن كەسىپ يولىنى تاللىساڭ، ئۆز مىللىتىڭگە چوڭراق تۆھپە قوشالىشىڭ مۇمكىن. ئۆزۈڭ ئوبدان ئويلاپ قارار قى
لغىن." ھەقىقەتەنمۇ ئۇ چاغدا ئەركىن سىدىق بىلەن ئوخشاش ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ باققان كىشىلەرنىڭ مەمۇرىي جەھەتتە خېلىلا ئىستى
قبالى بار ئىدى. ئەركىن سىدىق بىلەن بىرگە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن چېڭ خۇا ئۇنىۋېرسىتې
تىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋۇ شاۋزو كېيىنلىكتە مەملىكەتلىك تەنتەربىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولدى. 1989-يىلى ئەركىن سىدىق ئام

ېرىكىدىن يۇرتنى يوقلاش ئۈچۈن قايتىپ بېرىپ، ئامېرىكىغا قايتىشىدا ۋۇ شاۋزوغا تېلېفون قىلغان ئىدى، ۋۇ شاۋزو ئەركىن سىدىقنى ئ
ۆزىنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىلەن بېيجىڭ ئايدۇرۇمىغا ئەچىقىپ قويغان ئىدى. ھەممە بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق ۋاقىتتا بېيجىڭگە ك
ەلگەندە ئۇنى ئىزدىشنى ئېيتقان ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ پەرىزىچە، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بە
رلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى بولۇپ ئىشلىگەن 16 ئوقۇغۇچىدىن كەم دېگەندە 5 كىشى ھازىر جۇڭگونىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئ
ورۇنلىرىدا ھوقۇق تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەركىن سىدىق كەلگۈسى ئۈچۈن يول تاللايدىغان ئەڭ ئاخىرقى پەيت كەلگ
ەندە، قىلچە ئىككىلەنمەستىن كەسىپ يولىنى تاللىغان بولۇپ، بۇ يولنى ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە.



ئەركىن سىدىقنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلىرى. ئەڭ ئالدىنقى قۇر ئوڭدىن سانىغاندىكى 5-كىشى ئەركىن سىدىقنىڭ 5 يىللىق سىنىپ مۇدىرى شەرىپ مۇئەللىم بولىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىشلەيدۇ.



ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئالدىدا.



ئەركىن سىدىقنى ئىزچىل تۇردە قوللاپ، ئۇنىڭغا ھەر دائىم يېقىندىن ياردەمدە بولغان سۇلتان جانبولاتوۋ مۇئەللىم. بۇ رەسىم 2006-يىلى 9-ئايدا تارتىلغان. سۇلتان مۇئەللىم كېيىنلىكتە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قاتارلىق بىر قاتار يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىلەردە بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەرجىمھالىغا قىزىققۇچىلار تۆۋەندىكى تور بېتىنى زىيارەت قىلسا بولىدۇ: http://janbolat.anyp.cn/

UnRegistered



ئەركىن سىدىق ساۋاقدىشى ۋە دوستى دىلمۇرات تۇرسۇن بىلەن بىرگە. بۇ رەسىم 1980-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە تارتىلغان. دىلمۇرات تۇرسۇن ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ئىلمى ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.



ئەركىن سىدىق سىنىپ مۇدىرى شەرىپ مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن رەڭسىز تېلېۋىزور تەجرىبىسى ئىشلىمەكتە. بۇ رەسىم ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم بىر ژۇرنالدىكى ئەركىن سىدىقنى تونۇشتۇرىدىغان بىر پارچە ماقالە بىلەن بىرگە ئېلان قىلىنغان ئىدى. قايسى ژۇرنال ئىكەنلىكى ھازىر ئەركىن سىدىقنىڭ ئېسىدە قالماپتۇ.

UnRegistered



1981-يىلىدىن 83-يىلىغىچە 4-نۆۋەتلىك مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن ئوقۇغۇچى كادىرلارنىڭ خاتىرىسى. بىر
ىنچى قۇر سولدىن سانىغاندىكى 5-كىشى ئەركىن سىدىق، ئوڭدىن سانىغاندىكى كۆزەينەك تاقىۋالغان 3-كىشى ياش ئۇيغۇر خىمىي
ە ئالىمى زەپەر ئابلىزدۇر. ئەركىن سىدىق ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسىنى ئۆز ياتىقى قىلىپ تۇرغان بولۇ
پ، ئۆزىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن زەپەر ئابلىز بۇ ئىشخانىدا ئەركىن سىدىق بىلەن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بىرگە تۇرغان ئىدى.



1982-يىلى يازدا ئېلىپ بېرىلغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يازلىق دالا پائالىيىتىگە قاتناشقان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوغۇ
ل ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرىسى. ئەركىن سىدىق مۇشۇ قېتىملىق پائالىيەتنىڭ 1-قول مەسئۇللۇقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

UnRegistered


UnRegistered

مەملىكەتلىك 19-نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى رەئىسلىرىنىڭ خاتىرىسى. بۇ رەسىم 1979-يىلى 5-ئايدا تارتىلغان. ئەركىن سى
دىقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان كۆزەينەكلىك كىشى موڭغۇل مىللىتىدىن بولۇپ، قالغانلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇ مىللىتىدىن. ئوتتۇرا قۇرد
ىكى ئەركىن سىدىقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان كىشى ئەينى ۋاقىتتىكى مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى
ىڭ رەئىسى ۋە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى ۋۇ شاۋزۇ بولۇپ، بۇ كىشى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەملىكەتلىك تەنتەربىيە
مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئۇ خىزمەتنى تاكى 1998-يىلغىچە داۋاملاشتۇرغان.

## 7. ئاڭخەي دىكى بىلىم ئاشۇرۇش

ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇغان كەسپىي دەرسلەرنىڭ بىرسى "ئېلېكترو-ماگنىتلىق مەيدان ۋە دولقۇنلار" دەپ ئاتىلىد
ىغان بولۇپ، ئۇ نۇر ۋە باشقا ئېلېكترو-ماگنىتلىق دولقۇنلارنىڭ قانداق قىلىپ بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە تارقىتىلىدىغانلىقى، ھەمدە ئۇ
لارنىڭ باشقا ماتېرىياللارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى دەرستۇر. ئۇ ئېلېكتر ئېنژېنېرلىكى كەسپى ئۈچۈن
ئىنتايىن مۇھىم دەرسلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. فىزىكا كەسپىدىكى 3 چوڭ نەزەرىيەنىڭ بىرسىمۇ ئەنە شۇدۇر. بۇ دەرسنىڭ ئېلې
كتر ئېنژېنېرلىكى (رادىئو ئېلېكترونىكىسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ساھەسىدىكى باشقا دەرسلەر بىلەن بولغان چوڭ پەرقى، بۇ دەرستە ئېلېكت
رو-ماگنىتلىق دولقۇننى تەسۋىرلەيدىغان ماتېماتىكىلىق فورمۇلالاردا ۋېكتورلۇق قىممەتلەر كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، قالغان كەسپ
ي دەرسلەردە بولسا ۋېكتورلار ئۇنچىۋالا كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇڭا بۇ دەرس ئېلېكتر ئېنژېنېرلىكى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بىر قەدەر
تەس تۇيۇلىدۇ. ئەركىن سىدىق ھازىرغىچە جۇڭگو، ياپون ۋە ئامېرىكىدا ياشاپ باققان بولۇپ، بۇ 3 دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇ باشقى
لارنىڭ ئاغزىدىن "ئېلېكترو-ماگنىتلىق دولقۇننى ئۆگەنمەكمۇ تەس، دەرس قىلىپ ئۆتمەكمۇ تەس، ھەمدە ئىشلىتىشمۇ تەس" دېگە
ن سۆزنى ئاڭلاپ باقتى. بۇ دەرسنى ئۆگىنىش تەس بولغاچقا، ئەركىن سىدىق بارغان دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇغۇچىلار بۇ دەرسنى
ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىغىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆردى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا بۇ دەرستە تەربىيىلەنگەن بىرەرمۇ
ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى يوق بولۇپ، ئامالسىزلىقتىن باشقا بىر ساھەدە دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىدىن بىرىنى ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىغا
مۇشۇ دەرسنى ئۆتۈشكە قويغان ئىدى. نەتىجىدە ئۇ ئوقۇتقۇچى بۇ دەرسنى ياخشى ئۆتەلمەي، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ھەر قېتىملىق دەر
ستە ئوقۇتقۇچى ئۈستىدىن قاقشاپلا ئولتۇردى. ئەركىن سىدىق بولسا بىر ئاز بولسىمۇ بىر نەرسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇ ئوقۇ
تقۇچىدىن توختىماي سوئال سورايتتى. مەۋسۇمنىڭ ئوتتۇرىسى بولۇپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئوقۇتقۇچى ئەركىن سىدىقنى چاقى
رتىپ، ئۇنىڭغا: "ئۇكام، كېلەر قېتىملىق دەرسنى سەن ئۆتۈپ باقامسەن؟" دەپ سورىدى. ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، كېيىن
كى قېتىملىق دەرسنىڭ ۋاقتى كەلگىچە بۇ دەرسكە ئەتراپلىق تەييارلىق قىلدى. ھەمدە بىر قېتىملىق دەرسنى ئۆتتى. ئەركىن سىدىق ئال
دى بىلەن بۇ قېتىملىق مەزمۇنغا ئائىت بۇرۇنقى مەزمۇنلارنى بىرەر قۇر تەكرارلىۋېتىپ، ئۇنىڭ كەيندىن يېڭى مەزمۇننى سۆزلىدى. ئۇ
نىڭ لېكسىيىسى ئىنتايىن سىستېمىلىق ۋە چۈشىنىشلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلىگەندە ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆز
ىگە ناھايىتى جەلپ قىلالايدىغان بولغاچقا، ساۋاقداشلىرى بۇرۇنقىدەك ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماي، دەرسنى ئىنتايىن زېھىن قويۇپ ئاڭلىد
ى. ھەمدە دەرس ئاخىرلاشقاندا، سىنىپتىكى ساۋاقداشلار بىردەكلا قاتتىق چاۋاك چېلىپ كەتتى. دەرستىن چۈشكەندە بەزىلەر ئۇنىڭ قېشى
غا كېلىپ: "ئەركىن، مەن بۇ دەرسنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم چۈشىنەلىدىم"، دېدى. بۇ دەرسنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئاجىز بولغاچقا، ئوقۇغۇچى
لارغا ھېچ قانداق تاپشۇرۇق بەرمىدى. ھېچ قانداق مەشىقمۇ ئىشلەتكۈزمىدى. يېرىم مەۋسۇملۇق ۋە مەۋسۇم ئاخىرىدىكى ئىمتىھانلارن

UnRegistered

سمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ھەرخىل ۋېكتورلۇق فورمۇلالار بىلەن ئۇلارنىڭ فىزىكىلىق مەنىسىنى يادلىغۇزۇپ، شۇنىڭدىنلا ئىمتىھان ئالدى. ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىدا بايان قىلغان "مىكرو دولقۇن تېخنىكىسى" مۇ يۇقۇرقى ئېلېكترو-ماگنىتلىق دولقۇنى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى ئۆزىنىڭ ئۇستازى سۇلتان مۇئەللىم بىلەن فاكۇلتېتتىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن ئىدى.

77-يىللىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار 1983-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرەتتى. 1983-يىلى 1-ئايدا ئەركىن سىدىق كەلگۈسىدە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى قارار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، فاكۇلتېتنىڭ مۇدىرى سۇلتان مۇئەللىم ئەركىن سىدىقنى كەلگۈسىدە ئەشۇ ئېلېكترو-ماگنىتلىق دولقۇنى دەرسىنى ئۆتۈشكە تەقسىم قىلدى. ھەمدە 77-يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتىنى ئېلان قىلىشتىنمۇ ساقلىماي، ئەركىن سىدىقنىڭ شائىخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتىر ئېنژېنېرلىكى فاكۇلتېتىغا بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

1983-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنى، ئەركىن سىدىق شائىخەيگە يېتىپ كەلدى. ھەمدە 2-ئاينىڭ 21-كۈنى 1-مەۋسۇملۇق دەرسنى باشلىدى. دەرس باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 2-ئاينىڭ 28-كۈنى، مەملىكەت بويىچە شۇ يىللىق ئاسپىرانتلىققا كىرىش ئىمتىھانى ئېلىندى. ئەركىن سىدىق ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشنى ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھېچ قانداق ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر ئاسپىرانتلىق ئوقۇغۇچىلىرىنى تېخى قوبۇل قىلالمايدىغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىق ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن نەنجىڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئېلېكترو-ماگنىتلىق دولقۇنى كەسپىگە تىزىملاتقان ئىدى. ھەمدە تىزىملاتقان ۋاقىتتىن تارتىپ، كۈچىنىڭ بېرىچە بۇ ئىمتىھانلارغا تەييارلىق قىلىپ كەلگەنىدى. ئىمتىھان ئېلىنغان پەنلەرنىڭ بىرسى سىياسەت دەرسى بولۇپ، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى تارىخىنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىق يالغۇز بۇ دەرسنىڭ مەزمۇنىغا خەنزۇچە تەييارلىق قىلىپلا قالماي، ئادەم بىلەن جايلارنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچىدا قانداق يېزىشقىمۇ تەييارلىق قىلىشقا توغرا كەلدى. ھەمدە ئۇ ئېلېكترو-ماگنىتلىق دولقۇنى ساھەسىدە يۇقۇرىقى ئىككى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن جىق ئاجىز ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىملىق ئىمتىھانىغا ئىنچىل تۆردە كۈچىنىڭ بېرىچە تەييارلىق قىلىپ قاتناشقان بولسىمۇ، ئۇنى يۇقۇرىقى ئىككى مەكتەپ ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلمىدى.

ئەركىن سىدىق ئۇ چاغدا كۆڭلىگە مۇنداق بىر نىشانىنى پۈككەن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئېلېكترو-ماگنىتلىق دولقۇنى بىلەن مىكرو دولقۇن تېخنىكىسى كەسپلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، يۇرتىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇش. دېمىسىمۇ ئۇ چاغدا ئەركىن سىدىق ئۇيغۇر دىيارىدا بۇ ساھەدە ئىشلەيدىغان بىرمۇ ئادەمنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىرەر قىي

ن مەسلىگە دۇچ كېلىپ قېلىپ ياردەم سوراي دېسە، ياردەم بېرەلەيدىغان بىرەرمۇ كىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ ئۇنىۋېر
ستېتىنىڭ مىكرو-دولقۇن دەرس تەجرىبخانىسىنى قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسىمۇ ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق 1-سائەت
لىك دەرستىن باشلاپ قاتتىق تىرىشىشنى باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچ سائەت 11 دە كۇتۇپخانىنى تاقىغىچە كۇتۇپخانىدا ئۆگىنىش قىلد
ى. كۇتۇپخانا تاقالغاندىن كېيىن ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىكى فاكۇلتېتىنىڭ رادار تەجرىبخانىسىغا بېرىپ، كېچە سائەت 12 دىن ئاشقىچە ي
ەنە ئۆگىنىش قىلدى (بۇ تەجرىبخانىنىڭ توكى كېچىچە توختاپ قالمايتتى). دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋە بايرام كۈنلىرىمۇ پەقەت دەم ئال
ماي ئۆگىنىش قىلدى. بۇ مەكتەپ جۇڭگو بويىچە ئەڭ داڭلىق 5-6 مەكتەپنىڭ بىرسى بولغاچقا، ئەركىن سىدىق بىرگە ئوقۇغان ئوقۇغۇ
چىلار ئۆگىنىش ئىقتىدارى ۋە كەسپى ئاساسى جەھەتلەردە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر سىنىپىنى پۈتت
ۈرگەن سەۋىيە بىلەن بىر تەرەپتىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قالغان ئوقۇغۇچىلارغا يېتىشىپ مېڭىشقا تىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇ
چى سىنىپتا سۆزلىمىگەن ۋە تاپشۇرۇق قىلىپ بەرمىگەن مەشقلەرنىڭ ھەممىسنى ئۆزى ئىشلەپ ماڭدى. قىيىنچىلىققا يولۇقسا دەرستىن
چۈشكەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭدىن سورىدى. ئۇ داۋاملىق ئوز-ئۆزىدىن: "مەن ئۆزەم دەرس ئۆتكەندە، ماۋۇ
مەسىلىنى قانداق چۈشەندۈرىمەن؟" دەپ سوراپ تۇردى. كىتابتا ئۆزى چۈشەنمەيدىغان بىرەر مەزمۇننىڭ بولۇشىغا قەتئىي يول قويمىد
ى. ئۇنىڭ نىشانى ئۇ ئۆزى بۇرۇن بېشىدىن كەچۈرگەن، بەزىلەر ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىكىگە ئائىت كەسپى دەرسلەردە "ئەگەر مۇنداق مۇ
نداق قىلسا، مۇنداق بولىدىكەن" دەپ ئۆزى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېكايە سۆزلىگەندەك دەرس ئۆتىدىغان ئەھۋالغا ئۆزۈل-كېس
ىل خاتىمە بېرىش ئىدى.

ئەركىن سىدىق شائىخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىگە يېڭى بارغاندا، بۇ مەكتەپكە شىنجاڭ 1-ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن خال
ق ۋە ئابلىكىم ئىسىملىك ئىككى ئوقۇتقۇچىمۇ بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان بولۇپ، بۇ ئۈچەيلەن بىر ياتاقتا تۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەك
تەپتە ئۇلار بېرىشتىن بىرەر يىل بۇرۇن قوبۇل قىلىنغان، كەسپى "پەن-تېخنىكىغا ئائىت ئېنگلىز تىلى" بولغان بىر "شىنجاڭ سىنىپى" بار
بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن 30غا يېقىن ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر بولۇپ، ئوغۇل ئ
وقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقى ئەركىن سىدىقنىڭ بىلەن ئۈتتۈر خوشنا ئىدى.

پۈتۈن ياتاق بىنالىرىدا قىش كۈنى پار يوق، ۋە يازكۈنى ھاۋا تەڭشىگۈچ يوق ئىدى. شۇڭا قىش كۈنلىرى كۇتۇپخانا ۋە سىنىپلار تاقاق
ۋاقتىدا ياتاقتا ئۆگىنىش قىلغاندا، ھەممە ئوقۇغۇچىلار ئىمكانىقەدەر يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۆگىنىش قىلاتتى. لېكىن، قول بىلەن
خەت يازىدىغاندا ياكى ماتېماتىكىلىق ھېسابلارنى ئىشلەيدىغاندا يەنە سوغاق ياتاقتا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇ
ئالاشقا ئەركىن سىدىق قىش كۈنلىرى بىر چوڭ بوتۇلكىغا قايناق سۇ قاچىلىۋېلىپ، ئۇ بوتۇلكىنى قولىغا تەككۈزۈپ تۇرۇپ، ياكى ئۇنى ق
ۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلدى. يازكۈنلىرى شائىخەيدە پاشا تولا، ھاۋا ئىنتايىن تىنجىق ۋە نەم بولىدۇ. يۇغان كىيىملەر 4-5 كۈن
دە ئاران قۇرۇيدۇ. خۇرۇم ئاياق ۋە خۇرۇم ساندۇقلار نەملىكتە كوكۇرۇپ كېتىدۇ. ئادەم ياتاقتا ئۆگىنىش قىلغاندا، كىيىم كىيىپ ئولتۇر

UnRegistered

سا ئىسسىقنىڭ دېمىقىغا چىدىغىلى بولمايتتى. كېيىمنى سېلىۋېتسە پاشا چاقاتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىق كالتە ئىشتىنىدىن باشقا ھەممە
كىيىمنى سېلىۋېتىپ، بىر ئاق داكا رەختتىن تىكىلگەن پاشىلىقنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئۆگىنىش قىلاتتى. مەكتەپنىڭ تامىقىمۇ ئىنتايىن ن
اچار بولۇپ، ھەر كۈنى چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماق ئۈچۈن كېسەك شەكىلدە كېسىلگەن گۆرۈچ تامىقىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. بۇ گۈ
رۈچ نورمالنى گۆرۈچلەردىن ئەمەس بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش يۈزىسىدىن 10 يە
لدىن ئارتۇق ئاش ئىسكىلاتلىرىدا ساقلانغان كونا گۆرۈچ ئىدى. شۇڭا كېسەك شەكىلدىكى گۆرۈچنىڭ رەڭگى ئاق بولماستىن، بەزى ي
ەرلىرى ئاق، بەزى يەرلىرى قىزغۇچ بولۇپ، بىر ئالا-چىپار رەڭلىك كېسەككە ئوخشايتتى. بۇنداق گۆرۈچنىڭ تەممۇ ئىنتايىن ناچار ئى
دى. مەكتەپكە يېقىنراق بىر جايدا تۆككان ئاشخانىسىدىن بىرسى بولسىمۇ، ئۇ پەقەت جۇۋاۋىدىن باشقا نەرسە ئەتمەيتتى. بۇ كېسەك
گۆرۈچتىن بەك زېرىكىپ كېتىپ، بىر يەكشەنبىلىك دەم ئېلىش كۈنى ئەركىن سىدىق ئۆزى تاماق يەيدىغان تۆككان ئاشخانىسىدىكىل
ەردىن ئاشخانىنى 2 سائەتلىك ئارىيەت ئېلىپ، بىر قېتىم ئۆزى لەغمەن ئېتىپ، بىر قىسىم ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە يېدى.

قايتىپ بارغاندىن كېيىن مىكرو-دولقۇن تەجرىبىخانىسى تۇرۇشقا پۇختا تەييارلىق قىلىش يۈزىسىدىن، ئەركىن سىدىق ھەر مەۋسۇمدە
مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن 3 دەرس تاللىغاندىن باشقا، ئۆزىگە ئۇستاز بولغان گۇ رۇيلۇڭ ئىسىملىك پروفېسسورنىڭ مىكر
و-دولقۇن تەجرىبىسى دەرسىگە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. ئۆز مەكتىپىدە ۋە شاڭخەي شەھىرى راي
ونىدا ئوتكۈزۈلگەن مىكرو-دولقۇن تېخنىكىسىغا ئائىت ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، "شىنجاڭ
سىنىپى" ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئېنگلىز تىلىدا ئۆتۈلگەن "ئالىي مەكتەپ ماتېماتىكىسى" دەرسىنىمۇ ئىزچىل تۈردە قوشۇمچە قىلىپ ئاڭلى
دى. ئۇ چاغدا شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تەبىئىي بايلىق ئەھۋالىنى بىر سىستېما قۇرۇلۇشى سۈپە
تىدە تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىنى كۈنتەرتىپكە ئالغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق مۇشۇ قۇرۇلۇش تۈگرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي دوك
لاتلارنىڭ ھەممىسىگىمۇ بىرىنى قالدۇرماي قاتناشتى.

ئەركىن سىدىق قوشۇلۇپ ئوقۇغان سىنىپ ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىكى فاكۇلتېتىنىڭ 1984-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان سىنىپى بولۇپ، 198
3-يىلى يازلىق تەتىلدە مەكتەپ ئۇلارنى 2 ھەپتىلىك پراكتىكىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەركىن سىدىق بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەر
ھاللا سۇلتان مۇئەللىم بىلەن ئالاقىلىشىپ، بۇ پراكتىكىغا ئۆزىنىڭمۇ قاتنىشىشىنى ئىلتىماس قىلدى. سۇلتان مۇئەللىم ئەركىن سىدىقنى
قوللاپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بۇ پراكتىكا ئۈچۈن شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىگە تۆلەيدىغان خىراجەتنى ھەل قىلىپ بەردى.
شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق 1983-يىلى 7-ئايدا نەنجىڭ شەھىرىگە بېرىپ، شۇ يەردىكى بىر مەخپىي ھەربىي رادار زاۋۇتىدا 2 ھەپ
تە پراكتىكا قىلدى. ئۇلار بۇ جەرياندا رادار ھەققىدە دەرس ئوقۇدى. رادارلارنى ئىشلەپ چىقىرىش جەريانىنى كۆزدىن كەچۈردى. زاۋۇتنى
ڭ ئىچىدىكى بىر رادارنى باشقۇرۇپ، نەنجىڭ شەھەرلىك ئايرودرومغا چۈشكەن ھەممە ئۇ يەردىن ئۇچقان ئايروپىلانلارنى رادار ئار

Unregistered

قىلىق كۆزىتىشنى مەشىق قىلدى. ھەمدە رادارنى سىناق قىلىش مەيدانىغىمۇ بىر قانچە كۆن باردى. بۇ مەيدان نەنجىڭ شەھىرىدىن خېلى
ى يىراقلىقتىكى بىر يېزىدا بولۇپ، ئۇ يەرگە 1-كۈنى بارغاندا، ئۇ ئەتراپتىن ئەركىن سىدىق چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن بىرەر تۈگكان ئاش
خانىسى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۈنى ئۇ چۈشلۈك تاماق يېمىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ ئەتىگەنلىك تامىقى ئۈچۈن 100 گراملى
ق ھور نېنىدىن 2-3 نى يەۋېلىپ، كەچتە ئۆز جايىغا قايتىپ كەلگىچە تاماق يېمىدى. 7-ئايلاردا نەنجىڭنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ئىسسى
ق ھەم ئىنتايىن نەم بولغاچقا، ھەمدە ئۇ چاغدا تېخى توڭلاتقۇ بولمىغاچقا، ھور نېنىنى ئېلىۋالسا، ئۇ چۈشكىچە بۇزۇلۇپ قالاتتى. نەن
جىڭدە 7-ئايلارنىڭ كېچىسى ئىسسىق ۋە نەملىك تۈپەيلىدىن ئادەمنىڭ ئۇخلىشى ئىنتايىن تەس ئىدى. شارائىت ئاشۇنداق ناچار بول
سىمۇ، بارلىق پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر نەرسە ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق ھېچ كىمگە ھېچ نىمە توغرىسىدا تەلەپ قويمىد
ى. جىم-جىت يۈرۈپ، ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان ھەممە نەرسىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشتى. ئىككى مەۋسۇمدە خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپى
غا قوشۇلۇپ ئوقۇغان 6 كەسپىي دەرسنىڭ ھەممىسىدە 80 دىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، بۇ مەكتەپنىمۇ ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىمۇ رازى
قىلدى.

بۇ ۋاقىتچە ئەركىن سىدىق تېخى جۇڭگودىكى مىللەتلەردىن باشقىنى ئۇچرىتىپ باقمىغان بولۇپ، ياپونلۇقلارنىڭ ۋە يەھۇدىيلارنىڭ قا
نداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ياپونىيەدە 2 يېرىم يىل ياشاپ، ھەمدە ئامېرىكىغا كېلىپ بىر قانچە يەھۇدىيلار بىلەن بىرگە ئى
شلەپ باققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شائىخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئۆگىنىش ئىشىدا تۇتقان يولىنى ئەسلە
ەپ، شۇ ۋاقىتلاردا ئۆزىمۇ خۇددى ياپونلۇق ۋە يەھۇدىيلارغا ئوخشاش ھەممە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەممە پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆز
ى ئېرىشەلىگەن 1-يولنى ئېتىپ قويماي، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كىچىك يولنى چوڭايتىپ، بىلىم يولىدا يۈكسەك ئش
جائەت بىلەن داۋاملىق ئالغا ئىنتىلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنداقلا نوپۇسى 10 مىليونغا بارمايدىغان، ئادەملىرى دۇنيانىڭ ھەممە
يەرلىرىگە تارقىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلاردىن قانداق قىلىپ ھازىرغىچە 160 تىن كۆپ كىشى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلىگەنلىكىنىمۇ چۈ
شىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەھۇدىيلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىنىڭ نادان ۋە ئاجىز ئىكەنلىكىنىمۇ چوڭقۇر ھېس
قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىيلارغا سېلىشتۇرماي تۇرۇپمۇ، ئەركىن سىدىق ئۇيغۇر جەمىيىتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى توختى
ماي تەھلىل قىلىپ، توختىماي كۆزىتىپ، ئۆزىدە بىر يۈرۈش چۈشەنچە ھاسىل قىلغان ئىدى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرسى ئەينى ۋاقىتتا ئىچ
كىرىكى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپتە قۇرۇلغان "شىنجاڭ سىنىپى" دىن ئىبارەت. ئەركىن سىدىق شائىخەيدە ئوقۇۋاتقان م
ەزگىل مۇشۇنداق سىنىپلار قۇرۇلغىنىنىڭ 2-يىللىرىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ سىنىپلار بار مەكتەپتە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئەركىن سىد
ىقنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى. ئىنتايىن ئېچىندۇردى. ئەركىن سىدىق ئۆز مەكتىپىدىكى "شىنجاڭ سىنىپى" نىڭ دەرسىگە بارغاندا،
ھەر كۈنى 2-3 ئوقۇغۇچى "ئاغرىپ قالدۇق"، دەپ دەرسكە كەلمەيتتى. بىر قانچە ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمەي، مەكتەپتى
ن چېكىنىش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقى بىر 6 قەۋەتلىك چوڭ ياتاق بىناسىنىڭ 1-قەۋىتىدە بولۇپ،
بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇلار ياتىقىدا كېچە سائەت 12 دىن ئاشقىچە ئولتۇرۇش قىلىپ (بىنانىڭ چىرىقى ئۆچۈرۈلگەندە ياتاقتا شام ياندۇ

UnRegistered

رۇپ قويۇپ)، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، پۈتۈن بىنادىكىلەرنى ئۇخلاتقۇزمىدى. ئۇلارغا گەپ قىلغىلى كەلگەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئ
ۇرۇپ، مەكتەپتە بىر چوڭ ۋەقە تۇغدۇردى. شائىخەيدىن باشقا يەرلەردىكى "شىنجاڭ سىنىپى" ئوقۇغۇچىلىرىدىنمۇ، بەزىلىرى "قوش قە
ۋەتلىك كارىۋاتتا يېتىش بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىزگە خىلاپ"، دەپ مەكتەپكە دەۋا قىلىپ، بىر قەۋەتلىك كارىۋاتتا يېتىشنى تەلەپ قىلغ
ان. يەنە بەزىلىرى "بىز قۇربان ھېيتىدا چوقۇم قوي ئۆلتۈرمىسەك بولمايدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ئادىتى"، دەپ، مەكتەپلىرىگە تىرە
ك قوي تاپقۇزغان. ھەممە مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دېگىدەك ئۆز مەكتىپىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن چوڭ مۇشتلاش-جېدە
للىرىنى تۇغدۇرغان. ئەركىن سىدىق بۇ ئەھۋاللارغا ئىنتايىن ئېچىندى. بۇ مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىر ياتاقتا 8 كىشى ياتىدىغا
ن بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئەينى ۋاقىتتا 12 كىشىلىك ياتاقتا تۇرۇپ باققان ئىدى. ئەركىن سىدىق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىر قىسىم
ئۇيغۇر رەھبەرلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ھازىرلانغان بۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ ھەرگىز ئاسانلىقچە قولغا كەلمىگ
ەنلىكىنى تولۇق بىلگەن ئىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇيغۇر رەھبەرلەر نۇرغۇن يول ماڭغان، باشقىلارغا ئىنتايىن كۆپ يالۋۇرغان ئىدى. مەقس
ىتى مۇشۇنداق يول ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇيغۇر كەسپىي مۇتەخەسسىسلەرنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش ئىدى. سىنىپ مۇدىرىنىڭ
تەلىپى بىلەن، ئەركىن سىدىق بىر كۈنى ئۆز مەكتىپىدىكى ئۇيغۇر سىنىپقا كىرىپ بىر سائەت سۆزلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇلاردىن نۇرغ
ۇن سوئاللارنى سورىدى:

سىلەر بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭلار؟ تاماق يېيىش ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئۇخلاش ئۈچۈنمۇ؟
سىلەر بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ بەك ئەقىللىق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈنمۇ؟ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا بەك يۇقىرى نومۇر ئالغانلى
قىڭلار ئۈچۈنمۇ؟
سىلەرنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئاتا-ئانىڭلار قانداق جاپالارنى چېكىۋاتىدۇ بىلەمسىلەر؟ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر باشلىقلار ھاز
ىر سىلەرنىڭ پوقۇڭلارنى تازىلاش ئۈچۈن نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ بىلەمسىلەر؟

ئەركىن سىدىق يوقۇرقى سوئاللارنىڭ جاۋابلىرىنى بىر-بىرلەپ چۈشەندۇردى. ھەممە ئۇلار ئەمەلىيىتتىكە تەدبىقلاپ تۇرۇپ، ئادەم قاندا
ق ياشىغاندا ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ قىممىتى بولىدىغانلىقى، ۋە ئالىي مەكتەپ ھاياتىنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە قانداق مۇھىم رول ئوينايدىغا
نلىقى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىدى. بۇ ئىشنى ئۇيغۇر سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىنتايىن ياخشى قوبۇل قىلدى. بۇ ئىشنى
ڭ ئۇلار ئۈچۈن چوڭ رولى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئەركىن سىدىقنى تېخىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان بولد
ى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 1983-يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ مەكتەپكە ئۇيغۇر دىيارىدىن بىر ئۇيغ
ۇر ئاشپەزمۇ ئەكەلدى (ھەر بىر "شىنجاڭ سىنىپى" غا بېشىدىن تارتىپلا بىر پۈتۈن كۈنلۈك ئۇيغۇر سىنىپ مۇدىرى ئەۋەتىلگەن ئىدى). ش
ۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ تاماقىدا زور ياخشىلىنىش بولدى. لېكىن، ئومۇمىيۈزلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، "شىنجاڭ سىنىپى" شۇ بىر قېتىم ب

UnRegistered

ەرپا قىلىنغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. بىر قېتىم "شىنجاڭ سىنىپى" نى قوبۇل قىلغان مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن
كېيىن بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى رەت قىلدى. ئۇلارغا كەلگەن تەلەپ-دەۋالارنىڭ كۆپلىكى، ۋە مەكتەپتە يۈز بەرگەن ئۇيغۇرلار بىلەن
خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى ئۇرۇش-ماجرا ۋەقەلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇ مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئ
ۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇيغۇر رەھبەرلەرگە: "بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى چۈشىنىپ بولالمايدىكەنمىز. شۇڭا بۇنىڭدىن كې
يىن ئۆزۈڭلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆز جايىڭلاردىلا تەربىيەلەڭلار" دېدى. ئەركىن سىدىق ھازىر پات-پات شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئە
سلىگىنىدە كۆڭلى غەش بولۇپ، ئۆز-ئۆزىدىن مۇنداق سوئالنى سوراپ باقىدۇ: "ئەگەر ئۇ چاغدا بەرپا بولغىنى 'شىنجاڭ سىنىپى" بولە
ماستىن، 'ياپونلۇقلار سىنىپى' بولۇپ قالغان بولسا، ياكى 'يەھۇدىلار سىنىپى' بولۇپ قالغان بولسا، ئىش قانداق بولار ئىدى-ھە؟ ئۇ چاغ
دا چوقۇم ئىش پۈتۈنلەي ھازىرقىنىڭ ئەكسىچە بولار ئىدى". جۇڭگو ئۇيغۇر دىيارىنىڭ پايدىسىنى ناھايىتى جىق كۆرىدۇ. بۇ بىر پاكى
ت. لېكىن، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ئۇنداق پايدىسى تېگىشى "شىنجاڭ سىنىپى" نى قوبۇل قىلغان مەكتەپلەرگە بىۋاستە تېگىشى ناتايىن. ھې
لىقى مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭلىدە، ئۇلار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر چوڭ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى پ
ۇلسىز ئوقۇتۇپ تەربىيەلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا قەرزدار ئەمەس، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇلار ئۈچۈن قەرزدار ئىدى. شۇ
ڭا، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇ مەكتەپلەرگە تاماق يېگىلى ياكى ئۇخلىغىلى ئەمەس (ئەگەر مەقسىتىڭىز ياخشى يەپ ياخشى ئۇخلاش بول
سا، سىز ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۆيىڭىزدىن باشقا ھېچ قانداق يەرگە بارماسلىقىڭىز كېرەك)، ئوقۇغىلى بارغاندىكىن، بارلىق ئىمكانىيەتتى
ن تولۇق پايدىلىنىپ ياخشى ئوقۇشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىدا يەھۇدىلار بولۇپ قالغان بولسا، دەل ئاشۇنداق قىلغا
ن بولاتتى. مۇشۇنداق ئالتۇندەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن كىشىلىرىنى تەربىيەلەپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى نۇرغۇن يۇقىرى دەرىج
ىلىك مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىگەن بولاتتى (بۇنداق بولۇشقا ئەينى ۋاقىتتا خارائىت بار ئىدى). شائىخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى
ھېلىقى "شىنجاڭ سىنىپى" دا ئوقۇغان ئىككى قىز ئوقۇغۇچى ھازىر ئامېرىكىدا ياشاۋاتىدۇ. لېكىن نادان ئۇيغۇرلار ئۇنداق قىلالمىدى. ب
ۇ ئالتۇندەك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى. ئېرىشكەن 1-يولنى چوڭقايتىپ مېڭىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنى ساقلاپمۇ ماڭالماي، پۈ
تۈنلەي ئېتىپ قويدى.

لېكىن، شائىخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەر ئەركىن سىدىقتىن ئىنتايىن رازى بولدى. ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلىدى. بىر قېتىم ئۇلارنى
ڭ بىر مەكتەپ رەھبەرلىك ئۆمىكى ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى رەھبەرلەرگە ئۆز مەكتىپىدىكى ئەھۋالدىن دوكلاد بەرگەن
دە، "شىنجاڭ سىنىپى" ھەققىدىكى نارازىلىقىدىن كېيىن، "ئەگەر ئەركىن سىدىقتەك ئادەملەرنى تاللاپ ئەۋەتسەڭلەر، ئۇنداقلاردىن ق
انچىسى بولسا شۇنچىسىنى ئالىمىز"، دېدى.

Unregistered

1983-يىلى يازلىق تەتىلدە ئەركىن سىدىق نەنجىڭدىكى پراكتىكىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يۇرتىقا قايتماي، يەنە شاڭخەيگە قايتى
پ كەلدى. ئۇ كۆپراق بىلىم ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆتۈلمەيدىغان "مىكرو-دولقۇنلۇق تولۇ يولى" دېگە
ن بىر كەسپىي كىتابنى ئۇستازىدىن ئارىيەت ئېلىپ، ھەر كۈنى ئۇنى ئوقۇدى. ھاۋا بەك ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن، كالتە ئىشتاندى
ن باشقا كىيىملەرنىڭ ھەممىسىنى سېلىۋېتىپ، ئۆزىنى پاشىلىقنىڭ ئىچىگە سولىۋېلىپ كىتاب ئوقۇدى. بۇ كەسپىي كىتابنى ئۆزىنى قاتتى
ق مەجبۇرلاپ تۇرۇپ، خۇددى رومان ئوقۇغاندەك ئوقۇپ چىقتى. ھەر كۈنى 10 نەچچە سائەت ۋاقتىنى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزدى. 1
983-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنى، ئەركىن سىدىق پويىز بىلەن بېيجىڭگە بېرىپ، 20-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى
ى يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ قېتىم ئۇ بېيجىڭگە ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. يىغىن ج
ەريانىدا ئالدىنقى قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ 17 نەپەر رەئىسلىرى بىر سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدە
نىمە ئىش بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغانلىقىنى باشقىلارغا تونۇشتۇردى. بۇ يىغىندا پەقەت ئەركىن سىدىقلا "مەن ئۆز كەسپىمنى داۋاملاش
تۇرىدىغان بولدۇم" دېدى. قالغانلارنىڭ ھەممىسى كەسىپ ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىي خىزمەتكە بۆلۈنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ج
ۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە تەقسىم قىلىنغان 4-5 كىشى مۇشۇ يىغىن جەريانىدا تېخى قانداق قىلىپ بىر-بىرىنى يۆلەپ، ھوقۇق شوتىسى
نىڭ يۇقىرى بالدىقىغا چىقىش توغرىسىدا بەزى پىلانلارنىمۇ تۈزۈپ چىقتى. ئەركىن سىدىقنىڭ كۆڭلى ئازراقمۇ يېرىم بولمىدى. ئۇنىڭ ئ
ەكسىچە، ئۇ بۇ قېتىم بېيجىڭغا قىلغان سەپىرى جەريانىدا ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگ
ەندىن كېيىنكى 5 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ جاپالىق ۋاقىتلارنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئەڭ
ئۇنتۇلغۇسىز، ئەڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن، ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە كۆرسەتكەن چوڭقۇر ھۆرمەتتىن تەسەۋۋۇر قىلالىغۇسىز دەرىجىدە ب
ەھرىمەن بولغان مەزگىللەر ئىدى. بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى قىممىتى ئۇنىڭ شۇ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ
-- ئەركىن سىدىق بۇ ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ ئالدىنقى 5 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىكى ھاياتى جەريانىدا ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتت
ى.

ئامانگۈل مىنكاۋخەن ئوقۇغان بولغاچقا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەركىن سىدىقتىن بىر يىل بالدۇر پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپنىڭ كومپيۇت
ېر فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىندى. ھەمدە ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدىكىلەر ئەڭ ئاخىرقى يىلى "ئالگول" دەپ ئاتىلىدىغان كومپيۇتېر تىلى
نى ئوقۇغاندا، ئامانگۈل ئاشۇ دەرسكە ياردەمچى ئوقۇتقۇچىمۇ بولغان ئىدى. بىر قېتىم ئامانگۈل دەرس ئۆتۈۋېتىپ بىر سوئال سورىغان
دا، ئەركىن سىدىق قول كۆتۈردى. تۆۋەندە ئولتۇرغان 2 سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە قول كۆتۈرگەنلەردىن ئەركىن سىدىقتىن باشقىسى
بولمىغاچقا، ئامانگۈل ئائىلاج ئەركىن سىدىقنىڭ جاۋاب بېرىشىگە رۇخسەت بەردى. ئەركىن سىدىقنىڭ جاۋابىدىن كېيىن ئامانگۈل
"ئەركىننىڭ جاۋابى توغرا"، دېسە، تۆۋەندىكى بىر ئوقۇغۇچى چاقچاق قىلىپ، "جاۋاب بەرگەن ئەركىن بولغاندىكىن، ئۇنىڭ جاۋابى
ئەلۋەتتە توغرا بولىدۇ-دە"، دېدى. ئامانگۈل ئۇ چاغدا ئۇ ئوقۇغۇچىغا بىر ئالىيىپ قويدى. 1983-يىلى كۈزدە، فاكۇلتېت ئامانگۈلنى
ۋ شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا كومپيۇتېر ئىلمى بويىچە بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۈتمىگەن يەردە بۇ ئە

UnRegistered

ككىسىگە شائىخەيدە يېرىم يىل بىرگە ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىلىپ قالدى. ئۇلار دەرسكە بارغان ۋاقىتلاردىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە بىرگە ئۆگىنىش قىلدى. ئۇلار كۇتۇپخانىدا، "شىنجاڭ سىنىپى" دا ۋە مىكرو-دولقۇن تەجرىبىخانىسىدا كېچە-كېچىلەپ بىرگە دەرس تەكرارلىدى. شۇ يىلى كۈزدىكى بىر بايرام جەريانىدا، ئەركىن سىدىق، ئامانگۈل، خالىق ۋە ئابلىكىم تۆتى بىرلىشىپ، خائىجۇ شەھىرىگە بېرىپ، بىر قانچە كۈن بىرگە ساياھەت قىلىپ كەلدى. 1984-يىلى 1-ئايدا ئەركىن سىدىق ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ئۇيغۇر دىيارىغا قايتىشتىن بۇرۇن، ئۇلار ئىككىسى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، توي قىلىشنىڭ بەزى تەييارلىقلىرىنى شائىخەيدە قىلىشۋالدى. بۇلار ئەركىن سىدىقنىڭ قەلبىدە توي قىلىشتىن بۇرۇنقى "مۇھەببەت ھاياتى" تىكى ئەڭ گۈزەل ئەسلىمىلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ساقلانماقتا.



ئەركىن سىدىق شائىخەى قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچىدە. 1983-يىلى تارتىلغان.



ئەركىن سىدىق ئۇستازى گو رۇيلۇڭ پروفېسسور بىلەن بىرگە. 1983-يىلى تارتىلغان.




ئەركىن سىدىق بىلەن ئامانگۈل مەكتەپ سىرتىغا قاراپ ماڭماقتا. 1983-يىلى تارتىلغان.

UnRegistered



ئەركىن سىدىق بىلەن ئامانگۈل خاڭجۇغا قىلغان ساياھىتى جەريانىدا قالدۇرغان بىر خاتىرە رەسىم. 1983-يىلى تارتىلغان.



ئەركىن سىدىق بىلەن بىرگە بىلىم ئاشۇرغان ئابلىكىم (ئوڭدىن 1-كىشى)، خالىق (سولدىن 2-كىشى) ۋە "شىنجاڭ سىنپى" نىڭ ئىكك
ى ئوقۇغۇچىلىرى. 1983-يىلى تارتىلغان.

UnRegistered

# ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىقنىڭ تەرجىمھالى

## 8. شاڭخەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن

ئەركىن سىدىق 1984-يىلى 1-ئايدا شاڭخەيدىكى بىر يىللىق ئوقۇشىنى تۈگىتىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ بويىچە 30 غا يېقىن خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولغان ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەپ، بىر ئىنگلىزچە قىسقارتىلمىسى □TOEFL□ دەپ ئاتىلىدىغان ئىنگلىزچە ئىمتىھانغا تەييارلىق كۇرۇش كۇرسىنى ئاچتى. ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا ئوقۇشقا بارىدىغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىناتتى. ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان سۇلتان مۇئەللىم ئەركىن سىدىقنى ئاشۇ سىنىپقا كىرىپ، ئوقۇشقا ئاپاردى. بۇ مەكتەپ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇش بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى TOEFL ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولالايدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىلدۈرۈپ، ئاندىن ئۇلار ئۈچۈن چەتكە چىقىپ بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى يارىتىش ئىدى. بۇ دەرىسكە ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىدىكى ئىنگلىز تىلى بويىچە بىر قەدەر كۆزگە كۆرۈنگەن سۇن جىيۇن خانىم مەسئۇل بولدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار بىر تەرەپتىن ئىنگلىز تىلى ئاساسىنى ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەخسۇس TOEFL ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلدى. بۇ بىر □كۈچلەندۈرۈلگەن سىنىپ□ بولغاچقا، دەرسنىڭ ئۆتىلىشى ئىنتايىن تېز بولۇپ، كۈندىلىك تاپشۇرۇق ۋە ئىمتىھانمۇ ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار 3 ئايدىن سەل كۆپرەك ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىر ئومۇمىيۈزلۈك باھالاش ئىمتىھانى ئېلىندى. ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگو مائارىپ مىنىستىرى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى تاللاشتا، ئۇلارنى ئىنگلىزچە □English Proficiency Test□ دېيىلىدىغان، قىسقارتىلىپ □EPT□ دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچە مەنىسى □ئىنگلىزچە سەۋىيە ئىمتىھانى□ گە توغرا كېلىدىغان، مەملىكەت بويىچە بىر قانچە جايلاردا بىر ۋاقىتتا ئېلىنىدىغان بىر ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇپ، شۇ ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلارنى تاللايتتى. بۇ ئىمتىھاننىڭ تولۇق نومۇرى 100 نومۇر بولۇپ، 80 دىن يۇقىرى نومۇر ئالغانلار لاياقەتلىك بولاتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھېلىقى 30 ئوقۇتقۇچىدىن ئىمتىھان ئالغاندىمۇ، ئاشۇ EPT ئىمتىھانىنىڭ سوئاللىرى ئىشلىتىلگەن ئىدى. گەرچە بۇ ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مىنكاۋخەن بولۇپ، ئۇلار ئىنگلىز تىلىنى ئالىي مەكتەپتە رەسمىي دەرس قىلىپ ئوقۇپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا ئۇيغۇرلاردىن پەقەت ئەركىن سىدىق بىر كىشىلا لاياقەتلىك بولدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ 1-قول باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئايشەم ئاپپاي بارلىق يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى بىر يەرگە يىغىپ، دەرھال بىر يىغىن چاقىردى. يىغىندا ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپ چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغانلارنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا چەتكە چىقىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار ھازىردىن باشلاپ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، تىل ئۆتكىلىدىن تېز ئۆتىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇشقا قويدى. ئۇنداقلا □بۇ قېتىم خۇدايىم بەرگەن ئەركىن سىدىق بىرلا ئادەم ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولدى. ئىش بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق بولۇۋەرمىسۇن□ ، دەپ، ھەممەيلەننى ئەركىن سىدىقتەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە سەپەرۋەر قىلدى.

1984-يىلى 6-ئايدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى يۇقۇرىقى ئىمتىھاندىن ئۆتكەن 6 كىشىنى شىئەنگە مەملىكەتلىك EPT ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇردىن پەقەت ئەركىن سىدىق بىرلا كىشى بولۇپ، قالغانلىرى خەنزۇلار ئىدى. ئۇلار ئىمتىھاننى تۈگىتىپ، قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىمتىھان نەتىجىسى مەكتەپكە يېتىپ كەلدى: ئەركىن سىدىق 85 نومۇر بىلەن EPT ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك بولدى.

ئەركىن سىدىق بۇ ۋاقىتتا فىزىكا فاكۇلتېتى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ 6-قەۋىتىدىكى مىكرو-دولقۇن تەجرىبىخانىسى قىلىنىدىغان بىر چوڭ دەرسخانىغا يانداش بولغان بىر كىچىك ئىشخانىنى ياتاق قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىدى. يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتىشتىن بۇرۇن، ئۇ ئاقسۇدىن ياغاچ ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى ئۈرۈمچىدە شال قىلىپ تىلدۇرۇپ، ئادەم ياللاپ بۇ شالدىن ئۆي جابدۇقلىرى ياساتتى. ئۇ بىر

UnRegistered

تەرەپتىن مال سېتىۋالغۇچى، يەنە بىر تەرەپتىن ياغاچچىلارغا ئاشپەز بولۇپ، بىر ھەپتە قاتتىق ئىشلەپ، ئۆي جابدۇقلىرىنى پۈتتۈردى. ئاندىن يۇرتىغا قايتتى. ئامانگۇلمۇ شاڭخەيدىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ، يۇرتقا قايتىپ كەلدى. ئۇلار 8-ئاينىڭ بېشىدا توي قىلىشنى پىلانلاپ، باغاقنى باستۇرۇپ بولغاندا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئەركىن سىدىققا بىر تېلېفون كەلدى: □بىز ھازىر ئىمتىھان ئېلىپ، ياپونغا بارىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تاللىماقچى. ئەگەر سىزنىڭ ياپونغا بارغىڭىز بولسا، دەرھال ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئىمتىھانغا قاتنىشىڭ!□ ئۇ چاغدا چەتكە ئوقۇشقا چىقىش ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇسىز دەرىجىدە قىيىن ئىش ئىدى. شۇنداقلا تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇسىز دەرىجىدىكى قىممەتلىك ئىش ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئامانگۇل ۋە باشقا تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، توينى سەل كېچىكتۈرىدىغان بولۇپ، يولۇچىلار ئاپتوۋۇزى بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا چىقتى.

ئەسلىدە 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، ئىچكى موڭغۇل مائارىپ نازارىتى ياپونىيەنىڭ خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلەر بىرلەشمىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ھەر يىلى ئاشۇ بىرلەشمىگە قارايدىغان ئالىي مەكتەپلەرگە بەلگىلىك ساندا ئوقۇغۇچى چىقىرىۋاتقان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ □بادەي□ ئىسىملىك موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان بىر رەھبىرى بار بولۇپ، ئاشۇ كىشىنىڭ يول مېڭىشى بىلەن، ياپونىيە خۇسۇسىي ئالىي مەكتەپلەر بىرلەشمىسى تارمىقىدىكى مەكتەپلەرگە ھەر يىلى ئۇيغۇر دىيارىدىكى يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 25 كىشىنى ئوقۇشقا چىقىرىش ئىشى ھەل قىلىنغان ئىدى. بۇ قېتىمقى ئادەم تاللاشتا، ئۈرۈمچىدىكى 5 ئالىي مەكتەپتىكى يەرلىك مىللەتلەردىن بولغان ياش ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىن نەمۇنە دەپ قارالغانلارنى تاللاپ، ياپونىيە ئوقۇشىغا ئادەم تاللاش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇش قارار قىلىنغان ئىدى. ئىمتىھان جەمئىي 3 پەندىن ئېلىناتتى: ئۆزىنىڭ كەسپىدىن بىر پەن، بىر چەت ئەل تىلى، ۋە ماتېماتىكا. بۇ ئىمتىھانغا ئۈرۈمچى بويىچە 50 نەپەر ئەتراپىدىكى ياش ئوقۇتقۇچىلار قاتناشتى. ئەركىن سىدىق ئىمتىھاننى تۈگىتىپلا يۇرتقا قايتىپ كەلدى. ھەمدە 8-ئاينىڭ 16-كۈنى ئاقسۇ شەھىرىدە ئامانگۇل بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. توي قىلىپ 2 كۈندىن كېيىنلا ئۈرۈمچىدىن ئەركىن سىدىققا خۇش خەۋەر كەلدى: ئەركىن سىدىق ھېلىقى ئىمتىھانلاردىن 1-بولۇپ ئۆتۈپ، ياپونىيىدىكى ئوقۇشقا تاللىنىپتۇ. بۇ ئىمتىھانلارنىڭ تولۇق نومۇرى 300 نومۇر بولۇپ، ئەركىن سىدىق 240 نومۇر ئېلىپتۇ. ئىچكىرىدە ئوقۇپ ئۈرۈمچىدە ئوقۇتقۇچى بولغان يەنە بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى 180 نومۇر بىلەن ئىككىنچىلىك ئورۇنغا ئېرىشىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، نومۇردىن تۆۋەن نومۇر ئالغانلاردىنمۇ بىر قانچىسى تاللىنىپ، بۇ ئوقۇشقا جەمئىي 15 كىشى تاللىنىپتۇ. ياپونىيەگە چىقىدىغانلارغا ياپون تىلى ئۆگىتىدىغان كۇرس 9-ئاينىڭ بېشىدىلا باشلىنىدىغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىقنىڭ بۇ خەۋەردىن كېيىن ئاقسۇدا زادىلا تۇرغۇسى كەلمىدى.

توي قىلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق يۈك-تاقلىرىنى ئېلىپ، ئامانگۇل بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئۇلارغا □ئۆتكۈنچى ئۆي□ دەپ ئاتىلىدىغان، مەكتەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان چوڭ كولۇفالاڭغا ياندىش بولغان بىر ئېغىزلىق ئۆيدىن بىرنى بەردى. ئۆينىڭ بىرلا دېرىزىسى بار بولۇپ، ئۇ ئاشۇ كولۇفالاڭغا قارايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى بار ئارقا تامغا يۆلەپ كۆمۈر دۆۋىلەنگەن بولۇپ، كۆمۈر ئۆي دېرىزىنىڭ تەگدىن تولىسىنى توسۇپ تۇراتتى. كۆمۈرنىڭ چاڭ-توزانلىرى ئۆيگە داۋاملىق كىرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۆينىڭ دېرىزىسىنى پلاستىك بىلەن پۈتۈنلەي توسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە ھاۋا كىرىدىغان يەردىن پەقەت دېرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشىكلا قالغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچى داۋاملىق دىمىق بولۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ تورۇسى سىلىندىر (يەنى چە مىيرەلك) شەكلىدە ئەگرى بولغاچقا، بۇ ئۆيلەرگە □ئۆتكۈنچى ئۆي□ دەپ ئىسىم قويۇلۇپ قالغان ئىدى. بۇ بىر، كارىدورلۇق 2 قەۋەت بىنا بولۇپ، كارىدورنىڭ ئىككىلا تەرىپىدە ئۆيلەر بار ئىدى. ياش ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا بۇ بىنادا ئوقۇغۇچىلارمۇ تۇراتتى. شۇڭا ھەر كۈنى 3 ۋاق تاماق ۋاقتى بولغاندا، كارىدور ئادەمگە لىق توشاتتى. ئۆينىڭ ئىچى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، پۈتۈن بىنادىمۇ بىرەر ھاجەتخانا يوق ئىدى. بۇ بىنادا تۇرىدىغانلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا □3 يېرىم قەۋەتلىك بىنا□ دەپ ئاتىلىدىغان بىر سېرىق رەڭلىك داڭلىق بىنانىڭ قېشىدىكى بىر قەدىمىي شەكىلدە ياسالغان ھاجەتخانىغا باراتتى (ئەركىن سىدىق 2006-يىلى يازدا يۇرتقا بارغاندا، ئاتايىتەن بېرىپ بۇ 3 يېرىم قەۋەت بىنانى كۆرۈپ كەلدى). بۇ بىنانىڭ كارىدورىدىمۇ، سىرتىدىمۇ، ۋە ھېلىقى ھاجەتخانىدىمۇ ھېچ قانداق چىراغ يوق بولۇپ، بۇ بىنا بىلەن ھاجەتخانىنىڭ ئارىلىقىدىكى يوللاردا مۇز توڭلاپ كېتىدىغان بولغاچقا، قىش كۈنىنىڭ كېچىلىرى بۇ بىنادىن ھاجەتخانىغا بىر قېتىم بېرىپ كېلىش ئىنتايىن مۈشكۈل بىر ئىش ئىدى. ئاياللار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. سۇنىمۇ 100 مېتىردىن يىراقراق كېلىدىغان بىر يەردىن ئەكىلىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ چاغدا گاز ئوچاق تېخى پەيدا بولمىغان بولۇپ، يېڭى خىزمەتكە چىقىپ، مۇشۇنداق ئۆيگە ئېرىشەلىگەن ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى كىرىس ئوچىقىدا تاماق ئېتەتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيى پەقەت بىرلا ئېغىز ئۆي بولغاچقا، تاماقنى كارىدوردا ئېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار كارىدوردا ئادەم ئانچە ماڭمايدىغان ۋاقىتنى تاللاپ، ئاش ئېتىۋالاتتى. ئەركىن سىدىقتەك بىر ئېغىز ئۆيگە ئېرىشكەنلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ تەلەيلىك ياشلار بولۇپ، باشقا نۇرغۇن يېڭى توي قىلغان ياشلار خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە مۇشۇنداق ئۆيگىمۇ ئېرىشەلمەي ئۆيسىز يۈرگەن ئىدى.

Unregistered

ئەركىن سىدىق ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆيىنى ئەمدى يىغىشتۇرۇپ بولغاندا، ئۇلارنىڭ ياپون تىلىنى ئۆگىنىش كۈرىشى باشلاندى. ئۇلارغا تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ۋاقىت ئىنتايىن قىسقا، ھەمدە ياپون تىلىنى ئۆتىدىغان 2 نەپەر خەنزۇ ئوقۇتقۇچى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىدا بولغاچقا، مائارىپ نازارىتى بۇ بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىدا يېتىپ-قوپۇپ ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېلىقى تاللانغان 15 ئوقۇغۇچىدىن ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت ئەڭ ياخشى ئوقۇغان 10 كىشىنىلا تاللاپ ياپونغا ماڭدۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭ بىلەن بۇ 15 ئوقۇغۇچى ئىنتايىن كەسكىن رىقابەتكە چۈشتى. ھەممەيلەن شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىدىكى ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپ، 1984-يىلى 9-ئايدا جىددىي ئوقۇشنى باشلىۋەتتى. ھەممەيلەننىڭ ھېلىقى 10 سانغا كىرىش ئارزۇسى بار ئىدى. ھېچ قايسىسى ياپونغا بارىدىغان ساندىن چۈشۈپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئۇلار ھەممەيلەننىڭ روھىي كەيپىياتى ئىنتايىن ئۆستۈن بولۇپ، ھەممە كىشى ئوخشاشلا قاتتىق تىرىشتى. ئەركىن سىدىق بۇرۇن ياپون تىلىدا خېلى ئوبدان ئاساس سېلىۋالغان بولۇپ، مۇشۇ سىنىپنىڭ سىنىپ باشلىقى بولۇپ سايلاندى. ئۇ بىلگىنىنى ھېچ كىمدىن ئايىماي، باشقىلارغا يېقىندىن ياردەم بەردى. بەزىدە سىنىپ بويىچە بىرەر چۈشەنمىگەن مەسىلىگە دۇچ كەلسە، ئەركىن سىدىق دەرس تەكرارلاش ۋاقتىدا سىنىپنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، پۈتۈن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئورتاق دەرس چۈشەندۈردى.

1985-يىلى ئەتىيازدا بۇ ياپون تىلى سىنىپى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىغا يۆتكىلىپ، دەرس ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. مۇشۇ تىل ئۆگىنىش مەزگىلىدە ئەركىن سىدىقنىڭ سىنىپىدىكى بىر ئوقۇغۇچى توي قىلغان بولۇپ، ھېلىقى 10 ساندىن قېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇ بىركۈنى توي قىلىپ، ئەتىسىلا ياتاققا بېرىۋالغان ئىدى. ئەركىن سىدىقمۇ ھەر دۈشەنبە كۈنى ياتاققا كېتىپ، چارشەنبە كۈنى قايتىپ كېلىپ ئۆيىدە بىر ئاخشام تۇرۇپ، ئاندىن شەنبە كۈنى ئەتىگەندە قايتىپ كېلىپ يۈردى.

1985-يىلى 4-ئايدا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، مەرھۇم ھاكىم جاپپار، مەكتەپنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى سۇلتان مۇئەللىم ۋە مەكتەپ ئوقۇش باشقارمىسىنىڭ سابىق 1-قول باشلىقى ئايشەم ئايپايىنىڭ يول مېڭىشى بىلەن فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىسىنى ئامېرىكىغا ئېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن بىرسى ھەل بولدى. ئۇ چاغدا تىلدا لاياقەتلىك بولغان باشقا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى بولمىغاچقا، مەكتەپ ئۇ ئوقۇشقا ئەركىن سىدىقنى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ئۇ چاغدا ئامېرىكا كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ Northridge دەپ ئاتىلىدىغان شەھەردىكى شۆبىسىنىڭ فىزىكا پروفېسسورى Paul Chow ئەپەندىم بېيجىڭگە كەلگەن بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇشقا ماڭدۇرىدىغان كاندىدات بىلەن بېيجىڭدا كۆرۈشۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق دەرھال مالىيە رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ، بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقىشقا تەييار بولدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىكىلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، □ئەركىن سىدىقنىڭ ياپونىيىدىكى ئوقۇشى ھازىر مۇقىم بولۇپ بولدى. ئۇنى ئەمدى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئۇنى ئامېرىكىغا ماڭدۇرۇشقا بولمايدۇ□، دەپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا يوليورۇق چۈشۈردى. ئۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق بېيجىڭغا بارماي، ئۆزى بۇ سەپەر ئۈچۈن ئالغان پۇلنى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ 79-يىللىق خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىپ قالغان يەنە بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ياپونىيەدە يېڭى ئوقۇش يىلى ھەر يىلىنىڭ 4-ئېيىدا باشلىنىدۇ. 1985-يىلى 4-ئاي كىرگەندە، ياپون تىلى سىنىپىدىكى بەزى ئوقۇغۇچىلار ياپونىيىدىكى مەكتەپلەردىن ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خەت تاپشۇرۇپ ئېلىشقا باشلىدى. بىر ئايدەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە جەمئىي 5 نەپەر ئوقۇغۇچىغا خەت كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەركىن سىدىقمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن خەت تاپشۇرۇپ ئالغان ئوقۇغۇچىلار چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇلار □ماڭا ياپونىيەدىن ئوقۇش چاقىرىقى كەلدى□، دەپ ئويلاپ يۈردى. ئەمما خەت تەگمىگەنلەر بولسا ئىنتايىن قاتتىق ھەسرەتكە قالدى. بىر ئايدەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بۇ سىنىپتىكى 15 كىشىنىڭ تەقدىر تولىسى بىراقلا ئاماكا چېكىدىغان بولۇپ كەتتى. نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېچ كىم بىلمەيتتى. ھەممە ئادەم ئۇ يەر بۇ يەرلەردىن گەپ تىڭ-تىڭلاپ يۈردى. 1985-يىلى 5-ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئەركىن سىدىققا ھېلىقى خەت كەلگەنلەرنىڭ خېتى بىلەن پاسپورتىنى يىغىپ بېرىپ، ئۇنى بېيجىڭگە ئاشۇ 5 كىشى ئۈچۈن ياپونىيە كونسۇلخانىسىدىن ۋىزا ئېلىپ كېلىشكە ماڭدۇردى. ئەركىن سىدىق بېيجىڭگە بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بۇ 5 كىشىگە ياپونىيەدىن كەلگىنى ئوقۇش چاقىرىق قەغىزى بولماستىن، بىر ئادەتتىكى مۇبارەك خېتى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن ۋىزا بېجىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەركىن سىدىق ئۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدىن قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. دېمەك، ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىدىن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىش ئىشى ئاساسەن مەۋجۇد بولمىغاچقا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن تارتىپ ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرگىچە بىرەرمۇ ئادەم چەتكە چىقىپ ئوقۇشنىڭ نېمە رەسمىيەتلىرى بارلىقىنى بىلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ياپون تىلى سىنىپىدىكى ھەممە ئوقۇغۇچىلار 7-ئايغىچە تىل ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەتىل باشلانغاندىن كېيىن ياپونىيەنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇردى.

ئامانگۈلنىڭ بىر ھەدىسى بىلەن بىر ئىنىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلاتتى. ئاقسۇدا بىرمۇ بالىسى قالمىغانلىقتىن، ئامانگۈلنىڭ ئاتە-ئانىسى 1984-يىلىنىڭ ئاخىرى پېنسىيىگە چىقىپ، بالىلىرى بىلەن بىر يەردە تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆيىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلدى. 1985-يىلى 6-ئايدا ئەركىن سىدىقنىڭ 1-پەرزەنتى دىلنارە تۇغۇلدى. ئامانگۈل ئاتا-ئانىسىنىڭ


UnRegistered

ئۆيىدە 2 ئايدىن كۆپرەك تۇرۇپ، 9-ئايدا كۆزلۈك مەۋسۇم ئوقۇشى باشلانغاندا ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. مانا شۇ چاغدا ئەركىن سىدىققا ئۆز بالىسىنى بېقىش پۇرسىتى ئازراق بولغان ئىدى. بىر قېتىم ئامانگۈلنىڭ دەرس ئۆتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قېلىپ، ئۇخلاپ قالغان بالىنى ئەركىن سىدىققا 2 سائەت قاراپ تۇرۇشقا قويۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارىلىقتا دىلنارە ئويغىنىپ كېتىپ، قورسىقى ئاچقانلىقتىن قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى. باشقىلارنىڭ يىغىسىغا چىدىيالمايدىغان ئەركىن سىدىق بالىنى دەرھال قۇچىقىغا ئېلىۋالدى. لېكىن، بالىغا سۈت بېرىش ئۈچۈن، كىرىس ئوچاقنى كارىدورغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ، سۈتنى ئۇنىڭدا قاينىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى سوۋۇتۇپ، ئاندىن ئۇنى بالىغا بېرىش كېرەك ئىدى. بۇ مەشغۇلاتلارنى بالىنى قۇچىقىدا تۇتۇپ تۇرۇپ قىلغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن دىلنارەنىڭ قاتتىق يىغلىشىغا قارىماي، ئۇنى ياتقۇزۇپ قويۇپ تۇرۇپ، دەرھال سۈتنى تەييارلىدى. لېكىن، ئۇ ئارىلىقتا بالىنىڭ يىغىسىغا چىدىماي، ئەركىن سىدىقمۇ يىغلاپ تاشلىغىلى تاس قالغان ئىدى. مۇشۇ بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئىچىدە، ئامانگۈلنىڭ كېچە ۋە كۈندۈزى بالا بېقىشنى كۆرۈپ، ئەركىن سىدىق ئانىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى نىمە ئۈچۈن كىشلەر □ئانا ۋەتىنىم□، □ئانا يۇرتۇم□، □ئانا تىلىم□ دېگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى، نىمە ئۈچۈن بۇ يەردىكى □ئانا□ دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا □ئاتا□ دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ □ئۆز ئانىسىنى ۋە ئايالىنى قانچىلىك قەدىرلىسىمۇ ئازلىق قىلىدىكەن□ دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

1985-يىلى 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بۇ ياپون تىلى سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپونىيەگە چىقىپ ئوقۇش ئىشى مۇقىملىشىپ، ھەممەيلەن جىددىي ھالەتتە چەتكە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى ھېلىقى 15 كىشىنىڭ ھەممىسىگە چاقىرىق كېلىپلا قالماستىن، شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆز ئالدىغا ياپون تىلى سىنىپىغا كىرگۈزۈپ قويغان 2 كىشىگىمۇ چاقىرىق كەلدى. شۇنداق قىلىپ ياپونىيەگە بۇ 1-قاراردا 17 كىشى ئوقۇشقا چىقىدىغان بولدى. 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىدا بىر ئۇزىتىش يىغىنى چاقىردى. يىغىندا ھېلىقى 17 نەپەر ئوقۇغۇچىغا ۋاكالىتەن ئەركىن سىدىق ياپون تىلىدا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش سۆزىنى قىلدى.

9-ئاينىڭ 20-نەچچىنچى كۈنى، بۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇزۇن مۇددەت تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن، ياپونىيەگە قاراپ سەپەر قىلىدىغان كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى. يولغا چىقىدىغان كۈنى ئەركىن سىدىق ئۆيىگە كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ھاياجانلىق ئىچىدە خۇشال-خورام پاراڭلاشتى. خۇشال-خورام خوشلاشتى. ماشىنا ماڭىدىغان بولۇپ، ئەمدى 3 ئايلىق بولغان قىزى دىلنارەنىڭ مەڭزىگە سۆيگەن ۋاقتىدا ئەركىن سىدىقنىڭ كۆزىدىن تارام-تارام ياش ئېقىشقا باشلىدى. ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ياش توختىمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن سىدىق ھېچ كىمگە سۆزمۇ قىلالمىدى سۆزلەي دېسىمۇ ئاۋازى چىقمايتتى. ئۇ تا ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا يېتىپ بارغىچىمۇ جىمجىت ئولتۇردى. بۇ بىر تەرەپتىن ھاياجانلىق يېشى ئىدى: ئەركىن سىدىق كۆرمىگەن جاپا مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئۇزۇن ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، مانا ئەمدى ئەڭ ئاخىرى ئۆزىنىڭ چەتكە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ بىر ھەسرەت يېشى ئىدى. كىچىككىدىن تارتىپ بىر بەختلىك ئائىلە ۋە گۈزەل ھاياتنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئەركىن سىدىق ئۇلارغا ئاخىرى ئېرىشكەن بولسىمۇ، مانا ئەمدى ئۇلاردىن ۋاقىتلىق ۋاز كېچىپ، ئۆزى پەقەتلا بىلمەيدىغان بىر دۆلەتكە بېرىپ، ئۆزى يالغۇز 2 يىل ياشاش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بۇ 2 يىل جەريانىدا ئۇ ئامانگۈلنى ۋە قىزى دىلنارەنى كۆرەلمەيتتى. دىلنارەنىڭ قانداق ئۆسىلگىنىنى، قانداق ماڭغىنىنى، ۋە قانداق تىلى چىققانلىقىنى كۆرەلمەيتتى. ئۆزى ئەڭ ئارزۇ قىلغان بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزى ئەڭ ئارزۇ قىلغان يەنە بىر نەرسىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇ ئايرودرومغا بېرىپمۇ ئانچە كۆپ گەپ قىلمىدى. ھەمدە ئايروپىلانغا چىقىدىغان ۋاقىت توشقان ھامان ھەممىنىڭ ئالدىدا ئايروپىلانغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

UnRegistered



ئەركىن سىدىقنىڭ تويى بەرىكىتىدىن كېيىنكى ئاخشاملىق ياشلار ئولتۇرۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش. بۇ رەسىم 1984-يىلى 8-ئاينىڭ 16-كۈنى تارتىلغان.



UnRegistered

تويدىن كېيىنكى ياشلار ئولتۇرۇشىغا قاتناشقان ئوغۇل مېھمانلارنىڭ بىر قىسمى.



UnRegistered

ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ سابىق 1-قول باشلىقى ئايشەم ئاپپاي بىلەن بىرگە. بۇ رەسىم 2006-يىلى 9-ئايدا تارتىلغان.


UnRegistered

1984-يىلى 6-ئايدا شىئەن دىكى EPT ئىمتىھانىغا قاتناشقان 6 ئوقۇتقۇچىنىڭ خاتىرىسى. بۇ رەسىم شۇ چاغدا شىئەن دە تارتىلغان.



UnRegistered

1985-يىلى 9-ئايدا بىرىنچى تۈركۈم بولۇپ ياپونغا بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياپون تىلى ئوقۇشىنى تاماملاش مۇناسىۋىتى بىلەن چۈشكەن خاتىرە رەسىمى. بۇ رەسىم شۇ يىلى 7-ئايدا شىنجاڭ تىببى ئىنستىتۇتىنىڭ ئىچىدە تارتىلغان.

## 9. ياپونىيىدىكى ئوقۇش

ئەركىن سىدىق 1985-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى ياپونىيىنىڭ ئوساكا شەھىرىگە كېلىپ، ياپونىيىدىكى بىلىم ئاشۇرۇشنى باشلىدى. ئ
ەركىن سىدىقنى قوبۇل قىلغان مەكتەپنىڭ ئىسمى ئوساكا ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش ئۇنىۋېرسىتېتى (تور بېتى: http://www.osak
ac.ac.jp بولۇپ، تۆۋەندە OEXU دەپ ئاتىلىدۇ) بولۇپ، ئۇ ئوساكاغا تەخمىنەن 50 كىلومېتىر كېلىدىغان Neyagawa شەھىرىگە
جايلاشقان. بۇ مەكتەپ ياپونىيىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەر ئىچىدىكى بىر قەدەر كىچىك مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەي
نى ۋاقىتتا ئۇنىڭدا باكلاۋېر ئۇنىۋانىدىن باشقا ئۇنىۋانلار بېرىلمەيتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇ مەكتەپكە كېلىپ قالغانلىق
ى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭغا ئۇستاز بولغان كىشى مەكتەپنىڭ خەۋەرلىشىش ئېنژېنېرلىكى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، ئەسل
ى مىللىتى كورىيەلىك ئىدى. ئەركىن سىدىق يېڭى كېلىپ، بۇ پروفېسسورنىڭ تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەشكە باشلىغاندا، ئۇ كىشى ئەرك
ن سىدىقنى ئازراقمۇ كۆزگە ئىلمىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇنىڭ ئۇستازى كېلىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئەركىن سىد
ىق ئۇنىڭغا ياپون تىلىدا سالام بەرسە، ئۇ جاۋابمۇ بەرمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئەركىن سىدىق بىر نەرسىنى سورىغىلى ئۇ پروفېسسورنىڭ يې
نىغا كىرسە، ئۇ كىشى ئانچە چىرايىنى ئاچمايتتى. ئەركىن سىدىقنىڭ سوئالىغىمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي تۇرۇپ ئانچە خوش ياقمىغان
ھالدا جاۋاب بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ بۇ كىشى ئۈچۈن بىر ئارتۇقچە يۈك بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس
قىلدى. دېمىسىمۇ ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن بۇ بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتتا ھېچ قانداق تەجرىبىسى يوق ئىدى. ئۇن
ىڭ ئۇستىگە بۇ مەكتەپلەر ئۇلارنى پۇلسىز ئوقۇتۇپ قويۇۋاتاتتى. شۇڭا ئەركىن سىدىق دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، كۆڭلىدىكى بىئاراملىقن
ى ھېچ كىمگە بىلىندۈرمىدى. ئۇ كېلىپ، بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇستازى ئۇنىڭغا بىر دۆۋە كىتاب-ژۇرنال بىلەن 10-20 پار
چە ياپون ۋە ئىنگلىز تىلىدىكى ئىلمىي ماقالىنى تاشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئاشۇلارنى ئوقۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇ كىشىنىڭ تەتقىقات ق
ىلىدىغىنى مىكرو-دولقۇن خەۋەرلىشىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئانتېننا ۋە باشقا بىر قىسىم زاپچاسلار بولۇپ، ئەركىن سىدىقمۇ تەبىئىي ھالدا ئا
شۇ يۆنىلىشكە قاراپ ماڭدى. ياپونلۇقلار ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دا خىزمەت باشلايدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق ھەر كۈنى ئە
تىگىنى سائەت 8 دىلا ئىشخانىغا بېرىپ، يېرىم كېچە سائەت 12 گىچە ئۆگىنىش قىلدى. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا تاكى ياتاققا ئۇخلىغىلى بار
غىچە كەچلىك تاماقنىمۇ يېمىدى. ئىشنى ئالدى بىلەن ئۇستازى بۇرۇن ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇپ چۈشىنىشتىن باشلاپ، چ
ۈشەنمىگەن يەرلىرىنى تەجرىبىخانىدىكى باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن سورىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆز ئۇستازىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىنى ناھاي
تى تېزلا چۈشىنىۋېلىپ، ياپونغا كېلىپ 2 ئاي ئۆتمەيلا بىر يېڭى نەزەرىيىۋى مەسىلە ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى باشلىۋەتتى. ياپونىيىگە كې
لىپ 3 ئاي ئۆتكەندە تەتقىقاتتا بىر يېڭى نەتىجە چىقىرىپ، ياپونىيىنىڭ مەملىكەتلىك ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش جەمئىيىتى تەرىپىد
ىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بىر مەملىكەتلىك ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا ئۆزىنىڭ 1-ئىلمىي ماقالىسىنى يوللىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنە

Unregistered

لك ئىلمىي ماقالىلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.
ياپونىيىدە يېڭى ئوقۇش يىلى ھەر يىلىنىڭ ئاپرېل ئېيىدا باشلىنىدۇ. 1986-يىلى 4-ئايدا، ئەركىن سىدىق بىلەن بىرگە 1-تۈركۈمدە ي
اپونغا ئوقۇشقا بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىدىن تولىسى ئۆز مەكتىپىنىڭ ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىرىپ كەتتى. بۇنداق ئوقۇشنى ئۆز
ىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، ھەمدە ئاشۇ يولدا ئىزچىل تۈردە تىرىشىپ تەييارلىق قىلىپ كەلگەن ئەركىن سىدىق بولس
ا ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرىلمەيدىغان بىر مەكتەپكە كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاسپىرانت بولالماي، ئىنتايىن تىت-تىت بولدى. ئۇ بە
ر تەرەپتىن ئۆز تەتقىقاتىنى بۇرۇنقىدەكلا ئېلىپ بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنى
ڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان سۇلتان مۇئەللىم بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەكتەپ ئالماشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. بۇ ئارىلىقتا ياپ
ونىيىدە ئېنېرگىيىلىك ساھەسىدە 3-ئورۇندا تۇرىدىغان ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى ئەركىن سىدىقنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى
دىن خەۋەر تېپىپ، ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، ئەركىن سىدىقنى ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ ھەپتىدە بىر قېتىم ئېچىلىدىغان تەتقىقات م
ۇزاكىرە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. ھەمدە يول كىراسىنى ئاشۇ پروفېسسور ئۆزى چىقىرىپ بېرىۋاتقان ئىدى. ئەركىن سىدىق
نىڭ مەكتەپ ئالماشتۇرۇش ئارزۇسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ پروفېسسور ئۆز مەكتىپىگە ئېيتىپ، ئەركىن سىدىقنى ئىمتىھانسىز قوبۇل قىل
دىغان بولدى. سۇلتان مۇئەللىممۇ بەزى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتەپ ئالما
شتۇرۇشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق ئوقۇۋاتقان مەكتەپ بۇ ئىشقا "ئەركىن بىزنى ياراتمىدى" دەپ قاراپ
خاپا بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەركىن سىدىقنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى ۋە تەتقىقاتتا قولغا كەلتۈرگەن ئالاھىدە نەتىجىلىرىدىن قاتتىق
تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ مەكتەپ ئالماشتۇرۇشىنى قىزغىن قوللاپ، بۇ ئىش ئۈچۈن تولۇق كۈچ چىقاردى. بۇنىڭدىن ئەركىن سىدىق چەكسىز خۇ
شال بولدى. مەكتەپ ئالماشتۇرۇش ۋاقتىنىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىگە ئىنتايىن تەقەززا بولۇپ يۈردى.

1986-يىلى 20-سېنتەبىر كۈنى ياپونىيىنىڭ بىردىن-بىر مەملىكەتلىك تېلېۋىزور ئىستانسىسى بولغان NHK "9-نۆۋەتلىك چەت ئە
للىك ئوقۇغۇچىلار ياپون تىلىدا تەشەببۇسنامە قىلىش مۇسابىقىسى" دېگەن ماۋزۇدا بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ئ
ەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ Kobe دىكى Kansei Gakuyin ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىدىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى
تونۇشلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن "يېڭى يولنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن" دېگەن ماۋزۇدا بىر ماقالە تەييارلاپ، ئۇنى م
ۇشۇ مۇسابىقىدە ئوقۇدى. ھەمدە 72 دۆلەتتىن كەلگەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە 4-بولۇپ باھالىنىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشتى
ى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشتىن ئىنتايىن ھاياجانلاندى. ھەمدە ئۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالدى. بۇ ئۇنىڭ چەت ئەلدىكى ھاياتى جە
ريانىدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قازانغان 1-قېتىملىق چوڭ شان-شەرىپى ئىدى.

1986-يىلى 10-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مەتىمىن ئەپەندى ياپونىيىگە كېلى

UnRegistered

پ، كيوتو «مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى» دە «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى -- قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن
ماۋزۇدا ئىلمىي دوكلات بەردى. بۇ دوكلاتنى ئەركىن سىدىق نەق مەيداندا ئۇيغۇرچىدىن ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ھەممە ئا
بدۇشۈكۈر مۇئەللىم كيوتو ۋە ئوساكالاردا ئېكسكۇرسىيىدە بولغاندا ئۇنىڭغا تەرجىمان بولۇپ بەردى. بۇ قېتىمقى زىيارەت توغرىسىدا 1
988-يىلى ئېلان قىلىنغان «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» دېگەن بىر ماقالىدە تەپسىلىي ئۇچۇر بار بولۇپ، ئۇنىڭغا قىزىققۇچىلار تۆۋ
ەندىكى تور بېتىدىن بىرنى كۆرۈپ باقسا بولىدۇ:

http://www.meripet.com/Sohbet/Oylunush.htm

http://www.orkhun.com/bbsxp7/ShowPost.asp?ThreadID=55

http://www.bilik.cn/bbs/viewthread.php?tid=3948&extra=page%3D1

1987-يىلى ئەتىيازدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ بىر رەھبەرلىك ئۆمىكى ياپونىيىگە ئېكسكۇرسىيە ۋە خىزمەت
تەكشۈرۈشكە كەلدى. ئۇلار ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتىپىگە كېلىپ، بىر يىغىن زالىغا كەلتۈرۈلگەن چۈشلۈك تاماقنى يېيىش جەريانىدا، بۇ
مەكتەپنىڭ 1-قول مۇدىرى ئۇلارغا ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتەپ ئالمىشىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭ
لىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن ئۆمەكنىڭ باشلىقى بۇ بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى
، شۇڭا يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ مەكتەپ ئالمىشىپ ئاسپىرانت بولۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان مەكتەپ
مۇدىرى ئۇلارغا بىر تەرەپتىن تازىم قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا: "ئەركىن بىزنىڭ مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيان ئۆزىدە پ
ەۋقۇلئاددە يۇقىرى تالانت بارلىقىنى، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتتا دەرىجىدىن تاشقىرى قاتتىق تىرىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھەممە تەتقىق
اتتا بىز بۇرۇن ئانچە كۆرۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىزنىڭچە ئەركىننىڭ كەلگۈسىدىكى ئىستىق
بالى ئىنتايىن پارلاق بولىدۇ. مۇمكىن بولسا قارارىڭلارنى قايتا ئويلىشىپ باقساڭلار. سىلەر ئەركىننى قانچە ئوقۇتساڭلارمۇ ھەرگىز زىيا
ن تارتمايسىلەر"، دېدى. لېكىن ھېلىقى ئۆمەكنىڭ كىشىلىرى گەپ قىلماي جىملا تۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە ئەركىن سىدىق بىلەن بىر تۈر
كۈمدە كەلگەنلەر ئىچىدە مەكتەپ ئالمىشىپ ئاسپىرانت بولغان باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. ئەركىن سىدىق بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ
ئۆزۈن يىللاردىن بۇيانقى ئارمانىنىڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانلىقىدىن قاتتىق ھەسرەتكە چۆمدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ياپونلۇقلارنى
ڭ ئۆزى ئۈچۈن جۈرئەت قىلىپ بەرگىنىدىن كەلگەن ئۆمەكنىڭ كىشىلىرىگە تازىم قىلىپ، ئۇلارغا باش ئېگىپ، ئۇلارغا يېلىنىپ يالۋۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈ
شكە قاراپ يۈرىكى قاتتىق ئېزىلدى. (ياپونلۇقلارنىڭ بىر مىجەزى، ئۇلار ئادەتتە ھەرگىز باشقىلارغا باش ئەگمەيدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا
باشقىلارغا باش ئېگىشنىڭ ئورنىغا قورسىقىغا پىچاق ياكى قىلىچ تىقىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.) شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسى
ز غۇۋالىشىپ، كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق كونترول قىلىپ قىلچە ئاۋاز چىقارمىدى. لېكىن بىر
مەزگىل ئۆزىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئازراقمۇ كىرمىدى. ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۆمرى
دە بىرەر قېتىممۇ بۇنداق قاتتىق يىغلاپ باقمىغان ئىدى. ياپونلۇقلار ئۈچۈن، ۋە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ

UnRegistered

ئىقتىدارى يېتىدىغان پەللىگىچە ئوقۇش بىر ئادەتتىكى ئىش ئىدى. لېكىن ئەركىن سىدىق ئۆزى ئارزۇ قىلغان پەللىگىچە ئوقۇش ئۈچۈ
ن باشقا ئۇيغۇر ياشلىرى بەھرىمەن بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ، بىر ئۆمۈر قاتتىق تىرىشىپ، ھەممە ئىمتىھان ۋە تاللاشلار
دا ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا ئېرىشتى. ئۇ دۇنيا بويىچە قاتتىق ئىشلەشتە ئەڭ داڭلىق بولغان ياپونلۇقلارنىمۇ قاتتىق ئىشلەشتە ھەيران قا
لدۇرۇپ، ئۇلارنىڭمۇ كىشلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. لېكىن، بۇگۈنكى كۈنگىچە كەلگەندە،
كۆز ئالدىدىكى بۇ بىر ئالتۇندەك پۇرسەتتىن مەھرۇم قېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئىش ئەركىن سىدىققا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭغا قات
تىق زەربە بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئازراقمۇ چۈشكۈنلەشمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك تىرىشتى. گەرچە ھەر سائ
ەت ۋە ھەر كۈننى چوڭقۇر پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەتقىقاتقا بېغىشلاپ، چەكلىك ئوقۇشتا چىقىپمۇ ئۇ
نۇان ئالالماسلىقىنىڭ ئورنىنى ئەلا تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تولدۇرۇشقا بەل باغلىدى. مىنۇت-سېكۇنت ۋاقتىنىمۇ چىڭ تۇتتى. ئۆز ئە
شخانىسىدا تەتقىقاتقا چوڭقۇر چۆكۈپ ئىشلىگەنلىكى، ياتاقتا بارسا ئەتراپىدا ھېچ قانداق تونۇشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ باشقىلا
ر بىلەن سۆزلىشىش پۇرسىتى ئاساسەن يوق بولۇپ، بەزىدە بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭ گەپ قىلغان ۋاقتى يېرىم سائەتكىمۇ يەتمەيتتى.

ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن بۇ ئۆمەك قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ مۇدىرى بىر كۈنى ئۇنى ئۆز
ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم ئىنتايىن ئارماندا قالغانلىقىنى ئېيتتى. ھەممە ئەركىن سىدىقتىن "مەن سەن ئۈچۈن
قىلىپ بېرەلەيدىغان باشقا بىرەر ئىشىمۇ بارمۇ؟" دەپ سورىدى. ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا "ئەگەر سەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى مۇ
شۇ ئوقۇش ئىشىغا مەسئۇل كىشى بادەي ئەپەندىگە بىر پارچە خەت يېزىپ باقساڭ، ئېھتىمال پايدىسى تېگىپ قېلىشى مۇمكىن"، دېد
ى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى بادەيگە بىر پارچە خەت يازدى. ئارىلىقتىن 2 ئاي ئۆتتى. ئۈچ ئايمۇ ئۆتتى. لېكىن بادەيدىن جاۋاب خە
ت كەلمىدى. بۇ جەرياندا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ھەر قېتىم ئەركىن سىدىقنى كۆرگەندە "مېنىڭ خېتىمگە زادىلا جاۋاب كەلمەيۋاتىدۇ. نە
مە ئۈچۈن شۇنداقلىقىنى بىلەمسەن؟" دەپ سوراپ تۇردى. ئۇنىڭ سوئالىغا ئەركىن سىدىق جاۋاب بېرەلمەيتتى. ياپونىيىدە بىر مەكتەپ
نىڭ مۇدىرى خۇددى شۇ مەكتەپنىڭ پادىشاھىغا ئوخشاش قارىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇقىمۇ ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. شۇڭا مەكتەپ
مۇدىرىنىڭ ئەركىن سىدىق ئۈچۈن يۇقۇرىقىدەك قىلىشى بىر كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. دۇنيادىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ سەممى
ي ۋە ئەڭ ھەققىي ئىنسانلىقىنىڭ سۈپىتىگە ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ياپونلۇقلار ئۈچۈن يازغان خېتىگە جاۋاب خەت تاپشۇرۇپ
ئالالماسلىق بىر ھەرگىزمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. بۇ ۋەقە بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مەكتەپ مۇدىرى ئەركىن سىدىقنى
ئۆزىنىڭ بىر دوستىدەك كۆرۈپ، ئۆز ئۆيىگە ئۇنىڭ ئۇستازى بىلەن ئىككىسىنى بىر قېتىم مېھماندارچىلىققا چاقىردى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئۇ
ستازى بۇ مەكتەپتە ئىشلىگىلى 20 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىشى مۇشۇ قېتىم تۇنجى قېتىملىق ئىك
ەن. 1991-يىلى يازدا ئەركىن سىدىق ئامانگۇل بىلەن يۇرتتا قايتاشدا ئالدى بىلەن ياپونىيىگە بېرىپ، ئۇ يەردە 10 كۈن تۇردى.
شۇ جەرياندا ئۇلار ئەركىن سىدىق بۇرۇن ئوقۇغان مەكتەپكىمۇ باردى. بۇ مەكتەپ بۇ ئىككىسى ئۈچۈن بىر ئالاھىدە زىياپەت بەردى.

UnRegistered

شۇ زىياپەت جەريانىدا ھېلىقى مەكتەپ مۇدىرى ئەركىن سىدىققا مۇنداق دېدى: "بىزنىڭ مەكتەپتە بولۇپ ئۆتكەن ئەركىن سىدىق ۋ
ەقەسى مېنى قاتتىق ئېچىندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ مەكتەپتە ماگىستىرلىق پروگراممىسى ئېچىشقا قەتئىي بەل باغلىدىم. ھەمدە
ئىككى يىل قاتتىق تىرىشىپ، 1990-يىلى بۇ پروگراممىنى رەسمىي باشلىدۇق. شۇڭا بۇ ئىشتا سىنىڭ تۆھپەڭ بەك چوڭ. ئەگەر ئەركىن
سىدىق ۋەقەسى بولۇپ ئۆتمىگەن بولسا، بۇ ئىشنى بۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قىلىپ بولالمايتتىم".

بىرىنچى تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ياپونغا بارغاندا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئۇلارنىڭ ئارىلىقتا يۇرتقا قايتىپ كېلىپ ت
ۇغقان يوقلىشىغا، ياكى ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ياپونغا بېرىشىغا پۈتۈنلەي يول قويمىدى. ئۇ چاغدا ئۇيغۇر دىيارىدا تېلېفون تېخى تەرەققى
ي قىلمىغان بولۇپ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى پەقەت پوچتىخانىدىلا قىلغىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا ئەركىن سىدىق ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىر
ەر قېتىممۇ تېلېفوندا سۆزلىشەلمىدى. ئۇ ھەر يەكشەنبە كۈنى ئىشخانىسىغا كېلىپ، 2-3 سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ئائانىگۈلگە خەت ياز
دى. ئائانىگۈلمۇ ھەر ھەپتىدە خەت قايتۇردى. ئۇ چاغدا ياپونىيىدىن ئۈرۈمچىگە بىر پارچە خەت 15 كۈندە ئاران تېگەتتى. شۇڭا ئۇلا
ر ھەر قېتىم بىر-بىرىگە خەت يازغاندا 2 ھەپتىدىن بۇرۇن يېزىلغان خەتكە جاۋاب يازاتتى. ئائانىگۈلنىڭ قوشنىلىرىنىڭ ئىچىدە ئېرى ي
اپونغا ئوقۇشقا كەتكەنلەردىن بىر قانچىسى بار بولۇپ، ئۇلارغا ئەرلىرىدىن نەچچە ئايدا ئاران بىر قېتىم خەت كېلىدىغان بولغاچقا،
ياپونىيىدىكى ئىشلاردىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن ئۇلار پات-پات ئائانىگۈلنىڭ قېشىغا كىرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

1987-يىلى 5-ئايدا، ئەركىن سىدىق ئۇستازى بىلەن بىللە ياپون-جۇڭگو بىرلىشىپ ئاچقان بىر خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىن
غا باردى. يىغىن نەنجىڭدە ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەركىن سىدىق تۇنجى قېتىم ئىنگلىز تىلىدا ئۆز تەتقىقاتىدىن دوكلات بەردى. ئۇ
نىڭ ئىنگلىزچىسى ياخشى بولمىغاچقا، ئۇ دەيدىغان ھەر بىر جۈملە سۆزلىرىنى ئىنگلىزچە يادلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر بو
لۇش سۈپىتى بىلەن مۇشۇنداق بىر يىغىنغا قاتنىشالىغانلىقىدىن ئىنتايىن ھاياجانلانغانلىقتا چۆمگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىك
نى يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا جاكالىۋەتكۈسى كەلدى. شۇڭا سۆزلەش نۆۋىتى ئۆزىگە كەلگەندە، ئۇ ئالدى بىلەن "مېنىڭ ئىسمىم ئەرك
ىن سىدىق. مەن ئەسلىدە ئۇيغۇر رايونىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بىر ئۇيغۇر بولىمەن"، دېدى. خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا سۆزگ
ە چىققاندا، گەپنى بۇنداق باشلاش ئادەتتە يوق ئىدى. شۇڭا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەركىن سىدىقنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەير
ان بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئەركىن سىدىق بىلەن ئوخشاش مەكتەپتىن كەلگەنلەر بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ھەيران بولمىدى. ئۇلار ئ
ەركىن سىدىقنىڭ كىملىكىنى بىلەتتى، ھەمدە ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىدىن بىر ئاز خەۋەردار ئىدى. نەن
جىڭدىكى يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇستازىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئەركىن سىدىق ئۈرۈمچىگە 2 ھەپتىلىك تەتىل قىلىپ قايتتى. شۇ
نىڭ بىلەن ئۇ ئايرىلغىلى 2 يىل بولاي دەپ قالغان ئايالى ئائانىگۈل بىلەن قىزى دىلنارەنى كۆرۈش پۇرستىگە ئېرىشتى. دىلنارە بۇ
چاغدا 2 ياشقا توشاي دەپ قالغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق قايتىپ بارغان دەسلەپكى 10 كۈن ئىچىدە ئۇ ئەركىن سىدىقنى "دادا" دە
پ چاقىرىشقا ئۇنىمىدى. پەقەتلا "ئاكا" دەپ چاقىردى. ئەركىن سىدىق ماڭىدىغانغا بىر-ئىككى كۈن قالغاندا ئاران "دادا" دەپ چا

Unregistered

قىرىدىغان بولدى.

ئەركىن سىدىق بۇ قېتىم يۇرتقا بارغاندا، ئۇنىڭغا ياخشى ئىشتىن يەنە بىرسى يۈز بەردى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ر
ەھىمەتلىك ھاكىم جاپپار بىلەن مەكتەپ ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى باشلىقى ئايشەم ئاپپاي ئەركىن سىدىقتا فىزىكا كەسپىدىك
ى بىر ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىغا ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىنى ھەل قىلغانلىقىنى، ئەمما ھازىر فىزىكا كەسپىدە ئىنگلىز تىلى ئۆتكىلىدى
ن ئۆتكەن باشقا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىنىڭ يوقلىقىنى، ئەگەر ئەركىن سىدىق ئىنگلىزچە ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولالىسا، بۇ ئوقۇشقا ئۇنى ئ
ەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە ئەركىن سىدىق ياپونىدا ئۇچرىغان تەقدىردىن سۇلتان مۇئەللىم، ھاكىم جاپپار ئەپەندى ۋە ئايش
ەم ئاپپايلار ئىنتايىن نارازى بولغان ئىدى. شۇڭا بۇ ئوقۇش پۇرسىتى ھەل بولۇشىغىلا مەكتەپتە ئۇنىڭغا لايىق باشقا كاندىدات بولمى
غاچقا، ئۇلار ئەركىن سىدىقنى ئويلاشقان ئىدى. ئەركىن سىدىق ياپونىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئۆز تەتقىقاتىنى بۇرۇنق
ىدەكلا داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە تايىنىپ ئىنگلىزچىنى تەكرارلاشنى باشلىدى. ئىشخانىسىدىن ھەر كۈنى كەچ سائەت
10 لاردا قايتىپ كېلىپ، ئەتىگەن سائەت 2 بولغۇچە ئىنگلىزچىنى تەكرارلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە ۋاقتىدا تاماق يېمەي، قاتتىق ئىشلەپ
كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق نېرۋا خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولۇپ، بۇ كېسەل تاكى ئەركىن سى
دىق 1995-يىلى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغىچە داۋاملاشتى (بۇ كېسەل ھازىر پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى). 1987-يىلى 10-ئايد
ا ئەركىن سىدىق 1-قېتىم TOEFL دەپ ئاتىلىدىغان ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىغا قاتناشتى. ئارىلىقتا بىر ئاي ئۆتۈپ، ئەركىن سىدىق ئۇ
نىڭ نەتىجىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدا 540 نومۇر ئالغانلىقىنى بىلگەندە، ھاياجانلانغىنىدىن ئۇنىڭ كۆزىدىن يەنە ت
ارام-تارام ياش ئاقتى. ئورنىدىن تۇرۇپ سەكرەپ كەتتى. ئامېرىكىدىن ماگىستىرلىق ئوقۇماقچى بولغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا
قويىغان تەلەپ 550 نومۇر بولۇپ، ئەركىن سىدىق بۇنچىلىك نومۇر ئالالايدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان ئىدى. بۇ ھەپتە ئۇ ئاماد
گۇلگە خەت يازغاندا، ئامانگۇلگە بۇ خەۋەرنى تېزراق يەتكۈزۈش ئۈچۈن، خەت لىپاپىسىنىڭ ئارقىسىغا (يەنى لىپاپىنىڭ تېشىغا) "T
OEFL دا 540 ئاپتىمەن"، دەپ يېزىپ قويدى. ئەركىن سىدىقنى ئالماقچى بولغان مەكتەپنىڭ ئىلتىماس قوبۇل قىلىش ۋاقتى 2-ئا
ينىڭ 1-كۈنى توشىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەركىن سىدىق TOEFL ئىمتىھانىغا يەنە داۋاملىق بىر قانچە قېتىم قاتناشتى. ئو
ساكادا بۇنداق ئىمتىھان بىر چوڭ زالدا ئېلىنىدىغان بولۇپ، ئىمتىھاننىڭ ئاڭلاش قىسمىنى زالدىكى بىر قانچە چوڭ كاناي ئارقىلىق ئال
دى. ئۇ قىش كۈنى بولغاچقا، زۇكامداپ يۆتەل بولۇپ قالغانلار كۆپ بولۇپ، ئەركىن سىدىق ھەر قېتىم ئاڭلاش ئىمتىھانى قىسمىنى ياخ
شى بېرەلمىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق يەنىلا 540 تىن يۇقىرى نومۇر ئالالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئامېرىكىدىكى مەكتەپ ئەركىن سىد
ىقنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، ئۇنى شەرتلىك قوبۇل قىلىپ، TOEFL ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن
تولۇقلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. (ئەركىن سىدىق 1988-يىلى 9-ئايدا ئامېرىكىدا قاتناشقان TOEFL ئىمتىھانىدا 580 نومۇر ئالغا
ن).

Unregistered

ياپونىيەدىكى ئوقۇشىنىڭ ئاخىرقى يېرىم يىلى قالغاندا، ئەركىن سىدىق بىر ئازقوشۇمچە ئىشلەپ پۇل تېپىشىلىش ئۈچۈن، ھەر يەكشەن
بە كۈنى Kansei Gakuyin ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 6 نەپەر تارىخ كەسپى ئوقۇغۇچىسىغا خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتتى. ئۇساكا چەت ئەل تە
لى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ياش ئوقۇتقۇچىسىغا ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتتى. يەنە بىر تونۇشىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر قىزىغا
ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتتى. ئەركىن سىدىقتىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەن ئوقۇتقۇچى ئۇيغۇرچىنى ھازىرمۇ ناھايىتى ياخشى سۆزلەيدۇ. ئۇ
ھازىر يۇقۇرىقى مەكتەپتە تۈرك تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ياپونىيەدە ئوقۇغان 2 يېرىم يىل جەريانىدا، ئەركىن سىدىق جەمى 19 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى
3 پارچە ماقالە ئامېرىكىدا چىقىدىغان خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي تەتقىقات ژورناللىرىدا، يەنە بىرسى ياپونىيىنىڭ
بىر مەملىكەتلىك ئىلمىي تەتقىقات ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى. ياپونلۇقلارنىڭ ئۆز ئۆلچىمى بويىچە ئېيتقاندىمۇ بۇ ناھايىتى زور نەتىجە ب
ولۇپ، ئادەتتە ياپونىيەدىكى دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار خەلقئارالىق ژورنالدا پەقەت بىر پارچىلا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلالىسا
لا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشەلەيتتى. ئەركىن سىدىق ئوقۇغان مەكتەپتىكىلەر ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىغا ئىنتايىن ھەيران قېلىشتى. ھەمد
ە ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىدىن ئىنتايىن تەسىرلەندى. شۇڭا كۆپ قېتىم ئەركىن سىدىقنى مەكتەپ گېزىتىدە تونۇشتۇردى. ئەر
كىن سىدىق ۋەتەنگە قايتىدىغاندا، ئۇ مەكتەپتىكى بەزى پروفېسسورلار ئۇنىڭغا: "ئەگەر ئۆزۈڭدەك ياخشى ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ياشلا
ر بولسا بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويساڭ. بىز ئۇلارنى پۇلسىز ئوقۇتۇپ قويساق" دېدى. ئەركىن سىدىق 1988-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى
1-تۈركۈم ياپونغا كەلگەن باشقا 13 نەپەر كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە بىر پاراخوتتا ئولتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتتى.

ئەركىن سىدىق ياپونىيەدە ئوقۇش جەريانىدا يوقىرىدا تەسۋىرلىگەندەك تەبىئىي پەن ساھەسىدە خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات ژورناللى
رىدا بىر قانچە پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدا تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلالىغان بىر ئۇيغۇرغا ئاي
لاندى. شۇڭا ئۇ ياپونىيەدىن ۋەتەنگە قايتىپ كېتىپ، كېيىن ئامېرىكىغا كەتكەندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا
خېلى بىر مەزگىلگىچە تەشۋىق قىلىندى. تەسىر دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولغان بىر قانچە ماقالىلار ئېلان قىلىندى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغ
ان «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» دېگەن ماقالە مانا شۇنىڭ بىرسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1989-يىللىرى
«ئەركىن سىدىق ھادىسىسى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ئەركىن سىدىق روھىدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارد
ى. بۇ ھەرىكەت ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگىمۇ كېڭەيتىلگەن ئىدى. مۇشۇ تەرجىمىھالنىڭ «كىرىش سۆ
ز» قىسمىدا بېرىلگەن تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئەركىن سىدىققا ئاتاپ يازغان شېئىرىمۇ مانا ئاشۇ مەزگىلدە يېزىلغان ئىدى.

UnRegistered



ئەركىن سىدىقنىڭ ئوساكا ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا مەكتەپ ئىچىدە قالدۇرغان بىر خاتىرە رەسىمى. ئەر
كىن سىدىقنىڭ سول قول تەرىپىدىكىسى ئۇنىڭ ئۇستازى پروفېسسور Chang Nion-Sock بولۇپ، ئۇ كىشى 2005-يىلى يازدا 7
8 يېشىدا ۋاپات بولدى.



ئەركىن سىدىق 1986-يىلى ئەتىيازدىكى ياپونىيەنىڭ دۆلەتلىك بايرىمى «ساكۇرا بايرىمى» دا قالدۇرغان بىر خاتىرە رەسىمى.

UnRegistered



ئەركىن سدىق 1986-يىلى 20-سېنتەبىر كۈنى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن "9-نۆۋەتلىك چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار ياپون تىلىدا تەشە
ببۇسنامە قىلىش مۇسابىقىسى" دېگەن مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمىدا مۇكاپات تاپشۇرۇپ ئالماقتا. ئەركىن سدىق بۇ مۇسابىقىدە 72 د
ۆلەتتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 4-ئورۇنغا ئېرىشكەن. بۇ پائالىيەت ياپونىيىنىڭ دۆلەتلىك تېلېۋىزور ئىستانسىسى بولغان NH
K تېلېۋىزورىدا نەچچە كۈن تەكرار بېرىلگەن ئىدى.



1986-يىلى ئابدۇشۇكۇر مەتىمىن ئەپەندى ياپونىيەگە كېلىپ، كيوتو "مەركىزىي ئاسىيا تەتقىقات مەركىزى" دە "ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغ
ۇر مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك قامۇسى -- قۇتادغۇ بىلىك" دېگەن ماۋزۇدا ئىلمىي دوكلات بەردى. بۇ دوكلاتنى نەق مەيداندا ئەركىن سىدد
ق ئۇيغۇرچىدىن ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇ رەسىم ئاشۇ چاغدىكى سەھنىنىڭ بىر كۆرۈنىشى.

## 10. جەنۇبىي كالىفورنىيەدىكى ماگىستىرلىق ئوقۇشى

ئەركىن سىدىق ياپونىيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، فىزىكا فاكۇلتېتىدىكى خالىدەم ئاپپاي ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يېتەك
لەۋاتقان ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى 3 ئۇيغۇر ۋە بىر قازاق ئېلېكتىر كەسپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسىغا يېتەكچ
ى بولدى. ئۇ چاغدا ئامېرىكىدىكى ئوقۇش توغرىسىدا تېخى رەسمىي چاقىرىق كەلمىگەن ئىدى. ئەركىن سىدىق بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ھەر
كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دىن كەچ سائەت 5 كىچە ئۆز ئىشخانىسىغا يىغىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ماقالە تەييارلاش ئىشىنى رەسمىي
ياپونىيەدىكىدەك ئېلىپ باردى. شۇڭا بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئەركىن سىدىققا يېقىندىن ماسلىشىپ قا
تتىق تىرىشتى. ئۇلار بىر قانچە ئېلېكتروماگنىتلىق دولقۇن مەسىلىسى توغرىسىدا ئالدى بىلەن ماتېماتىكىلىق فورمۇلالارنى كەلتۈرۈپ چى
قىرىپ، ئاندىن ئۇلارنى كومپيۇتېر ئارقىلىق ھېسابلاپ، بۇنىڭدىن نەتىجە چىقىپ بولغاندا، ئۇلارنى گرافىك قىلىپ سىزىپ چىقىپ، ئۇلا
رنى ئۆز ماقالىلىرىغا كىرگۈزدى. بۇ ئىش فاكۇلتېتتا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. ئۇلار ماقالىلىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈر
دىغاندا، بۇ 4 ئوقۇغۇچىدىن 3 كىشىنىڭ ماقالىسى "ئەلا"، يەنە بىرسىنىڭ بولسا "ياخشى" بولۇپ باھالاندى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنى قولد
ىن چىقىرىپ بولۇشىغىلا، ئەركىن سىدىققا ئامېرىكىدىن ئوقۇتۇشقا قوبۇل قىلىنغانلىق خەۋىرى كەلدى. گەرچە ئۇلار چاقىرىق قەغىزىنى 6
-ئاينىڭ بېشىدىلا ماڭدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ چاقىرىق ئەركىن سىدىققا زادىلا تەگمىدى. شۇنىڭ بىلەن 7-ئاي كىرگەندە ئۇلار چاقىر
ىقنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىدىن يەنە بىرنى ماڭدۇردى. بۇ ئارىلىقتىكى بىر ئاي ۋاقىتنى ئەركىن سىدىق ئىنتايىن تىت-تىتلىق ئىچىد
ە ئۆتكۈزدى.

ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا ئۇنى ئەڭ ئېچىندۇرغان بىر ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغۇ
چى قوبۇل قىلىشىدىكى ئارقا ئىشىك مەسىلىسى ئىدى. ئارقا ئىشىكنىڭ ئېغىرلىقىدىن، ھەر يىلى ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلى
ش ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرىدىغان ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدىغان ۋاقىتتا، پۈتۈن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپكە كىرىش ي
ېشىدىكى بالىسى بار ئاتا-ئانىلار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، بالىسىنىڭ ئىشىغا يول ماڭىدۇ. نۇرغۇن ئىقتىسادتىن ئايرىلىپ، بالىلىرى
نى ئالىي مەكتەپكە يەنىلا قوبۇل قىلدۇرالمايدىغان ئىشلار داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ. ئىشنىڭ ئەڭ ئېغىر يېرى، پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى ئو
قۇغۇچى قوبۇل قىلىش سىستېمىسىغا ئىشەنمەس بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھەر يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلانغاندا، نۇرغۇن ئاتا-ئا
نىلار ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. ئارقا ئىشىك بىلەن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ قالغان ئوقۇغۇچىلار دەرسكە يېتىشەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار رەھىمدىل بو
لغاچقا، كۆپىنچە ئوقۇتقۇچىلار ئاشۇ ئاجىز ئوقۇغۇچىلارنىمۇ بىر ئامال قىلىپ ئوقۇش پۈتتۈرىۋالسۇن، دەپ، پۈتۈن سىنىپنىڭ ئوقۇتۇش س
ەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىدۇ. مۇشۇنداق بىر زەنجىرسىمان جەريان تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئالىي مائارىپى يېتەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلالما
ي، بارغانسېرى ئارقىغا چېكىنىدۇ. ئەركىن سىدىقنىڭ نەزىرىدە، بۇ ئەھۋالغا ھەققىي كۆڭۈل بۆلىدىغان باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ بول

UnRegistered

ۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى چوقۇم ئۇيغۇرلار ئۆزى ئوقۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ياپوندا ئوقۇش جەريانىدا، ئەركىن سىدىق بۇ ئىش
ئۈستىدە نۇرغۇن باش قاتۇرۇپ، بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئېھتىياجىغا تايىنىپ تۇرۇپ ئوقۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ
ئەكسىچە، ئۇنى تولۇق ۋە ئۇنۇملۇك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سىستېمىسى ئارقىلىق تۈزەلەش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى. ھەمدە ئۇيغۇرلارنى
ڭ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشىدىكى ئارقا ئىشىكنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش تەدبىرىنى ئويلاپ چىقتى. ئەركىن سىدىق
ئۆز ئويلىرىنى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى سۇلتان مۇئەللىم بىلەن تىلۇۋقان مۇئەللىم (ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي)
لەرگە ئاغزاكى ئېيتقاندا، ئۇلار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئەركىن سىدىقتىن ئۆزى ئويلىغانلىرىنى تەپسىلى يېزىپ چىقىپ، ئۇلارغا يوللا
شنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، ياپونىيەدىن قايتىپ كېلىپ، ئامېرىكىغا ماڭغىچە بولغان 3 ئاي ۋاقىت ئىچىدىكى يۇقۇرىقىدەك بىر قاتار
ئىشلارنىڭ ئالدىراشچىلىقى بىلەن، ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆز ئويلىرىنى يېزىپ چىقىشقا پۇرسەت بولمىدى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىش ئۈچۈ
ن ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىدۇ. ھەمدە ئۆز-ئۆزىدىن داۋاملىق «ئەگەر مەن چەت ئەلدە تۇرۇپ قالماي، ئۇيغۇر دىيارىغا قايتىپ كېتى
پ ئىشلىگەن بولسام، يۇقۇرىقىدەك ئىشلاردا ئويلىغانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان بولاتتىممۇ؟ مېنىڭ ئاشۇنداق قىلىشىمغا يول قويىلا
تتىمۇ؟ ئەگەر يول قويۇلغان بولسا، ئۇنداق قىلىشنى قانچىلىك ۋاقىت داۋاملاشتۇرالىغان بولاتتىم؟» دەپ سورايدۇ.

1988-يىلى 7-ئاينىڭ بېشىدا ئامېرىكىنىڭ ئوقۇش چاقىرىقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئامېرىكىدىكى مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى ز
ادىلا چۈشەنمەيدىغان ئەركىن سىدىق خەتتە ئېيتىلغان مەكتەپكە تىزىمغا ئالدۇرۇش ۋاقتىغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن (كېيىن ئۇقسا، ئۇ
ئەسلىدە ئامېرىكىلىق ئوقۇغۇچىلاردىن تەلەپ قىلىنغان تىزىملىتىش ۋاقتى ئىكەن)، 8-ئاينىڭ بېشىدا بولىدىغان قۇربان ھېيتقىمۇ قارىما
ي، 7-ئاينىڭ ئاخىرى بېيجىڭغا قاراپ يول ئالدى. ھەمدە 1988-يىلى 7-ئاينىڭ 29-كۈنى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدىكى لو
س ئانژېلىس شەھىرىگە يېتىپ باردى. لېكىن، بۇ مەكتەپتىكى دەرس 9-ئاينىڭ بېشىدا باشلىنىدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىق بىر ئاي
بىكار بولۇپ قېلىپ، TOEFL ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلدى. ھەمدە شۇ ئارىلىقتا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىپ، شوپۇرلۇق كىنىشكىسى ئې
لىۋالدى.

كالىفورنىيەدە ئالىي مەكتەپلەر شتات ئىگىلىكىدىكى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەر، دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. خۇسۇسىيلار ئىگى
لىكىدىكى داڭلىق مەكتەپلەردىن ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى، كالىفورنىيە تېخنىكىلىق ئىنستىتۇتى ۋە جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى
دېگەنلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چوڭ-كىچىك ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپلەردىن 100 دىن ئارتۇقى بار. شتات ئىگىلىكىدە
كى مەكتەپلەردىن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 10 مەكتەپ، كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 22 مەكتەپ، ۋە جەمئىيەت ئىنست
ىتۇتى (ئىنگلىزچە "Community College") دەپ ئاتىلىدىغان 2 يىللىق ئالىي مەكتەپتىن 105 مەكتەپ بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ك
الىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقاتنى ئاساس قىلىدىغان مەكتەپ بولۇپ، ئۇلاردا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغىچە بېرىلىدۇ. كالىفورنىيە شتات ئۇ

Unregistered

نىۋېرسىتېتىدا بولسا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغىچە بېرىلىدۇ. جەمئىيەت ئىنستىتۇتى بولسا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئۇنۋان
ى بېرىپ جەمئىيەتكە چىقىرىپ، يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق دەرسلىرىنى ئۆتۈپ تۈگىتىپ، ئۇلارنى قالغان 2 يىللىق ئوقۇش
نى يۇقۇرىقى قالغان 2 خىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا تەييارلايدۇ. ھەر بىر مەكتەپتە 20-30 مىڭ ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بولىدۇ.

ئەركىن سىدىقنى قوبۇل قىلغىنى لوس ئانژېلىس شەھىرىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان "Northridge" دېگەن شەھەرگە جايلاشقان كا
لىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتى ئىدى (تور بەت ئادرېسى:
http://www.csun.edu). ئۇ ئىنگلىزچە «Cafilornia State University, Northridge (CSUN)» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلى
دە مۇشۇ فاكۇلتېتتا "Paul Chow" ئىسىملىك بىر خەنزۇ پروفېسسور بار بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئايشەم ئ
اپپاي بىلەن سۇلتان مۇئەللىملەر بىر قېتىم ئامېرىكىغا ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەندە مۇشۇ پروفېسسورنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى مەكتە
پ ئارىسىدا دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ئىدى. يەنە مۇشۇ Paul Chow دېگەن پروفېسسورنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ قېتىمقى ئوقۇ
ش پۇرسىتىنى ھەل قىلغانىدى. مەكتەپ ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، ئەركىن سىدىققا يەنە "ياردەمچى ئوقۇتقۇچى" لىق خىز
مىتى بېرىلگەن ئىدى. شۇڭا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭ ئامېرىكىغا كېلىش يول كىراسىنى چىقىرىپ بەرگەن بولۇپ، ئامېرىكىغا كەل
گەندىن كېيىنكى تۇرمۇشنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزى قامدايتتى. كالىفورنىيەدىكى مەكتەپلەر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىد
ىغان ئوقۇش پۇلى 2 تۈرگە بۆلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى "ئوقۇش پۇلى" (ئىنگلىزچە "Tuition") دەپ ئاتىلىپ، يەنە بىرسى
"تىزىملىتىش پۇلى" (ئىنگلىزچە "Registration Fee") دەپ ئاتىلىدۇ. كالىفورنىيە نوپۇسىدىكى كىشىلەر پەقەت "تىزىملىتىش پۇل
ى" نىلا تۆلەيدىغان بولۇپ، چەت ئەللىكلەر بولسا ھەر ئىككىلىسىنى تۆلەيدۇ. ئەركىن سىدىق بولسا پەقەت "تىزىملىتىش پۇلى" نىلا
ئۆزى تۆلەيتتى. پروفېسسور Paul Chow ئەسلىدە جۇڭگودىكى بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى بولۇپ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئامېرىكىغا بارى
دىغان بىر يۈك توشۇش پاراخوتىغا يوشۇرۇنىۋېلىپ قانۇنسىز كېلىپ، كېيىن دوكتورلۇققىچە ئوقۇپ، ھازىرقى مەكتەپكە پروفېسسور بولغا
ن ئىكەن. ئۇ ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بولىدىغان كىشى بولۇپ، ئاشۇ كىشىنىڭ ياردىمىدە ئۇيغۇر دىيارىدىن بۇ مەكتەپكە جەمى
5 ئۇيغۇر ۋە بىر قىرغىز ئوقۇغۇچى كېلىپ ئوقۇغان.

ئەركىن سىدىقنىڭ بۇرۇنقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن CSUN نىڭ فىزىكا فاكۇلتېتى تەتقىقاتتا فاكۇلتېت
بويىچە ئەڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، مۇشۇ مەكتەپ بىلەن كالىفورنىيە تېخنىكىلىق ئىنستىتۇتى دا تەڭلا پروفېسسور بولۇپ ئىشلەيدىغان «
Ryoichi Seki» ئىسىملىك پروفېسسورنى ئۇنىڭغا يېتەكچى ئوقۇتقۇچى قىلىپ بېكىتىپ قويىدى. بۇ پروفېسسورنىڭ ئەسلى مىللىتى يا
پونلۇق بولۇپ، ئامېرىكىدا ئوقۇپ، دوكتورلۇقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئامېرىكىدا پروفېسسور بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇڭلاق قىلىپ،

Unregistered

ئەركىن سىدىق ياپونىيەدە كورىيە مىللىتىدىن بولغان پروفېسسورنىڭ قولىدا، ئەمدى ئامېرىكىدا بولسا ياپونلۇق پروفېسسورنىڭ قولىدا
ئىشلىدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇغىنى ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىكى بولسىمۇ، بۇ مەكتەپنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، كەس
سپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئومۇمي دەرسلەر قاتارىدا ئوقۇغان بىر قىسىم تۆۋەن دەرىجىلىك فىزىكا دە
رسىدىن باشقا، ئۇنىڭ فىزىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ھەمدە فىزىكىلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئىنگلىزچىسى ئۇياقتا تۇرسۇن، خەنزۇچىسى ۋە
ئۇيغۇرچىسىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ھەر ھەپتىسى 20 سائەت (يەنى 2 يېرىم كۈن) تەجرىبە دەرسى ئۆتمىسە ب
ولمايتتى. شۇڭا ۋاقىت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ كەتتى. ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەر چەت ئەللىك ئاسپىرانت ئو
قۇغۇچىلىرىدىن ھەر مەۋسۇمدە 9 ئوقۇش نومۇرى (يەنى 3 ئوقۇش نومۇرلۇق دەرستىن 3 نى) تاللاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەركىن سىدىقمۇ
دەسلەپتە 3 دەرس تاللىدى. ئەمما بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتكەندە كىتاب بويىچە ئۆتمەي، ھەمدە كىتابنىڭ قايسى قىسمىنى ئ
ۆتىدىغانلىقىنىمۇ دوسكىغا يېزىپمۇ قويماي دەرس سۆزلەيدىغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىق ئىشنىڭ باش-ئاخىرىنى ئاڭقىراپ بولغىچە
بىر دەرسنىڭ مەۋسۇم ئارىلىقىدىكى ئىمتىھان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئەركىن سىدىق ئىلاجىسىز نۇرغۇن يول مېڭىپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بىر
دەرسىنى قىسقارتتى. شۇنىڭ بىلەن مەۋسۇم ئاخىرىدا قالغان 2 دەرستە "A" (يەنى "ئەلا") نومۇر ئالدى. ئىككىنچى مەۋسۇمدىن باش
لاپ سىنىپتىكى باشقا ئوقۇغۇچىلار ئەركىن سىدىقتىن دەرس سورايدىغان بولدى.

1989-يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرى ئەركىن سىدىق تۇغقان يوقلاش ۋە ئايالى ئامانگۈلنى ئامېرىكىغا ئەكېلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا باردى.
ئۇ يۇرتقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئامېرىكا كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئامېرىكىغا قايتىپ كېتىش ۋىزىسى بىلەن ئامانگ
ۈلنىڭ ئامېرىكىغا بېرىش ۋىزىسىنى بېجىرمەكچى بولدى. 3-ئىيۇل كۈنى ئاخشىمى بېيجىڭدا چوڭ ۋەقە بولدى. ئەركىن سىدىق شىنجا
ڭ ئىش بېجىرىش ئىدارىسى مېھمانخانىسىدا بولغاچقا، ئوق-بومبىلارنىڭ پارتلاش ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى. بۇ ئىشلاردىن ھېچ قانچىلىك
ق خەۋىرى يوق ئامانگۈل 4-ئىيۇل كۈنى ئەتىگەندە ئەمدى 5 ئايلىق بولغان ئوغلى دىلشاتنى قۇچىقىدا كۆتۈرۈپ، ئايروپىلانغا ئولت
ۇرۇپ بېيجىڭغا كەلدى. ئۇ كۈنى بېيجىڭنىڭ يوللىرى پوتۇنلەي توسۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، قاتناش پۈتۈنلەي پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ
قالغان ئىدى. ئەركىن سىدىق بېيجىڭ ئايرودورومىغا بارىدىغان قاتناش قورالى تاپالماي، تىت-تىت بولۇپ تۇرغاندا، ئۆزى تۇرغان م
ېھمانخانىدىن بىر مىنىبۇسنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن كېلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئايرود
ورومغا بارىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، يولدا تېخىچە كۆيۈۋاتقان ھەربىي ماشىنىلارنىڭ
ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئايرودورومغا بېرىپ، ئامانگۈل بىلەن دىلشاتنى مېھمانخانىغا قايتۇرۇپ كەلدى. 4-ئىيۇل ۋەقەسى تۈپەيلىدىن

UnRegistered

ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ۋاقىتلىق ئىشتىن توختىغان بولغاچقا، ئۇلار 10 كۈنگىچە ۋىزا بېجىرەلمەي بېيجىڭدا تۇرۇپ، ئاندىن ۋىزا بېجە
رىپ ئۈرۈمچىگە قايتتى.

1989-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرى ئەركىن سىدىق بىلەن ئامانگۈل 4 ياشلىق قىزى دىلنارىنى ئامانگۈلنىڭ ھەدىسىگە، 7 ئايلىق ئوغلى
ى دىلشاتنى ئامانگۈلنىڭ ئاپىسىغا بېقىپ بېرىشكە قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئامېرىكىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن سىدىق
ئۆز ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئامانگۈل ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ، توئەفل ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلدى. بىر ئانا ئۈچۈن 7 ئا
يلىق بالىنى سۈتتىن مەجبۇرى ئايرىپ، ئۇنى ئاتا-ئانىسىغا قويۇپ قويۇپ، يەر شارىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە كېتىش ئانچە ئاسان ئىش
ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ بىر مەزگىل ئامانگۈل ئۈچۈن ئۆمرىدىكى ئەڭ قىيىن ۋە ئازابلىق ۋاقىتلار بولدى. قولىغا كىتاب ئالسىلا خىيالى
غا باللار كىرىۋالاتتى. ئۇخلىسىلا چۈشىدە ئۆزىنى، ئىزدەۋاتقان باللىرىنى كۆرەتتى. ئەركىن سىدىق بولسا ئۆز ئوقۇشىنى ئوقۇپ، فاكۇلتېت
تىكى خىزمىتىنى ئىشلەشتىن سىرت، يەنە مەكتەپنىڭ "ئاكادېمىيىلىك ياردەم مەركىزى" دەپ ئاتىلىدىغان، دەرستە قىينىلىۋاتقان ئوقۇغ
ۇچىلارغا دەرس چۈشەندۈرۈپ قويىدىغان ئورۇندىمۇ ئىشلىدى. ھەمدە ئۆز ئالدىغا فىزىكا ۋە ماتېماتىكا دەرسلىرى بويىچە سائىتىگە 1
2 دوللار ھەق ئالىدىغان دەرس چۈشەندۈرگۈچى (ئىنگلىزچە "Tutor") بولۇپمۇ ئىشلىدى. بىر مەزگىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى
ڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتىپ، ھەر شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى كۈنىگە 12 سائەت ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئەركىن سى
دىق مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ دەرسى ۋە تەتقىقاتىدا ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1990-يىلى
5-ئايدا ئەلا نەتىجە بىلەن ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ماگىستىرلىق ئۈچۈن ئوقۇغان دەرسلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا دەرستىن
"B" نومۇر ئالغاندىن باشقا، قالغان دەرسلەرنىڭ ھەممىسىدە "A" ئالدى. ئەركىن سىدىق 1989-يىلى 5-ئايدا فىزىكا فاكۇلتېتى
ھەر يىلى پەقەت بىرلا ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىغا بېرىدىغان "C. Y. Liang خاتىرە مۇكاپاتى" غا ئېرىشىپ، بىر مۇكاپاتنامە بىلەن 12
00 دوللار پۇل مۇكاپات ئالدى. 1990-يىلى 5-ئايدا بولسا فىزىكا فاكۇلتېتى ھەر يىلى پەقەت بىرلا ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىغا بېرىدىغا
ن "ئىلغار ياردەمچى ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتى" غا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن مىكرو-دولقۇن تېخنىكىسىغا ئائىت تەتق
ىقات ئېلىپ بېرىپ يازغان ئىلمىي ماقالىسى ئامېرىكىدا چىقىدىغان خەلقئارالىق ئىلمىي ماقالە ژۇرنىلى "قوللانما فىزىكا ژورنىلى" (ئى
نگلىزچە "Journal of Applied Physics") دا ئېلان قىلىندى.

1989-يىلى 10-ئايدىن باشلاپ ئەركىن سىدىق مىكرو-دولقۇن تېخنىكىسى كەسپى بار باشقا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئېلېكتىر ئېنژېنېرلى
كى كەسپىدىكى دوكتورلۇق ئوقۇشىغا ئىلتىماس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ جەمى 10 دەك مەكتەپكە ئىلتىماس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇلا
رنىڭ ئىچىدىكى 6 ئالىي مەكتەپتىن چاقىرىق كەلدى. بۇ مەكتەپلەر: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (داۋىس، كالىفورنىيە)، جەنۇبىي كالى
فورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (لوس ئانژېلېس، كالىفورنىيە)، ئوتتۇرا فلورىدا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۇتاھ ئۇنىۋېرسىتېتى (سالت لاكە شەھىرى)، مارك
ۇېتتا ئۇنىۋېرسىتېي (مىلۋائۇكە، ۋىسكونسىن)، ۋە رىكە ئۇنىۋېرسىتېتى (خيۇستون، تېكساس). ئەمما، ئامېرىكىدا ئېلېكتىر ئېنژېنېرلىك

Unregistered

كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا كۆپىنچە ھاللاردا 1-يىلى ئوقۇش مۇكاپات پۇلى بېرىلمەيدىغان بولغاچقا، ئەرك
ىن سىدىقنىڭ بىرەر مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مادارى يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامانگۇل بىلەن مەسلىھەتلىش
ىپ، بۇ ئوقۇشنى بىر يىل كېچىكتۈرۈپ، بىر يىل ئىشلەپ پۇل تېپىش قارارىغا كەلدى. 1990-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ پارچىلىن
ىپ، ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن دۆلەت مۇداپىئەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سانائىتى ۋەيران بولۇپ، ئىشسىزلار كۆپىيىپ كەتكەن بىر مەزگىل ب
ولۇپ، يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت تېپىش ئىنتايىن قىيىنلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەركىن سىدىق بىر چ
ەت ئەللىك بولۇپ، ئۇ پەقەت ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرماقچى ئىدى (ئامېرىكا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى
لارغا بىر يىللىق، دوكتورلۇققا ئېرىشكەنلەرگە بىر يېرىم يىللىق ئىشلەپ پراكتىكا قىلىش پۇرسىتى بېرىدىغان بولۇپ، بۇنداق ئىشلەش ۋ
اخۇنلۇق ئىدى.) ئەركىن سىدىق شىركەتلەردىن خىزمەت ئىزدەپ زادىلا ئىش تاپالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە چوڭ رېستورانغا
كۈتكۈچى بولۇش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغىلى بارسا "بىز ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بارلارنى ئالمايمىز"، دەپ تۇرىۋالدى. ئەركىن سىدىق تۇ
رۇۋاتقان جاي ھوللىۋود كىنو بازىسىغا يېقىن ئىدى. ئۇ "كىنو ئارتىسلىرىنىڭ بالىسىنى باقسا، خېلى كوپ مائاش ئالغىلى بولىدىكەن"،
دەپ ئاڭلاپ، گېزىتتىن بالا باققۇچى ئىزدەۋاتقان ئېلانلارنى تېپىپ، بىر قانچە يەرگە تېلېفون قىلسا، ئۇلار "بىز ئەركىشىنى ئالمايمىز"،
دېدى. (ئەركىن سىدىق بۇرۇن ئۆز ئۆكىلىرىنى بېقىپ باققان بولۇپ، بالىغا بەك ئەستايىدىل قارايدىغان بولغاچقا، بۇنىڭغا ئىنتايىن ئ
ىشەنچ قىلغان ئىدى.) ئاشۇنداق يول تاپالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ 10 دەك ئادىمى بار بىر كىچىك شىركەتتىن خىزمەت تاپ
تى. بۇ شىركەت قىلىدىغان ئىش باشقا شىركەتلەر ئىشلەپ چىقارغان، كۆپ قەۋەتلىك توك يولى بار، ناھايىتى مۇرەككەپ ئېلېكتىر ئەسۋ
ابلىرىغا ئىشلىتىدىغان تاختايلارنى تەكشۈرۈش ۋە سىناق قىلىش ئىدى. لېكىن شىركەتنىڭ ئىگىسىدىن باشقىلار ئاساسەن ئالىي مەكتەپت
ە ئوقۇپ باقمىغانلار بولۇپ، كۆپىنچىسى مېكسىكىلىقلار ئىدى. ئىنگلىزچىنىمۇ تۈزۈكرەك سۆزلىيەلمەيتتى. ئەركىن سىدىققا ئاشۇلارنىڭ قا
تارىدا سائىتىگە 5 دوللار ئىش ھەققى بەردى. ئۇ چاغدا ئەركىن سىدىقنىڭ ئايلىق ياتاق ئىجارىسى 350 دوللار بولۇپ، ئامانگۇل بىلە
ن ئىككىسىنىڭ ئايلىق تامىقى ئۈچۈنمۇ 150-200 دوللار پۇل كېتەتتى. شۇڭا پەقەت بوقۇرقى شىركەتتىكى خىزمەتكە تايانغاندا، ھې
چ قانداق پۇل يىغقىلى بولمايتتى. شۇڭلاشقا ئەركىن سىدىق بىر تەرەپتىن ئىشلەپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن داۋاملىق خىزمەت ئىزدە
دى. ھەمدە بىر تونۇشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن يەنە بىر شىركەتتە ئىش تاپتى. بۇ شىركەت يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئېلېكتىر ئەسۋابلىر
ىغا ئىشلىتىدىغان توك يولى تاختىيىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەت ئىدى. بۇ شىركەت ئەركىن سىدىققا سائىتىگە 6.5 دوللار ئىش ھ
ەققى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق 1-شىركەتتە ھەر كۈنى 5 سائەت (ئەتىگەن سائەت 7 دىن 12 گىچە)، 2-شىركەتتە 8 سائ
ەت (چۈشتىن كېيىن سائەت 1 دىن كەچ سائەت 9 غىچە) ئىشلەيدىغان قىلىۋالدى. ئەتىگىنى ئۆيدىن سائەت 6 دە چىقىپ كەتسە، كە
چلىكى سائەت 10 لاردا قايتىپ كېلەتتى. بەزى كۈنلىرى ئارتۇق ئىشلەپ، سائەت 12 لەردە قايتىپ كېلىدىغان ۋاقىتمۇ بولدى. لېكىن
، بۇ 2 شىركەتتە ئىشلەپمۇ، ئۇنىڭ ھەر ئايدا يىغالايدىغان پۇلى 500 دوللارغا بارمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ قىلىدىغىنى بىر خىل ت
ۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتلەر بولغاچقا، ئۇ داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئەسكى مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ، روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن ئازاپ چەك

Unregistered

تى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا تېلېفون قىلىپ، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىگە ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بېرىشنى تە
لەپ قىلدى. (بۇ مەكتەپنىڭ ئىنگلىزچە ئىسمى «Uniwérsiti of California, Davis» بولۇپ، قىسقارتىلىپ «UCD» دەپ ئاتىل
دۇ.) ھەمدە ئۆزىنىڭ ماگىستىرلىق ئوقۇش جەريانىدا ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئالغان مۇكاپاتىنىڭ ئىشىنى فاكۇلتېت مۇدىرىغا ئېيتتى. فاكۇلتې
ت مۇدىرى ئەركىن سىدىقنىڭ ئەھۋالىنى بىرەر قۇر تەپسىلى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 25 پىرسەنت (يەنى ھەپ
تىسىگە 10 سائەت) ئىشلەيدىغان ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى بېرىشنى قارار قىلدى. UCD نىڭ چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردى
ن تەلەپ قىلىدىغان يىللىق ئوقۇش پۇلى 13 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق ئىدى. ئەركىن سىدىق بىلەن ئامانگۈل بىر-ئىككى ھەپتە قاتتى
ق ئويلىنىپ، ئاخىرى شىمالىي كالىفورنىيەگە جايلاشقان بۇ UCD كە كېتىش قارارىغا كەلدى. ھەمدە 1990-يىلى 8-ئاينىڭ ئاخىرى
ئۈلار بارلىق يۈك-تاقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىككى كىچىك ماشىنىسىغا قاچىلاپ (بۇ ماشىنىلار كونا ماشىنىلار بولۇپ، ھەر بىرسىنى 700 دول
لاردىن سېتىۋالغان)، شىمالىي كالىفورنىيەدىكى شتات پايتەختى بولغان ساكرامېنتو (ئىنگلىزچە «Sacramento») شەھىرىگە 30 كى
لومېتىر، سان فرانسىسكو (ئىنگلىزچە «San Francisco») شەھىرىگە 100 كىلومېتىر كېلىدىغان، ئىنگلىزچە «Davis» دەپ ئاتىل
دىغان شەھەرگە قاراپ يول ئالدى.



ئەركىن سىدىق 1990-يىلى 5-ئاينىڭ 20-كۈنى ئىنگلىزچە «California State University, Northridge CSUN» دەپ
ئاتىلىدىغان كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋاقىتتا چۈشكەن خاتىرە رەس
مى.

UnRegistered



ئەركىن سىدىق ئامېرىكىغا بارغان كۈندىن تارتىپ ئايالىنىڭ ئىسمى نانسى (ئىنگلىزچە «Nancy»)، ئېرىنىڭ ئىسمى جون ۋولتېر («John Walter») دەپ ئاتىلىدىغان بىر جۈپ ئەر-ئايال ئامېرىكىلىقلار بىلەن ياخشى ئۆتكەن. بۇ ئامېرىكىلىقلار بۇرۇن شىنجاڭ ئۇ
ۇنىۋېرسىتېتىدا بىر مەزگىل ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈپ باققان بولۇپ، ئۇيغۇر دىيارىدىن كەلگەن يەرلىك مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئالا
ھىدە ئامراق ئىدى. بۇ رەسىم 1990-يىلى يازدا ئاشۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھويلىسىدا تارتىلغان. 1-قۇر ئوڭدىن سولغا: گۈلباھار بىلەن ئەركىن سىدىق. 2-قۇر ئوڭدىن سولغا: ئامانگۈل، ھەكىمە ئاپپاي (ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان بولۇپ، بۇ يەرگە ساياھەت قىلغاچ ئەركىن سىدىقلارنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى)، مەركىزىي مىللەتلەر كومىتېتىدىن تەۋەككۇل ئەپەندى، جون، نانسى، ۋە پولات (قا
رىغىز). گۈلباھار بىلەن پولاتمۇ ئەينى ۋاقىتتا CSUN دا ئوقۇۋاتقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدۇر.



ئەركىن سىدىقنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور Ryoichi Seki ئەپەندى.

Unregistered



ئەركىن سىدىق 1989-يىلى 6-ئايدا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن يۇرتقا كەلگەندە ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۆيىنىڭ ئىچىدە چۈشكەن رەسىم. ئەركىن سىدىقنىڭ قۇچىقىدىكىسى ئەمدى 4 ياشقا تولغان قىزى دىلنارە، ئامانگۈلنىڭ قۇچىقىدىكىسى ئەمدى 5 ئايلىق بولغان ئوغلى دىلشات.



ئەركىن سىدىق ئۆزىنى ئامېرىكىغا ئەكەلگەن پروفېسسور Paul Chow بىلەن بىرگە.

ئوڭدىن سولغا: ماھىرە، ئەركىن سىدىق، پروفېسسور Paul Chow نىڭ خانىمى، پروفېسسور Paul Chow ، ئامانگۈل، ۋە ئادىل ئاتاۋۇللا. ئارقا قۇردىكى غەيرەت سابىت. بۇ رەسىم 1996-يىلى 8-ئاينىڭ 16-كۈنى لوس ئانژېلېستىكى ماۋلان بىلەن گۈلباھارنىڭ ئارقا ھويلىسىدا تارتىلغان.

UnRegistered

## 11. شىمالىي كالىفورنىيەدىكى دوكتورلۇق ئوقۇش

ئەركىن سىدىق شىمالىي كالىفورنىيەدىكى ئىنگلىزچە ئىسمى «University of California, Davis (UCD)» دەپ ئاتىلىدىغان
مەكتەپكە كېلىپلا، ئۆزىنى قوبۇل قىلغان فاكۇلتېتنىڭ مۇدىرىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۆزىگە بېرىلگەن ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى
ڭ پىرسەنتىنى سەل ئۆستۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. دەل شۇ چاغدا جۇڭگودىن قوبۇل قىلىنغان يەنە بىر خەنزۇ ئوقۇغۇچى ۋىزا ئا
لالماسلىق سەۋەبى بىلەن بۇ مەكتەپكە كېلەلمىگەن بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە ئاشۇ ئوقۇغۇچىغا بېرىلگەن 25 پىرسەنتلىك ياردەم
چى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىمۇ ئەركىن سىدىققا بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىقنىڭ UCD دىكى خىزمىتى 50 پىرسەنتكە، ئايلىق
مائاشى بىر مىڭ دوللارغا ئۆسۈپ، مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇشنى باشلاپ كەتتى. ياتاق بىلەن تاماق قاتارلىق تۈرمۇش خىراجىتىگە ھەر ئاي
دا 500 دوللار ئەتراپىدا پۇل كېتىدىغان بولغاچقا، ئەركىن سىدىقنىڭ تاپقان پۇلى مەكتەپكە تۆلەيدىغان ئوقۇش پۇلىنىڭ يېرىمىگە
ۋ يەتمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئامانگۇل دەرھال مەكتەپ، ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىدا ئىش تېپىپ ئىشلەشكە باشلىدى.

بۇ ئالىي مەكتەپتە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇيدىغانلار ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن مۇنداق 5 ئۆتكەلدىن ئۆتىشى كېرەك ئىدى: 1)د
وكتورلۇق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىنىش. 2) 30 ئوقۇش نومۇرىغا توغرا كېلىدىغان ئاسپىرانتلار دەرسىنى ئوقۇپ تاماملاش. بۇ 3 ئوقۇش نوم
ۇرىغا توغرا كېلىدىغان دەرستىن 10 دەرسكە باراۋەر بولۇپ، بۇ دەرسلەردىنمۇ خۇددى باكلاۋېر ئوقۇغۇچىلىرىغا ئوخشاشلا يېرىم مەۋسۇ
م ۋە مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلار ئېلىنىپ، ھەممە تاپشۇرۇق ۋە پروجەكتلەرمۇ بېرىلەتتى. 3) دەرسلەرنى ئوقۇپ بولۇشقا ئاز قالغاندا، ئىنگلى
زچە «Preliminiary Exams» دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچە مەنىسى «دەسلەپكى ئىمتىھانلار» دىگەنگە يېقىن كېلىدىغان ئىمتىھ
انلاردىن ئۆتۈش. بۇ ئىمتىھاننى ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆز كەسپىدىكى 5 ساھەدىن 3 نى تاللاپ بېرىدۇ. يەنى ئۇ 3 دەرستىن ئېلىنىدىغان
ئىمتىھان بولماستىن، 3 ساھەدىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان بولۇپ، ئادەتتە دوكتورلۇققا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ ئى
متىھاندا شاللىنىپ كېتىدۇ. 4) ئىنگلىزچە «Qualifying Exam» دەپ ئاتىلىدىغان «لاياقەت سىناش ئىمتىھانى». ھەر بىر ئوقۇغۇچ
ى دەرسلەرنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، دەسلەپكى ئىمتىھاندىنمۇ ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە ئىزدىنىپ، يېتەكچى ئو
قۇتقۇچىسى بىلەن كېلىشكەن ئاساستا ئۆزى ئېلىپ بارماقچى بولغان تەتقىقات مەزمۇنىنى بېكىتىدۇ. ھەممە ئۆزى ئۈچۈن 3 پروفېسسور
دىن تەشكىل تاپقان بىر باھالاش كومىتېتىنى تەسىس قىلىدۇ. لاياقەت سىناش ئىمتىھانىدا ھېلىقى 3 پروفېسسورغا ئۆزى دوكتورلۇق ئۇنۋا
نى ئېلىش ئۈچۈن نىمە تەتقىقات قىلماقچى ئىكەنلىكى، ۋە ئۇنىڭغا ھازىرغىچە قانداق تەييارلىقلارنى قىلىپ بولغانلىقى توغرىسىدا بىر
ئىلمىي دوكلات بېرىدۇ. بۇ دوكلاتقا فاكۇلتېتتىكى باشقا بارلىق پروفېسسورلار ۋە ھەممە ئاسپىرانتلىق ئوقۇغۇچىلىرىمۇ تەكلىپ قىلىنىدۇ. ھ
ېلىقى 3 پروفېسسور بۇ دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئوقۇغۇچىدىن سوئال سوراپ، ئەڭ ئاخىرىدا باھالاش ئېلىپ بارىدۇ. ئەگ

Unregistered

ەر ئۇلار بۇ ئوقۇغۇچىنى تەستىقلىسا، بۇ ئوقۇغۇچى ئاندىن دوكتورلۇق ئۇنۋانى كاندىداتى بولىدۇ. ھەمدە تەتقىقاتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئ
ەگەر بۇ كومىتېت بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىنى تەستىقلىماي قالسا، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تەييارلىق قىلىپ كېلىش پۇرسىتىنى
بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئوقۇغۇچى كېيىنكى بىر قېتىملىق پۇرسەتتىمۇ لاياقەتلىك بولالماي قالسا، ئۇ مەكتەپتىن چېكىنىدۇ. 5) دوكتورلۇق دىس
سىرتاتسىيەسىنى پۈتتۈرۈپ، ھېلىقى باھالاش كومىتېتىغا دىسسىرتاتسىيەسىدىن بىر ئىلمىي دوكلات بېرىدۇ. بۇ دوكلات يىغىنىغىمۇ باشقا با
رلىق پروفېسسورلار ۋە ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ دىسسىرتاتسىيەسى باھالاشتىن ئۆتسە، ئۇ ئاند
ىن دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالالايدۇ. ئۆتەلمەي قالسا خۇددى يۇقۇرىقىغا ئوخشاش يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىلىدۇ. مەيلى دەرسلەردە
بولسۇن ياكى تەتقىقاتتا بولسۇن، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ ئېنژېنېرلىق ئىنستىتوتى
پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى 20 نىڭ ئىچىگە كىرىدىغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا قويۇلغان تەلەپ بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى.

ئەركىن سىدىق بۇ مەكتەپتىمۇ بۇرۇنقىدەكلا تىرىشىپ ئوقۇدى. بۇ مەكتەپتىكى كەسپى ئېلېكتىر ئېنژېنېرلىقى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىنتايە
ن قىزىقاتتى. بۇ مەكتەپنىڭ ھەر بىر يىلى 3 مەۋسۇمگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر مەۋسۇم ئىچىدە پەقەت 10 ھەپتىلا دەرس ئۆتۈلەتتى. 1
0 كۈن مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئېلىنىپ، بىر مەۋسۇم جەمئى 12 ھەپتىدىن ئازراق ئىدى. شۇڭا دەرسلەرنىڭ سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ،
ھەممە دەرسلەردە ھەر ھەپتىدە تاپشۇرۇق بېرىلەتتى. ھەممە دەرسلەرنىڭ ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ھەق ئېلىپ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈ
پ بېرىدىغان ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرى بار بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ۋە ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرىنى يېتەكلەشتىن ك
ېلىپ چىققان ئالدىراشلىقىغا قارىماي، تاپشۇرۇق ۋە پروجەكتنى يەنىلا كۆپ ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇراتتى. كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار ئەركىن سىد
ىقتەك يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇيدىغان بولغاچقا، پەقەت دەرسلەرنى ئوقۇپ تۈگىتىش ئۈچۈنلا 5 مەۋسۇم ۋاقىت كېتەتتى.
شۇڭا ئامېرىكىدا باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەرگە ئوخشاش 3 يىلدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالىدىغان ئىش ھەرگىزمۇ مەۋجۇد ئەمەس. UC
D نىڭ ئېنژېنېرلىق كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان ئوتتۇرىچە ۋاقىت مۇددىتى 7 يىلدى
ن ئاشىدىكەن. ئەركىن سىدىققا بەزى بىر تولۇق كۇرسىنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىنىڭ دەرسلىرىنىمۇ ئوقۇشقا توغرا كەلدى. ئۇ تاللىغان بەزى
دەرسلەرنىڭ 120 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاران 20 دەك ئوقۇغۇچىغا "A" بېرىلىدىغان دەرسلەردىمۇ ئەرك
ن سىدىق ئاشۇ "A" نىڭ بىرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىدىن ياش جەھەتتە جىق تۆۋەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن رىقابەتلەشتى. ئۇ دەرسلە
رنى ئوقۇپ تۈگىتىۋاتقان دەسلەپكى 2 يىل جەريانىدا ئامانگۇل بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەملىش
ىپ بەردى. ئۇ ئىككىسى ھەر كۈنى كەچ سائەت 12 گىچە ئۆگىنىش قىلدى. يەكشەنبە ۋە بايرام كۈنلىرىمۇ دەم ئالمىدى. ئاشۇنداق تى
رىشىش ئارقىلىق دەسلەپكى 2 يىل ئىچىدە ئەركىن سىدىق بارلىق دەرسلەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپ تۈگىتىپ، دەسلەپكى ئىمتىھانى
دىنىمۇ ئۆتۈپ بولدى. ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى بىر مەۋسۇم ئىشلىگەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناھايىتى
ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەۋسۇملۇق باھالىشىدا ئۇ فاكۇلتېتتىكى پروفېسسورلارنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرىدىن جىق يۇق
ىرى نومۇرغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن فاكۇلتېت ئۇنىڭغا 50 پىرسەنتلىك ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئۇزۇلدۇرمەي بەردى. 2- يىللىق ئوقۇ

UnRegistered

ش باشلانغاندا، ئۇنىڭ دەرسلەردىكى ۋە ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىكى نەتىجىسىگە ئاساسەن، فاكۇلتېتتىن ئۇنىڭ بىر يىللىق
ئوقۇش پۇلىنى پۈتۈنلەي كۆتۈرىۋەتتى. مۇشۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇۋاتقان، ئەسلىدە جۇڭگودىن كەلگەن بەزى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىر مەۋسۇم
لۇق ئوقۇش مۇكاپاتى پۇلىغىمۇ ئېرىشەلمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ئەركىن سىدىقنىڭ ئۈستىدىن ئەرزمۇ قىلىپ باققا
ى. 3-يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەركىن سىدىق ئىزچىل تۆردە تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى پۇلىغا ئېرىشىپ ماڭدى.

1991-يىلى يازلىق تەتىلدە ئەركىن سىدىق بىلەن ئامانگۈل يۇرتتا تۇغقان يوقلىغىلى بېرىپ، ئامېرىكىدىن بېيجىڭگىچە بولغان سەپ
ەر ئارىلىقىدا ياپونىيەدە توختاپ، ئۇ يەردە 10 كۈن ساياھەتتە بولدى. بۇ قېتىمقى سەپەردىن قايتىشىدا ئۇلار قىزى دىلنارەنى ئامېرى
كىغا بىرگە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق تۇنجى قېتىم قىزى دىلنارە بىلەن بىرگە ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ
لار 9-ئاينىڭ 1-كۈنى ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ، دىلنارە 9-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن باشلاپ بىر ئېغىز ئىنگلىزچە بىلمەي تۇرۇپ، 1-سىنى
پقا ئوقۇشقا كىردى ۋە تىل جەھەتتە 6 ئايدا باشقىلارغا پۈتۈنلەي يېتىشىپ بولدى. 1993-يىلى 9-ئايدا، ئامانگۈلنىڭ ئاتا-ئانىسى
ئامېرىكىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ يېشى 4 ياشتىن ئاشقان ئوغلى دىلشاتنى ئامېرىكىغا ئەكېلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ 1984-يىلى 8-ئ
ايدا توي قىلغان ۋە 1985-يىلى 6-ئايدا تۇنجى پەرزەنتىنى كۆرگەن ئەركىن سىدىق 1993-يىلى 9-ئايدا ئاندىن ئائىلە بويىچە بى
ر يەرگە جەم بولۇپ ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ بالىلىرىنىڭ قانداق ئۆملىگىنىنى، قانداق ماڭغىنىنى، ۋە قاند
اق تىلى چىققىنىنى كۆرمىدى. ھەر بىر ئاتا-ئانا بەھرىمەن بولىدىغان بۇ ئىشلاردىن ئۇ ئوقۇشنى دەپ مەڭگۈ مەھرۇم قالدى.

1993-يىلى 2-ئايدا ئەركىن سىدىق مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىدى: ئۇيغۇر دىيارىدىن بىر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئامېرىكىغا كەلگەن
بولۇپ، ئۆمەكتىكى ئۇيغۇرلار ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن قانداق ئالاقىلىشىشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھېچ كىم بىلەن كۆرۈشەلمە
ي قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغدا شىمالىي كالىفورنىيەدە ئەركىن سىدىق بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىدىن چىققان پەرھات
نىياز ئائىلىسىلا، جەنۇبىي كالىفورنىيەدە بولسا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدىن چىققان مەۋلان ياسىن ئائىلىسىلا بار ئىد
ى. شۇڭا ھەر يىلى يېڭى يىلدا ۋە باشقا مۇھىم بايراملاردا، يا ئەركىن سىدىق ئائىلىسى 500 كىلومېتىر يول يۈرۈپ لوس ئانژېلىسقا بارا
تتى. يا مەۋلان ئائىلىسى 500 كىلومېتىر يول يۈرۈپ سان فرانسىسكوغا كېلەتتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا ھېچ قانداق ئۇيغۇر كۆر
مەي ياكى سىرتتا ئۇيغۇرچە سۆزلىشەلمەي ياشايتتى. ئامېرىكىدا ئۆزلىرىدىن باشقا قانچىلىك ئۇيغۇر بارلىقىمۇ ئېنىق ئەمەس بولۇپ،
ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئاساسەن ئالاقە قىلىشمايتتى. ئەركىن سىدىق ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەندە، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىدىغان ياكى
يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەرسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مەكتەپنىڭ ئوقۇشى 9-ئايدا باشلىنىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ھالدا ئامېرىكىغ
ا 7-ئاينىڭ ئاخىرىدىلا كېلىۋالغان ئىدى. بۇ بىر ئاي ۋاقىت ئەركىن سىدىق ياپونىيەدىن قايتىپ كېلىپ، ئامېرىكىغا مېڭىشىنىڭ ئارىلى
قىدىكى ۋاقىت بولغاچقا، ئۇ بىر ئاي بۇرۇن ئامېرىكىغا كېلىپ، ياتاق پۇلى تۆلەپ بىكار يۈرگەنگە قارىغاندا، ئۈرۈمچىدە ئائىلىسى بە

لەن قۇربان ھېيتنى بىرگە ئۆتكۈزۈۋالغان بولسا، تولىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. يۇقۇرىقىدەك ئىشلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىشىۋەر
مەسلىكى ئۈچۈن، ھەممە بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇشقا كېلىدىغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق ب
ىر قانچە كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شۇ چاغدا ئامېرىكىدا ئوقۇۋاتقان، 80-يىللاردىن باشلاپ ئامېرىكىغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنى بە
ر-بىرلەپ ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارغا بىر ئۇيۇشما قۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقنامە ئەۋەتتى. شۇ چاغدا پۈتۈن ئامېرىكا بويىچە جەمى 17 ئۇي
غۇر ئائىلىسى تېپىلدى (بۇرۇن ئامېرىكىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا). ئەركىن سىدىق ئۇيۇشمىنىڭ نىزامنام
ىسىنى يېزىپ چىقىپ، ئامېرىكىدىكى ھەممە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى ۋە تېلېفون نومۇرى يېزىلغان بىر پارچە تىزىملىكنى تەييارلاپ چىقت
ى. ھەممە ھېلىقى 17 ئائىلىلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە، 1993-يىلى 3-ئايدا، ئىنگلىزچە ئىسمى "Tengri-tagh Overseas
Students and Scholars Association (TOSSA)" دەپ ئاتىلىدىغان، ئۇيغۇرچە مەنىسى "چەت ئەلدىكى تەڭرى-تاغل
ىق ئوقۇغۇچىلار ۋە زىيالىيلار ئۇيۇشمىسى" بولغان بىر ئۇيۇشمىنى قۇردى. بۇ ئۇيۇشمىغا 1-يىلى ئەركىن سىدىق رەئىس، روشەن ئاباس
مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئىشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-ئارا ئالاقىسى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى. ئۇيغۇر
لار بىر شتاتتىن يەنە بىر شتاتقا بىر-بىرسىنى يوقلاپ بارىدىغان ئىشلارمۇ باشلاندى. ئۇيۇشما ئىش باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار بىر ئايل
ىق ژورنالمۇ چىقىرىپ، ئۇنى ئامېرىكىدىكى ھەممە ئۇيغۇرلارغا تارقاتتى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ ئۇيۇشمىغا ئالمىشىپ
رەھبەر بولۇپ ئىشلەپ، ئۇنى تاكى 1998-يىلىغىچە داۋاملاشتۇردى.

1994-يىلى ئەركىن سىدىق ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئامېرىكىغا كېلىپ ئوقۇماقچى بولغان ئۇيغۇر ياشلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇر بىلە
ن تەمىنلەش ئىشىنى باشلىدى. ئامېرىكىدا ئىنگلىزچە ئىسمى «Peterson's Guide» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىتاب بار بولۇپ، ئۇ ھ
ەر يىلدا بىر قېتىم يېڭىلىنىپ نەشر قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئامېرىكا ۋە كانادادىكى بارلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ چەت ئەلدىن ئوقۇشقا كەل
مەكچى بولغانلارغا لازىم بولغان ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسى كەسىپ بويىچە كىرگۈزۈلگەن. TOSSA پۇل چىقىرىپ بۇ كىتابتىن بىر نۇسخا
(جەمى 5 قېلىن كىتاب) ئېلىپ ئەركىن سىدىققا بەردى. ئەركىن سىدىق ئۆزى بىلەن خەت ئارقىلىق ئالاقىلاشقان ئوقۇغۇچىلارغا ھېلىقى
كىتابنىڭ شۇ ئوقۇغۇچى ئوقۇماقچى بولغان كەسىپكە ئائىت قىسمىنى كوپىي قىلىپ، ئۇنى پوچتا ئارقىلىق ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ماڭدۇرۇ
پ بەردى. ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا مۇشۇنداق ماتېرىيال ماڭدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ بىر دەم ئېلىش كۈنىنىڭ يېرىمىنى چىقىرىپ، ئالدى بىلەن ب
ىر كوپىي قىلىش دۇكىنىغا بېرىپ، كىتابنى كوپىي قىلدى. ئاندىن ئۆيىگە كېلىپ ئۇ ئوقۇغۇچىغا بىر پارچە خەت تەييارلىدى. ئۇنىڭدىن
كېيىن پوچتىخانىغا بېرىپ ئۇ ماتېرىيال بىلەن خەتنى پوچتىغا سالدى. گەرچە ئۆز ئوقۇشى ئۈچۈن ۋاقتىنى ئاران يېتىشتۈرۈپ ماڭالايد
ىغان بولسىمۇ، كۆپرەك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئامېرىكىغا ئوقۇشقا كېلەلىشى ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق ئۆزى بىلەن ئالاقىلاشقان بىرەر
ئوقۇغۇچىنىڭ خېتىنىمۇ جاۋابسىز قالدۇرمىدى. ئەركىن سىدىق بۇ ساھەدىكى سەييارە خىزمىتىنى ئىزچىل تۈردە ئېلىپ باردى. 2004-يە
لىدىن باشلاپ ئۇ «http://www.meripet.com» دېگەن تور بېتىنى ياساپ، شۇ ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى ئىشنى ھازىرغىچە داۋام
لاشتۇرۇپ كەلمەكتە.

Unregistered

ئەركىن سىدىق دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوپتىكا ۋە لازېر نۇرى ساھەسىدىكى ئىككى چوڭ يۆنىلىش بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارد
ى. ئۇنىڭ بىرسى ئىنگلىزچە «Diffraction Optics» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يەنە بىرسى «Nonlinear Optics» دەپ ئاتىلى
دۇ. ئەركىن سىدىق دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا 1-ساھەدە جەمى 4 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 2 پارچە
ماقالە نۇر ئارقىلىق ھايۋانلار مۇسكۇللىرىنىڭ كېڭىيىش ۋە تارىيىش مېخانىزىمىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش توغرىسىدا بولۇپ، بۇ تەتقىقاتنى
ى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستازىدىن باشقا، بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى ۋە «قوللانما ئىلمى» (ئىنگلىزچە «Applied Science
») فاكۇلتېتىنىڭ بىر پروفېسسورى بىلەن بىرگە ئېلىپ باردى. ئۇ ماقالە ئەنگلىيەدە چىقىدىغان بىر داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىغا ە
ۋەتىدۇرۇلغاندا، ئۇ ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ماقالىنى دەرھال قوبۇل قىلدى. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى A. Huxle
y بولۇپ، ئۇ كىشى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىر ئالىم بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە بۇ ئالىم 1850-يىللىرى ھاياتلىقنىڭ
مەنبەسىنى تېپىپ چىققان ئالىم دارۋىننىڭ نەۋرىسى ئىكەن. دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدا ئەركىن سىدىق ئوپتىكىنىڭ يۇقۇرىقى 2-
ساھەسىدە جەمى 11 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 5 پارچىسى خەلقئارالىق داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىر
ىدا ئېلان قىلىندى. ئەركىن سىدىقنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى بەك كۆپ بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ دوكتورلۇق دىسسە
رتاتسىيەسىنى يازغاندا، ئۇنىڭغا پەقەت يۇقۇرىقى 2-ساھەدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنىلا كىرگۈزدى. 1995-يىلى 3-ئايدا، ئەركىن سى
دىقنىڭ دىسسېرتاتسىيەسى باھالاشتىن ئاسانلا ئۆتۈپ، ئۇ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى بۇ مەكتەپنىڭ ئېلېكتىر ئېنژېنېرلىقى ك
ەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 15 كىشى ئەتراپىدا بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئىنتايىن كەسكىن رىقابەت
ئىچىدە شۇ يىللىق ھەر يىلى پەقەت بىرلا ئوقۇغۇچىغا بېرىلىدىغان «ئەڭ ئالىي دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى مۇكاپاتى» (ئىنگلىزچە «
Best PhD Dissertation Award») غا ئېرىشتى. بۇ مۇكاپات ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ پەخىرلىنىدىغان بىر نەر
سىسى بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ نەگە بارسا بۇ مۇكاپاتنى بىرگە ئېلىۋېلىپ، ئۆز ئىشخانىسىدا ساقلاپ كەلمەكتە. ئەركىن سىدىقنىڭ
UCD دىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى تاكى ھازىرغىچە باشقىلارغا «ئەركىن سىدىق مەن ھازىرغىچە تەربىيىلىگەن ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى
لارنىڭ بىرسى» دەپ يۈرۈيدۇ.

1994-95-يىللىرى شىمالىي كالىفورنىيەدە ئەركىن سىدىق ئائىلىسىدىن باشقا ئۇيغۇرلار يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەركىن سىدىق
1995-يىلى 6-ئايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىن بۇرۇن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولاتتى. شۇڭا ئۇ 19
94-يىلى 6-ئايدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بۇ ۋاقىتتا ئامانگۈلنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ تېخى ئامېرىكىدا بار بولغاچقا،
ئۇلارنىڭمۇ بۇ مۇراسىمغا قاتنىشىپ بېرىشى ئەركىن سىدىق ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئالاھىدە خۇشال قىلغان ئىدى.



1994-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنى UCD دىكى 1994-يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمدىن بۇرۇن مەكتەپ كۈتۈپخانىسى ئالدى
دا تارتىلغان بىر خاتىرە رەسىم.



1994-يىلى 6-ئاينىڭ 12-كۈنى UCD مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە. رەسىمدىكى چوڭلار ئامانگۈلنىڭ دادىسى ئەيسا سالى بىلەن ئام
انگۈلنىڭ ئاپىسى رەھمەتلىك ھاۋاخان بولىدۇ. ئۇلار 1993-يىلى 9-ئايدا ئامېرىكىغا كەلگەن بولۇپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ئوغلى دىل
شاتنى ئاشۇلار ئامېرىكىغا ئەكىلىپ قويغان.

UnRegistered



ئەركىن سىدىقنىڭ ئاتا-ئانىسى 1994-يىلى 11-ئايدا ئامېرىكىغا ئوغلىنى يوقلاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ رەسىم ئۇلار 1995-يىلى 5-ئ
ايدا كالىفورنىيە بىلەن نېۋادا شىتاتىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان ئىنگلىزچە «Mammoth Lakes» دەپ ئاتىلىدىغان جايغا نانىسى
بىلەن جونلارنىڭ يېنىغا تاماشا قىلىپ بارغاندا تارتىلغان. نانىسلەر بۇرۇن «Northridge» دىگەن شەھەردە تۇرىدىغان بولۇپ، 1
991-يىلىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ يەر تەۋرەشتىن كېيىن ھازىرقى جايغا كۆچۈپ كەتكەن. بۇ جاي قار تېيىلىش مەيدانى بىلەن ئامېرى
كىغا داڭلىق بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئائىلىسى تاكى ھازىرغىچە بەزى يىلىنىڭ قىش مەزگىللىرى نانىسلارنىڭ يېنىغا قار تېيىلىش ئۈچۈن
بارىدۇ.



ئەركىن سىدىقنىڭ دوكتۇرلۇق يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور Andre Knoesen ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر. رەسىمدىكى تۇڭلا
پ كېتىپ ئەركىن سىدىقنىڭ چاپىنىنى كىيىۋالغان ئايال كىشى ئامانگۈل، ئۇنىڭ قېشىدىكىسى دىلشات بولىدۇ. بۇ رەسىم 2000-يىلى
4-ئايدا تارتىلغان. ئەركىن سىدىقنىڭ ئۇستازىنىڭ يېشى ئەركىن سىدىقنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بالىلىرى ئەركىن سىدىقنىڭكىد
ىن سەل كىچىكرەك.

UnRegistered


UnRegistered

دىلنارىنىڭ پىيانىنو ئوقۇتقۇچىسى بىر كورىيەلىك ئايال بولۇپ، رەسىمدە داۋىس دېگەن شەھەردىكى كورىيەلىكلەرنىڭ بىر يىغىلىشىدا ئەركىن سىدىق دۇتتار چېلىپ، دىلنارە ئۇسۇل ئوينىماقتا. ئەركىن سىدىق ئۇيغۇرلارنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكىدا پۇرسەت بولسىلا مۇشۇنداق قىلىپ يۈردى. ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئەركىن سىدىق ئۆز مەكتىپىدىكى بىر قېتىملىق تالانت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە دۇتتار چېلىپ ئويۇن كۆرسەتكەن بولۇپ، 2-كۈنى مەكتەپ گېزىتى ئەركىن سىدىق توغرىسىدا «ئۇيغۇر دۇتتارچىسى ئەركىن سىدىق بىر 2 تارلىق سازدا مۇزىكا ئورۇنلىدى» دەپ خەۋەر بەرگەن ئىدى.

## 12. شىمالىي كالىفورنىيەدىكى پوست-دوكتورلۇق تەتقىقاتى

ئەركىن سىدىقنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى، بىر ئالىي مەكتەپكە پروفېسسور بولۇش ئىدى.
بۇنداق بولۇشنىڭ بىر سەۋەبى، ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقنى ئىنتايىن قىزىقىدىغان بولسا، يەنە بىر سەۋەبى ئۇنىڭ ھەر يىلى ۋەتەندىن بىر ياكى
بىر قانچە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئەكىلىپ تەربىيلەش ئارزۇسىدىن بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ 1994-يىلىدىن باشلاپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ
خىزمەت ئېلانلىرىغا قاراپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان پروفېسسورلۇق خىزمەت ئورۇنلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ھەمدە ئۆزىنىڭ شەر
تى توشىدىغان خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىلتىماس قىلدى. نەتىجىدە ئۇ 3 ئالىي مەكتەپ تەرىپىدىن خىزمەتكە ئېلىشتىن بۇر
ۇنقى كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىندى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەركىن سىدىقتىن «ئەگەر بىز سىزنى ئالساق، سەن قانچىلىك تەتقىقات
خىراجىتى ئېلىپ كېلەلەيسەن؟" دەپ سورىدى. ئەسلىدە شۇ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى بىلەن، ئامېرىكىدىكى ب
ىر قىسىم دۆلەت مۇداپىئەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئورۇنلىرى تاقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئوپتىكا كەسپى ساھەسىدە ئۇزۇن يىللا
ق تەتقىقات تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان، دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرى بار نۇرغۇن يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇ
تقۇچىلىق خىزمىتى ئىزدەۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قولىدا خېلى كۆپ تەتقىقات خىراجىتى بار ئىكەن. ئامېرىكا ۋاشىنگتون
شتاتىنىڭ ئۈچ-شەھەر (ئىنگلىزچە «Tri-City») دېگەن شەھىرىگە جايلاشقان ۋاشىنگتون شتات ئۇنىۋېرسىتېتى (ئىنگلىزچە «Washi
ngton State University at Tri-Cities») ئەركىن سىدىق بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشكەندە، بۇ بىر خىزمەتكە ئىلتىماس
قىلغان كاندىداتلارنىڭ سانى 300 دىن ئاشىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەتقىقات پۇلى بىلەن كېلەلەيدىغانلارمۇ خېلى كۆپ ساننى
ى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. مۇشۇنداق كەسكىن رىقابەت ئىچىدە ئۇ ئىككى يىل تىرىشىپ، بىرەر پروفېسسورلۇق خىزمىتى
گە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر مەزگىل پوست-دوكتورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىدىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئۇ بىرەر خىزمەت تېپىۋالغىچە يېرىم كۈن دەرس ئۆتۈپ، يېرىم كۈن
ئۆزى بىلەن پوست-دوكتورلۇق قىلىپ تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئەركىن سىدىق ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىكى فاكۇلتېتىدى
كى يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا «فورتران» كومپيۇتېر تىلىنى ئۆزى مۇستەقىل ئۆتۈۋاتقان ئىدى. 1995-يىلى 4-ئايدا باشلانغا
ن «ئەتىيازلىق مەۋسۇم» دا، ئۇ ئۆز فاكۇلتېتىدىكى تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا «ئېلېكتىر توك يولى» بىلەن
«ئېلېكتىر توك يولى تەجرىبىسى» دىن ئىبارەت 2 دەرسنى «لېكتور» لۇق سالاھىيىتى بىلەن مۇستەقىل ئۆتتى. ھەمدە كالىفورنىيەنىڭ پ
ايتەختى بولغان ساكرامېنتو (ئىنگلىزچە «Sacramento») شەھىرىگە جايلاشقان كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلېكتىر ئىنژېنېرل
ىكى فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلارغىمۇ «ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش سىستېمىسى تەجرىبىسى» دەرسىنى ل
ېكتور بولۇپ ئۆتتى. مۇشۇنداق پۈتۈن كۈنلۈك ئەمەس ئوقۇتقۇچىلارنى ئامېرىكىدا ئىنگلىزچە «part-time instructor» دەپ ئاتا

Unregistered

يدۇ. قالغان ۋاقىتتا ئۇستازى بىلەن بىرلىكتە پوست-دوكتورلۇق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى.

ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدە قىلغان تەتقىقات ماۋزۇسى لازېر نۇرى ئارقىلىق دىئامېترى 10 مىكرومېتىر (1 مېتىر بىر مىليون مىكرومېتىرغا تەڭ) كېلىدىغان دىئېلېكترىك زەررىچىلەرنى تۇتۇش ۋە ئۇنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش ئاپپاراتىنى لاھىيىلەپ ياساپ چىقىش بولدى. بۇنداق ئاپپاراتلار ئىنگلىزچە «Laser Tweezers» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى «لازېر نۇرلۇق قىسقۇچ» دېگەنگە يېقىن كېلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ چېچىنىڭ توملۇقى 17 مىكرومېتىردىن 181 مىكرومېتىرغىچە كېلىدۇ. شۇڭا 10 مىكرومېتىرلىق زەررىچە دېگىنىمىز ئىنتايىن كىچىك نەرسە بولۇپ، ئۇنى ئادەتتە باشقا ئۇسۇل بىلەن تۇتۇش ۋە بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش ئاسان ئەمەس. شۇڭلاشقا بىئولوگىيە ساھەسىدە بۇنداق زەررىچىلەرنى لازېر نۇرى ئارقىلىق تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. ئەركىن سىدىق ئالدى بىلەن بىر نۇر بىر دانە ناھايىتى كىچىك دىئېلېكترىك شارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندە پەيدا قىلىدىغان كۈچلەرنى فورمۇلالاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ھېسابلاپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ مەزمۇندىكى تەتقىقات نەتىجىسى ئامېرىكىنىڭ «قوللىنما فىزىكىسى» (ئىنگلىزچە «Journal of Applied Physics») ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىلى 9-ئايلىق ساندا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ ئاپپاراتنى لاھىيىلەپ، ھەمدە ئۇنىڭدىن بىرنى تەجرىبىخانىدا ياساپ چىقىپ، سىناق قىلدى. بۇ ئاپپارات بىلەن ئۇنىڭ سىناق نەتىجىسى خەلقارا ئوپتىكا جەمئىيىتى (SPIE) ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىلى فېۋرالدىكى ساندا ئېلان قىلىندى (ئاشۇ ماقالىدا 4-يۆنىلىشلىك نۇر بىلەن بىر كىچىك زەررىچىنى تۇتقان رەسىمدىن بىرسى بار).


1995-يىلى 8-ئايدا خىزمەت ئىزدەش ئارقىلىق ئەركىن سىدىق شىمالىي كالىفورنىيەدىكى ئۆزى ئوقۇغان مەكتەپكە 120 كىلومېتىر كېلىدىغان، ئىنگلىزچە «Livermore» دېگەن شەھەرگە جايلاشقان «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دىن بىر پوست-دوكتورلۇق خىزمىتى تاپتى. بۇنداق دۆلەت تەجرىبىخانىسىدىن ئامېرىكىدا بىر قانچىسى بار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئېنېرگىيە ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى تارماقلىرى ئۈچۈن مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەخپىي بولۇپ، سىرتتا ئاشكارىلانمايدۇ. ئەركىن سىدىق ئىشقا چۈشىدىغاندا قارىسا، ئۇ جۇڭگو گراژدانى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېلىقى تەجرىبىخانىنىڭ ئىچىگە كىرىشىگە يول قويۇلمايدىكەن. يەنى، ئامېرىكا بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرىنىڭ دۆلەت تەجرىبىخانىلىرىدا ئىشلىشىنى چەكلىگەن بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە جۇڭگومۇ بار ئىكەن. ئامالسىزلىقتىن بۇ تەجرىبىخانا پۇلنى ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتىپىگە بېرىپ، ئەركىن سىدىق ئۆز مەكتىپىدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىنى ئېلىپ بارىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەركىن سىدىققا بېرىلگەن ئىش ھەققىنىڭ 42 پىرسەنتىنى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تۇتۇپ قالدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ ساندىئادىكى ئۇستازىنىڭ ئىسمى Rich Trebino بولۇپ، ئۇ كىشى دوكتورلۇقنى ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئالغان، ئوپتىكا ساھەسىدە دۇنيا بويىچە خېلى نامى بار بىر كىشى ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ بويى ئېگىز، داۋاملىق بىر خۇرۇم شلەپە كىيىۋالىد

http://www.spie.org/web/oer/october/oct00/spiescene.html

بۇ مەزگىلدە ئەركىن سىدىق، Rich Trebino قاتارلىق 4 كىشى ئاسماندىكى ھاۋا قاتلىمىدىكى ئوزون قەۋىتىنى ئۆلچەيدىغان بىر
لازېر نۇرى ئۇسكۇنىسىنى لايىھەلەپ ياساپ چىقماقچى بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭ ئوپتىكىلىق لايىھىسىگە مەسئۇل بولدى. مۇشۇ تەر
جىمىھالىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا تەسۋىرلىنىدىغان CVI لازېر شىركىتىنىڭ بىر تارمىقىمۇ ساندىئا بىلەن ئوخشاش شەھەردە بولۇپ، بۇ تارما
ق شىركەتنىڭ يەھۇدىيدىن بولغان باشلىقى ئالېكس (ئىنگلىزچە «Alex») ئاشۇ ئۇسكۇنىنىڭ ئوپتىكا ۋە مېخانىكىلىق زاپچاسلىرىنى
ئىشلەپ چىقىرىشقا مەسئۇل بولدى. ئەركىن سىدىق يېڭى لايىھەلەرنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىزمەتتىكى يۇقىر
ى ئۈنۈم ۋە ئىجادكارلىق جەھەتتە بۇ 5 كىشىلىك گۇرۇپپىدىكى باشقا ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. Rich Trebino ئەپەندى
شۇنىڭدىن باشلاپ نەگە بارسا «مەن ئۆمرۈمدە ئەركىندەك قاتتىق ئىشلەيدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان» دەيدىغان بولدى. مۇشۇ
مەزگىلدە بۇ 5 كىشىلىك گۇرۇپپا خەلقئارالىق يىغىن ۋە ئىلمىي ژۇرناللاردا جەمئى 10 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئىككى پارچە
پاتېنت ئالدى. Rich Trebino ئەپەندى شۇنىڭدىن تارتىپ ئەركىن سىدىقنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالغان بولۇپ، 1996-يىل
ى 9-ئايدا بىر يېڭى شىركەت قۇرماقچى بولغان ئىككى تونۇشىغا ئەركىن سىدىقنى كۆرسىتىپ بەردى (بۇ جەھەتتە كېيىنكى بۆلۈمدە يە
نە ئازراق توختىلىمىز). 1998-يىلى ئۇ كىشى گېئورگىيە تېخنىكىلىق ئىنستىتۇتى (ئىنگلىزچە «Georgia Institute of Technolo
gy») نىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا مۇدىر بولۇپ يۆتكەلگەن بولۇپ، 2003-يىلى ئۆزى گېئورگىيە شتاتىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدە يۇقۇرىقى م
ەكتەپنىڭ تارمىقىدا قۇرغان بىر شىركەتكە ئەركىن سىدىقنى ئىشلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن ئەركىن سىدىق ئۆزى كالىفورنىيەد
ى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، ئۇ خىزمەتنى رەت قىلدى. لېكىن بۇ ئىككى كىشىنىڭ ھازىرمۇ قويۇق ئالاقىسى بار. Rich Trebino
ئەپەندى كېيىن يەنە بىر شىركەت قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ تور بەت ئادرېسى: http://www.swampoptics.com
ئامېرىكىنىڭ بىرەر رەسمىي ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىدىغانلار ئۇنى ئالدى بىلەن بىر باش تەھرىر كۆزدىن ك
ەچۈرۈپ، ئەگەر ئۆزى ئۇ ماقالىنى مۇۋاپىق كۆرسە، ئۇنى ماقالىنىڭ ئاپتورى بىلەن ئوخشاش كەسپىي ساھەدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللى
نىدىغان باشقا پروفېسسور ياكى تەتقىقاتچىلاردىن 3 كىشىگە ماڭدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ كىشىلەر ئىنگلىزچە «Reviewer» دەپ ئاتىلىدىغا
ن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئۇيغۇرچە مەنىسى «تەكشۈرۈپ تەستىقلىغۇچى» مەسئۇل مۇھەررىر دېگەنگە يېقىن كېلىدۇ. ئەگەر بۇ 3
كىشى ماقالىنى تەستىقلىسا، ئۇ ماقالە يوللانغان ئىلمىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار تەستىقلىمىسا، ماقالە ئېلان قىلىنمايدۇ. ئە
گەر ماقالىدىكى مەسىلە كىچىكرەك بولسا، ئاپتورغا ئۇنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتىدىن بىر قېتىم بېرىلىدۇ. ئەركىن سىدىق پوست-دوكتورلۇ
ق بىلەن شۇغۇللانغان مۇشۇ بىر يېرىم يىل ۋاقىت جەريانىدا ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، ئامېرىكىنىڭ ئوپتىك
ا ساھەسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ژۇرناللار بولغان «Journal of the Optical Society of America»، «Applied Optics
»، ۋە «Optics Letters» دېگەنلەرگە «تەكشۈرۈپ تەستىقلىغۇچى» يەنى مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ بەردى.

Unregistered



ئەركىن سىدىق كالىفورنىيەنىڭ Livermore شەھرىگە جايلاشقان ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا پوست-دوكتورلۇق قىلغان ۋاقتىتا
ىكى ئۇستازى دوكتور Rich Trebino .



ئوقۇدىن سانىغاندىكى 4-كىشى ئەركىن سىدىقتا ياپونىيىدە كۆپ ياخشىلىق قىلغان، ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفەسسورى Magot
o Tsutsumi ئەپەندى بولىدۇ. ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئەركىن سىدىقنىڭ مەكتىۋىنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق بولۇپ، ئەركىن س
ىدىق ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىتا، ماگوتو ئەپەندى يول كىراسىنى ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ، ئەركىن سىدىقنى بىر يىلدەك ئۆز گۇرۇپپىس
ىنىڭ تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشتۇرغان. كېيىن ئەركىن سىدىقنى ئۆز مەكتىپىگە ئىمتىھانسىز ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئىش
ئاخىرىدا ئەمەلگە ئاشماي قالغان. 1996-يىلى 6-ئايدا بۇ كىشى سان فرانسىسكودىكى بىر خەلقئارالىق يىغىنغا كەلگەندە، ئەركىن
سىدىق ئۇ كىشى بىلەن يەنە بىر ياپونلۇق پروفېسسورنى ئۆزىنىڭ داۋىس شەھرىدىكى مەكتىپىگە ئەكىلىپ، ياتىقىدا ئۇيغۇرچە تاماق
بىلەن مېھمان قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەجرىبىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى. رەسىمدىكىسى مانا شۇ چاغدىكى بىر كۆرۈنۈش.

UnRegistered



ئەركىن سىدىقنىڭ سان فرانسىسكو شەھىرىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدى. ئەركىن سىدىق ئائىلىسى بۇ ئۆيدە 1997-يىلى 5-ئايدىن 2004
-يىلى 7-ئايغىچە تۇرغان بولۇپ، مۇشۇ مەزگىلدە بۇ ئۆي سان فرانسىسكودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ئۆيىلىك رولىنى ئۆتىگەن. ۋەتەند
ىكى ۋە ئامېرىكىنىڭ باشقا يەرلىرىدىكى ئۇيغۇرلار سان فرانسىسكوغا تاماشىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ ئۆيگە چۈشكەن.
4-3 يىلغىچە يېقىن يىل ۋە باشقا بايراملىق ئولتۇرۇشلارمۇ مۇشۇ ئۆيدە بولغان (كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆپىيىپ، بۇ ئۆيگە پاتمايد
ىغان بولۇپ قالغان). رەسىمدىكىلەر ئوڭدىن سولغا: غەيرەت سابىت، ئادىل ئاتاۋۇللا، دىلنارە، ئەركىن سىدىق، ئامانگۈل، دىلشات
، ئەرافات، ماھىرە، ئەلانۇر ئاپپاي، ھوشۇر مۇئەللىم، دىلنۇر، راھىلە، نۇرى ئابلىكىم، ۋە پولات ئۆمەر. بۇ رەسىم 2000-يىلى 4-ئاينى
ڭ 3-كۈنى تارتىلغان.



ئەركىن سىدىقنىڭ ئاپىسى پاتەمخان ئامېرىكىغا 1999-يىلى 2-قېتىم كەلگەندە ئۆينىڭ ئالدىدا چۈشكەن رەسىم. رەسىمدىكىسى ئە
ركىن سىدىقنىڭ تويوتا 4 رۇننېر ماركىلىق ماشىنىسى بولۇپ، ھازىرمۇ شۇ ماشىنىنى ھەيدەيدۇ.

UnRegistered



UnRegistered

سان فرانسىسكو شەھىرىنىڭ يىراقتىن تارتىلغان بىر كۆرۈنۈشى. بۇ رەسىم 2003-يىلى 10-ئاينىڭ 25-كۈنى ئامانگۈلنىڭ ھەدىسى گۈلباھار خانىم (ئوتتۇردىكى كىشى) ئامېرىكىغا تۇققان يوقلاش ئۈچۈن كەلگەندە تارتىلغان.

## 13. ئامېرىكا يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلىرىدىكى خىزمەت

بىز ئەسلىدە بۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلۈملەرنىمۇ ئالدىنقى بۆلۈملەرگە ئوخشاش بىر ئاز تەپسىلىراق يېزىپ تەييارلاشنى ئويلىغان ئىدۇق. بىراق، ئەركىن سىدىقنىڭ چەت ئەلدىكى ئوقۇش ۋە خىزمىتىگە ئائىت بولغان ئوقۇرمەنلەر بىر قەدەر قىزىقىدىغان نۇرغۇن مەلۇماتلار ئەركىن سىدىقنىڭ بىلىۋال تور بېتى بىلەن ئۆتكۈزگەن يازما سۆھبەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بۇ يەردە قايتا تەكرارلىماسلىقنى مۇۋاپىق كۆردۇق. قىزىققۇچىلار بىلىۋال، بوستان ۋە بىلىك تور بەتلىرىدىن سۆھبەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنى كۆرۈۋالسا بولىدۇ، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلۈملەر نىسبەتەن قىسقا بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت چوڭ-چوڭ ۋەقەلەرلا خۇلاسىلەندى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى، ھەمدە توغرا چۈشىنىشىنى سورايمىز.

### (1) CVI لازېر نۇرى شىركىتى («CVI Laser Corporation»)

ئەركىن سىدىق شىمالىي كالىفورنىيەدىكى «Livermore» دېگەن شەھەرگە جايلاشقان ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا پوست-دوكتورلۇق قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ بۇ دۆلەت تەجرىبىخانىسى ئىدارىسىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە يول قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پروجەكت (تەتقىقات) گۇرۇپپىسى ئاچىدىغان ھەپتىلىك تەتقىقات يىغىنىنى مۇشۇ ئىدارىگە 10 كىلومېتىردەك كېلىدىغان «CVI لازېر نۇرى شىركىتى» (ئىنگلىزچە «CVI Laser Corporation»، http://www.cvilaser.com) دېگەن شىركەتتە ئاچتى. بۇ شىركەتنىڭ باش ئىدارىسى يېڭى مېكسىكا (New Mexico) شتاتىدا بولۇپ، شىمالىي كالىفورنىيەدىكىسى ئۇنىڭ بىر تارماق شىركىتى ئىدى. بۇ تارماق شىركەتنىڭ باشلىقى، پۈتۈن شىركەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئالېكس (Alex Jacobson) ئەسلىدە كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باركلېي (Berkeley) شۆبىسىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ئۇستازى Rick Trebino بىلەن ئالېكس ئەككىسى ئوقۇغۇچى دەۋرىدىن تارتىپلا تونۇش ئىدى. ئالېكس يەھۇدىي مىللىتىدىن بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇمۇ ئىنتايىن تالانتلىق ۋە ئەقىللىق كىشى بولۇپ، ئوپتىكا ۋە ئوپتىكىلىق مېخانىكا ساھەسىدە ئىنتايىن يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. CVI نىڭ پۈتۈن ئوپتىكىلىق مېخانىكا مەھسۇلاتلىرىنى ئۇ ئۆزى لايىھەلەپ چىقارغان ئىدى. ئالېكسنىڭ ئىقتىدارىغا بەك ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، رىك ئەپەندى ئۆزلىرى ياساپ چىقارماقچى بولغان ئاتموسفېرا قاتلىمىدىكى ئوزون قەۋىتىنى تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان بىر «Lidar» ئۈسكۈنىنىڭ ئوپتىكىلىق ۋە مېخانىكىلىق زاپچاسلىرىنى ياساپ چىقىش ئىشىنى ئاشۇ ئالېكسقا بەرگەن ئىدى.

ئالېكسقا ئەركىن سىدىق بەك ياراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ CVI نىڭ باش شىركىتى بىلەن قايتا-قايتا مۇزاكىرىلىشىپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ساندىئادىكى پوست-دوكتورلۇق ئىشى تاماملانغاندا، ئۇنى CVI غا خىزمەتكە ئالىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1996-يىل

UnRegistered

ى 9-ئاينىڭ 26-كۈنى ئەركىن سىدىق CVI دا ئالىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى (ئىنگلىزچە «Senior Optical Engineer
») بولۇپ خىزمەت باشلىدى. دەسلەپتە ئۇ لازېر نۇرى ئۈسكۈنىلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل ئوپتىكىلىق زاپچاسلارنى لايىھەلەش ئىش
لىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئالتە ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ شىركەتنىڭ لازېر نۇرى زاپچاسلىرىنى چىقىرىدىغان بۆلۈمگە باشلى
ق بولۇپ، ئىنژېنېرلىك بىلەن بۇ خىزمەتنى تەڭ ئىشلىدى. بۇنداق زاپچاسلارنى چىقىرىدىغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىسمى «ھەقىقىي بوشلۇ
ق چەمبىرى» بولۇپ، ئىنگلىزچە «Vacuum Chamber» دەپ ئاتايدۇ. CVI نىڭ شىمالىي كالىفورنىيىدىكى تارماق شىركىتىدە بۇ
نداق ئۈسكۈنىدىن جەمئى ئۈچى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىرسى ھەر 2 سائەتتە بىر نەچچە مىڭ دوللاردىن 10 مىڭ دوللارغىچە قىممەتتە
ىكى ئوپتىكا زاپچاسلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. بىر ئۈسكۈنىنىڭ ھەر بىرسىنى بىر تېخنىك باشقۇرىدۇ. ئۇنىڭ باشقۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇرە
ككەپ بولغاچقا، تېخنىكتىن ئىنتايىن يۇقىرى ئىقتىدار تەلەپ قىلىدۇ. ئەركىن سىدىق بۇ ئۈسكۈنىنى باشقۇرۇشنى ئۆزى پۇختا ئۆگىنىپ،
يېڭىدىن ئىشقا ئېلىنغان تېخنىكلارنى تەربىيىلەش ئىشىنى ئۆزى ئېلىپ باردى. بىر قېتىم ئۇ ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن ي
ىگى تېخنىكتىن 3 كىشىنى ئىشقا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى بۇ ئۈسكۈنىنى باشقۇرۇش ماھارىتىنى زادىلا ئۆگىنەلمىگەنلىكى
ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 2 كىشىنى 3 ھەپتىدىن كېيىن ئىشتىن بوشاتتى. كىتابلارغا يېزىلىشىچە، مۇشۇنداق ئۈسكۈنىدە ئىشلەپ چى
قارغان ئوپتىكىلىق زاپچىسىنىڭ تەكشىلىك دەرىجىسىدىكى دۇنيا رېكورتى 2 پىرسەنت بولۇپ، ئەركىن سىدىق مۇشۇنداق تەكشىلىكنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈستىدە بىر مەزگىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇنىڭ تەكشىلىك دەرىجىسىنى 0.5 پىرسەنتكە يەتكۈزدى. بۇ ئىشنىڭ
مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە زور پايدىسى بولۇپ، CVI دا چوڭ تەسىر قوزغىدى. مۇشۇ بىر مەزگىل ۋاقىت
ئىچىدە ئالېكس ئەركىن سىدىقنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچراپ، ئۇيغۇرلارغا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇيغۇرلارغا ھۆرمەت قىلە
ش يۈزىسىدىن، چوشقا گۆشى يېيىشنىمۇ توختاتتى. مۇشۇ مەزگىلدە ئەركىن سىدىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنى ئۆزى بىلە
ەن ئوخشاش ۋاقىتتا پۈتتۈرۈپ، كېيىن ئامېرىكىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان دوستى ئادىل ئاتاۋۇللانىمۇ CVI غا ئوپتىكا ئىنژېنېرى ق
ىلىپ ئىشقا ئېلىپ، ئىككىسى بۇ شىركەتتە بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بىرگە ئىشلىدى. ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماقتا بۇ ئىككىسى ئۇيغۇرچە
مۇڭداشتى. ئىش ئارىلىقىدىمۇ ئەركىن سىدىق ئادىلنىڭ قېشىغا بېرىپ، بىر قانچە مىنۇت پاراڭلىشىپ كېلەتتى. ئەركىن سىدىق ئۈچۈ
ن بۇ بىر مەزگىل CVI دىكى ئەڭ ياخشى ئۆتكەن ۋاقىتلار بولدى.

CVI ۋە ئامېرىكىدىكى باشقا بىر قىسىم شىركەتلەر ئىشلەپ چىقىرىدىغان، ئىنتايىن قىسقا ئوپتىكا پۇلسى (ئىنگلىزچە «ultra-short
optical pulse») ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بەزى زاپچاسلار بار بولۇپ، شىركەتلەر ئۇنى ئىشلەپ چىقارغان بىلەن، ئۇنىڭ ئۆلچەمگە يە
تكەن-يەتمىگەنلىكىنى ئۆلچەپ چىقىدىغان ئاپپارات يوق ئىدى. شۇڭا ئالېكس ئەركىن سىدىقتا ئىنگلىزچە «White light interf
erometer» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوپتىكىلىق ئۆلچەش ئاپپاراتىنى لايىھەلەپ ئىشلەپ چىقىشنى تاپشۇردى. ئەركىن سىدىق CVI نى
ڭ ئىچىدە بىر ئېلېكترو-ئوپتىكىلىق تەجرىبىخانا قۇرۇپ، ئۇ ئاپپاراتنى ئۆزى لايىھەلەپ، ئۇنىڭ ئوپتىكا، ئېلېكترونىكا، مېخانىكا ۋە يۇ

Unregistered

مشاق دېتاللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى لايىھىلەپ، ئەڭ ئاخىرقى ئاپپاراتنىمۇ ئۆزى ياساپ چىقتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق ئاپپاراتتىن دۇ
نيانىڭ باشقا يەرلىرىدىكى تەجرىبىخانىلاردا پەقەت ئۈچىلا بار ئىدى. كالىفورنىيەدىكى «Coherent» دېگەن چوڭ كۆلەملىك ئوپتى
ىكا شىركىتى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ ئاپپاراتتىن ھەر بىرسىنى 15 مىڭ دوللاردىن ئۈچ دانە سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغان
بولسىمۇ، ئالېكس ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمىدى. بىرىنچىدىن، بۇ ئاپپاراتنى باشقۇرۇش بەك قىيىن بولۇپ، سېتىلىپ بولغان ئاپپاراتنىڭ ك
ېيىنكى تېخنىكىلىق ياردەم ئىشلىرىنى قىلىدىغانغا CVI نىڭ ئادەم كۈچى يوق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، Coherent بۇ ئاپپاراتنى
سېتىۋالسا، ئۇلار CVI ۋە باشقا شىركەتلەر ئىشلەپ چىقارغان زاپچاسلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە لاھىيىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىۋېلىش ئىقتىدارىغ
ا ئىگە بولۇپ قالاتتى. بۇ CVI ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى.

CVI بىر مەزگىل دۇنياغا مەشھۇر بولغان، كومپيۇتېر CPU سىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان «Intel» دېگەن شىركەتكە، يۇقۇرىدا تىلغا ئېل
ىنغان «ھەقىقىي بوشلۇق چەمبىرى» ئوسكۇنىسىنىڭ كىچىك تىپتىكىسىنى ئىشلەپ چىقىرىپ ساتتى. Intel بۇ ئوسكۇنىنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ
زۇق چىقىپ قالغان CPU سىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتتى. بۇ ئوسكۇنىگە ئىشلىتىدىغان ئېنگلىزچە «Lock-in Amplifier»
دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئېلېكترونلۇق ئاپپارات بار بولۇپ، بۇرۇن CVI ئۇ ئاپپاراتنى باشقا بىر شىركەتتىن بىرسىنى 3 مىڭ دوللارغا سېتى
پ ئالاتتى. ئۇنىڭ ھەجمى چوڭ ۋە باھاسى يۇقىرى بولغاچقا، ئالېكس ئەركىن سىدىقتا مۇشۇنداق ئاپپاراتتىن ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېل
ىدىغان قىلىپ بىرنى لايىھىلەپ ياساپ چىقىشنى تاپشۇردى. ئۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىدىق UCD دىن بىر كىتابنى ئارىيەتكە ئېلىپ ئ
ەكېلىپ، شۇ كىتابتىكى بىلىملەرگە ئاساسەن بۇنداق ئاپپاراتتىن بىرنى ئۆزى لايىھىلەپ، ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى ئۇ بۇ شىركەتلەردىن سېتى
ۋېلىپ تەييارلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا 100-200 دوللار چىقىم بىلەن بۇ ئاپپاراتنىڭ بىر سىناق نۇسخىسىنى ياساپ چىقتى. لېكىن، Intel
شىركىتى CVI دىن يېڭى ئوسكۇنە ئېلىشنى توختىتىش سەۋەبى بىلەن، بۇ ئېلېكترونلۇق ئاپپارات ئەمەلىي ئىشلارغا ئىشلىتىلمىدى.

ئەركىن سىدىق CVI غا يېڭى ئىشقا چۈشكەندە، ئۇنىڭ ئائىلىسى تېخىچە داۋىس دېگەن شەھەردە بولۇپ، ئىككى يەرنىڭ ئارىلىقى
100 كىلومېتىر كېلەتتى. ھەر كۈنى بۇنداق ئۇزۇن ئارىلىقنى بېسىپ ئىشقا كېلىپ-كېتىش بەك قىيىن بولغاچقا، ئەركىن سىدىق Liver
more غا يېقىن يەنە بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقان ئادىل ئاتاۋۇللا، نۇر ۋە غەيرەت سابىت قاتارلىق 3 ئۇيغۇر ياشلىرىغا قوشۇلۇپ، بىر ياتا
قتا تۇرۇپ تۇردى. بۇ ياتاقتا كېيىنچە پولات ئۆمەر ئىسىملىك يەنە بىر ياش كېلىپ قوشۇلدى. ئەركىن سىدىق ئۆيىگە ھەر جۈمە كۈنى ك
ەچتە قايتىپ كېتىپ، كېيىنكى دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە قايتىپ كەلدى. بۇ مەزگىلدىكى ياتاق تۇرمۇشى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتتى.
ياتاقتىكىلەر ئاخشىمى ئوخشىمىغان ۋاقىتتا قايتىپ كېلىپ، ھەر خىل تاماقلارنى ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، تاماقنى تەرتىپسىز ھالدا كۆپ يە
ۋېلىپ، ئەركىن سىدىقمۇ بىر قانچە ئاينىڭ ئىچىدە باشقىچىلا سەمرىپ، قوساق سېلىپ كەتكەن ئىدى. مۇشۇنداق تۇرمۇشنى 6 ئايدىن
كۆپرەك ئۆتكۈزۈپ، 1997-يىلى ئامانگۇل ساكرامېنتودىكى كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر ئىلمى ماگىستىرلىقىنى تۈگ
ەتكەندىن كېيىن، 5-ئاينىڭ 14-كۈنى ئەركىن سىدىقنىڭ شىركىتىگە 25 كىلومېتىر كېلىدىغان «San Ramon» دېگەن شەھەردە

UnRegistered

ن بىر ئۆي سېتىۋېلىپ، ئۆيىنى شۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلدى. ئەركىن سىدىق كېيىنچە بىرەر يىل ۋاقىت تىرىشىپ، ئۆز بەدىنىنى ئاران ئە
سلىگە كەلتۈرۈۋالدى.

CVI دىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خىزمەتلەر ئەركىن سىدىق ئۈچۈن ناھايىتى قىزىقارلىق تۇيۇلغان ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ مائاشى
مۇ ئىككى يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە شىركەتكە يېڭى كىرگەن ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا 45 پىرسەنت ئۆستۈرۈپ بېرىلگەن ئىدى. لېكىن، 1
999-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، CVI دا ئەركىن سىدىققا چۈشلۇق قىزىقارلىق ۋە يۇقىرى تالانت بىلەن يۇقىرى ئىقتىدار تەل
ەپ قىلىدىغان يېڭى ئىشلار ئانچە كۆپ قالمىدى. ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۇ شىركەتتە نىمە ئىش بولسا، شۇنى قىلىپ تۇرد
ى. بەزى كۈنلىرى تېلېفوندا خېرىدارلار بىلەن سۆزلىشىپ، شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغانلاردىن بىرەرسى ئاغرىپ قالسا، شۇلارنى
ڭ ئورنىدا خېرىدارلارغا ئوپتىكا زاپچاسلىرىنى سېتىش ئىشلىرىنىمۇ قىلىپ باقتى. بىر قېتىم شىركەتنىڭ مېخانىكىلىق ئوپتىكا زاپچاسلىرى
غا شىركەت ئىسمى بىلەن زاپچاس ماركىسىنى يازىدىغان قىممەت باھالىق لازېر نۇرلۇق ئۈسكۈنە بۇزۇلۇپ قالغاندا، ئەركىن سىدىق ئ
ۇنى چۇۋۇپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىر ئېلېكترونلۇق زاپچىسى كۆيۈپ كەتكىنىنى بايقاپ، ئۇ زاپچاسنى سېتىپ ئەكەلدۈرۈپ، ب
ۇ ئۈسكۈنىنى رېمونت قىلىپ ساقايتتى. بۇ ئىش ئالېكسنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. لېكىن، ئەركىن سىدىق ئوز ئۆمرىنىڭ قالغان قىسمى
نى مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشنى خالىمايتتى.

1999-يىلى 10-ئايدا، ئەركىن سىدىق باشقا 2 كىشى بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان بىر شىركەتنىڭ ئىشى بىلەن (بۇ شىركەت توغرىسىدا مۇ
شۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئايرىم توختىلىمىز)، جەنۇبىي كالىفورنىيەدىكى بىر چوڭ تەجرىبىخانىغا بىر ھەپتىلىك خىزمەتكە بارىدىغا
ن بولدى. ئۇ يەرگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئەركىن سىدىق ئىنتېرنېت ئارقىلىق باشقا خىزمەت ئىزدەشكە باشلىغان بولۇپ، جەنۇبىي كالىفورنى
يەدىكى يېڭى قۇرۇلغان بىر شىركەتتە ئۆزىگە لايىق بىر خىزمەت بارلىقىنى بايقىدى. ھەمدە ئۇلار بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ بولغاندىن
كېيىن، ئۇلار ئەركىن سىدىق بىلەن بىر قېتىم يۈز تۇرانە كۆرۈشىدىغان بولدى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشنى يۇقۇرىقى بىر ھەپتىلىك ئىش بىل
ەن ئوخشاش ۋاقىتقا توغرىلىدى. ھەمدە شۇ قېتىم بۇ يېڭى شىركەت بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار ئەركىن سىدىقنى ئىشقا ئېلىشنى
قارار قىلدى. ئەركىن سىدىق شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 10-كۈنى ئالېكسكە ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىدىغان خەتنى تاپشۇردى (ئامېرى
كىنىڭ شىركەتلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملاردىن ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىدىغاندا 2 ھەپتە بۇرۇن ئۇقتۇرۇش قىلىشنى تەلەپ قى
لىدۇ). ئالېكسمۇ بۇ ۋاقىتلاردا CVI نىڭ ئەركىن سىدىققا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرغان بولغاچقا، ئە
ركىن سىدىقنىڭ بۇ ئىلتىماسىغا ئازراقمۇ خاپا بولمىدى. ئەركىن سىدىق 12-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە CVI دا تۇرۇپ، يېڭى يىلدىن باشلاپ
ھېلىقى يېڭى شىركەتكە ئىشقا چۈشىدىغان بولدى.

UnRegistered

### (2) كالارمەكس تېخنولوگىيە شىركىتى («ColorMax Technology Incorporated»)

ئەركىن سىدىق 2000-يىلى يېڭى يىل بايرىمىنى ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپ، 1-ئاينىڭ 2-كۈنى تۇرمۇشتا كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئۆزىنىڭ
لىك تويوتا 4-رۇننەر ماركىلىق ماشىنىسىغا قاچىلاپ، جەنۇبىي كالىفورنىيىگە قاراپ يول ئالدى. بۇ ئەركىن سىدىقنىڭ ياپونىيىگە بارغان
ۋە ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەن ۋاقتتىن كېيىنكى ئۆز ئۆيىدىن يەنە بىر قېتىم، يەنى 3-قېتىم ئايرىلىشى ئىدى. ئۇ بىر ئامېرىكىلىقنىڭ بىر
ئېغىزلىق ئۆيىنى ئېيىغا 450 دوللار تۆلەيدىغانغا ئىجارىگە ئالدى. دەسلەپتە ئۇ يەرگە ئۆزى يالغۇز بېرىپ، يېرىم يىلچە ۋاقىت ئۆتكە
ندىن كېيىن ئائىلىسىنى يۆتكەپ كېتىشنى پىلانلىدى. ئۇ يەرنىڭ ھازىرقى ئۆيى بىلەن بولغان ئارىلىقى
ى 600 كىلومېتىر كېلەتتى. ئۇ يولدا يالغۇز كېتىۋېتىپ، ماشىنىدا ئۇيغۇرچە ناخشا CD سى ئاڭلاپ ماڭدى. ناخشىلارنىڭ ئارىسىدىن
«تۇمانلىق كېچە» دېگەن ناخشا چىققاندا، ئەركىن سىدىقنىڭ كۆڭلى بىراقلا بۇزۇلۇپ، كۆزىدىن تارام-تارام ياش ئېقىپ كەتتى. ئەرك
ن سىدىق بۇ چاغدا ئۆزىنى خۇددى ئۇيغۇر يېزىسىدىكى يازكۈنلىرى ھاشارغا ماڭغان دېھقانلارنىڭ ھېس قىلدى. ئامېرىكىدىكى ر
ىقابەتنىڭ كۈچلۈكلىكى ۋە ئۆزىنىڭ كەسپتە ئىمكان قەدەر يۇقىرى پەللىگە يېتىش غايىسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئۇ يېشى 42 گە
يېتەي دېگەندە يەنە ئۆيىدىن ئايرىلىپ، يالغۇز ياشايدىغان مۇشۇنداق بىر يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

ئەركىن سىدىقنى قوبۇل قىلغان شىركەتنىڭ ئىسمى كالارمەكس (ئىنگلىزچە «ColorMax») بولۇپ، قۇرۇلغىلى تېخى 6 ئايدەك ۋاقىت
بولغان ئىدى. ئۇ جەنۇبىي كالىفورنىيىدىكى دىسنېي باغچىسى بار شەھەرگە 30 كىلومېتىردەك كېلىدىغان «Tustin» دېگەن شەھەرگ
ە جايلاشقان ئىدى. ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ ئىچىدە 8 پىرسەنت ئەرلەر بىلەن 3 پىرسەنت ئاياللار رەڭ كۆرمەيدىغان (رەڭ قارىغۇسى) بو
لۇپ ، بۇ شىركەتنىڭ ئىشلەپ چىقارماقچى بولغىنى ئاشۇنداق كىشىلەرنى رەڭ كۆرىدىغان قىلالايدىغان بىر خىل كۆز-ئەينەك ئىدى. ئە
ركىن سىدىقنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر يېقىن تۇغقىنىمۇ رەڭ كۆرمەس (رەڭ قارىغۇسى) بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ
ئىمتىھانىدا ناھايىتى يۇقىرى نومۇر ئالغانلىقىغا قارىماي ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەن ئىدى. بۇنداق كۆز-ئەينەكنىمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئ
الغان «ھەقىقىي بوشلۇق چەمبىرى» ئىچىدە ئىشلەپ چىقىراتتى. بۇ بىر يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇسكۇنە بولۇپ، ئەركىن سىدىق CVI دا 3
يىل ئىشلەش جەريانىدا بۇ تېخنىكىدا تولۇق يېتىشكەن مۇتەخەسسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. كالارمەكس ئەينى ۋاقىتتا ئەرك
ن سىدىقنى ئىشقا ئېلىپ بولۇپ، ئۇ تېخى رەسمىي ئىشقا چۈشمىگەن ۋاقىتتا ئامېرىكىدىكى بىر «ئىگىلىك خەۋىرى» دە ئەركىن سىدىق
توغرىسىدا بىر مەخسۇس خەۋەر تارقاتقان بولۇپ، ئۇ خەۋەرنى ھازىرمۇ تۆۋەندىكى تور بېتىدىن كۆرۈشكە بولىدىكەن:
http://www.findarticles.com/p/articles/mi_m0EIN/is_1999_Nov_18/ai_57619597
ئەركىن سىدىقنىڭ بۇ شىركەتتىكى خىزمەت مەنسىپى «تەتقىقات، تەرەققىيات ۋە ئىشلەپچىقىرىش دىرېكتورى» بولۇپ، شىركەت بويىچ
ە بۇنداق تېخنىكىنى ۋە ئۇيېتىكا ئىلمىنى بىلىدىغانلاردىن ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىم يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ يالغۇز ناھايىتى زېرىك

Unregistered

شىلىك ھېس قىلىپلا قالماي، پۈتۈن شىركەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقىمۇ ئۆز زىممىسىدە بولغاچقا، داۋاملىق ئىنتايىن ئېغىر
بېسىم ھېس قىلاتتى. بۇ شىركەت مائاشتىن باشقا، ئەركىن سىدىققا شىركەتنىڭ پاي چېكىدىنمۇ يەنە خېلى كۆپ مىقداردا بەرگەن بولۇپ
، ئەگەر بۇ شىركەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا، ئەركىن سىدىق 5 يىلغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە مىليونېر بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى
بار ئىدى. مانا مۇشۇنداق قىلىدىغان ئىشىمۇ يېڭى ۋە ئىقتىسادىي كىرىممۇ ياخشى بولغاچقا، ئەركىن سىدىق شىمالىي كالىفورنىيەدىن
جەنۇبىي كالىفورنىيەدىكى بۇ شىركەتكە يۆتكىلىپ كېلىشكە رازى بولغان ئىدى.

ئەركىن سىدىق ئىشقا چۈشىدىغانغا بىرەر ئاي ۋاقىت قالغاندا، بۇ شىركەتنى ئامېرىكىنىڭ بىر مەملىكەتلىك چوڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىس
ى پۈتۈن مەملىكەتكە بىر قېتىم تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەتنىڭ تېخى ئىشلەپ چىقارمىغان مەھسۇلاتىغا نۇرغۇن كۆز دوختۇرخ
انىلىرى ۋە شەخسىيلەر ئۆچىرەت بولۇپ كەتتى. بۇ شىركەتتە مەھسۇلاتنى ساتىدىغان خادىملاردىن 6-7 نەپىرى بار بولۇپ، ئەركىن سى
دىق شىركەتكە كېلىپلا، ئۇلارنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە توختىماي ئۆزلىرىگە تېلېفون قىلغان خېرىدارلارغا «كۆز-ئەينەك چىقىدىغانغا يەن
ە بىر-ئىككى ئايلا ۋاقىت قالدى. شۇڭا سەل ساقلاپ تۇرۇڭ» دەپ چۈشەندۈرۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ شىركەتتە ئىش باشلاپ بىر
ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ نيۇيورك شتاتىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بىر شىركەتتىن ھەقىقىي بوشلۇق چەمبىرىدىن بىرنى سېتىۋېلىش ئىش
ىغا قاتناشتى. ئۇنى يۆتكەپ كېلىشكە بىر قانچە ھەپتە كېتىدىغان بولغاچقا، ۋاقىتنى زايە قىلماسلىق ئۈچۈن، ئەركىن سىدىق نيۇيوركتا
تۇرۇپلا ھېلىقى ئۈسكۈنىنى سىناق قىلىشقا باشلىدى. ئۇنى 3 ھەپتىدىن كېيىن يۆتكەپ كېلىپ، ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە دە
رھال قاتتىق ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگىنى سائەت 6 يېرىملا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاخشىمى سائەت 10 غىچە ئۆيىگ
ە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا مۇشۇ كۆز-ئەينەكلەرنى تېزراق ئىشلەپ چىقىرىشتىن ئىبارەت بىرلا خىيال ئورناپ كەتكە
ن ئىدى. ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۇ شىركەت بىلەن ھەر 2 ئايدا ئۆيىگە بىر قېتىم قايتىپ، بىر ھەپتە ئۆيىدە تۇرۇپ ئىشلەپ بېرىپ ئاند
ىن قايتىپ كېلىشنى كېلىشىۋالغان ئىدى. شۇڭا بۇ ئارىلىقتا ئۆيىگىمۇ قايتمىدى. پەقەت كېيىنكى 2 قېتىملىق ئۆيىگە بېرىپ كېلىشنىڭ
ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ قويدى.

ئىنسانلارنىڭ رەڭ كۆرمەيدىغان كۆزىنىڭ 8 خىل تۈرى بار بولۇپ، ئۇلارغا 8 خىل ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتتىكى كۆز ئەينەكنى ئىشلە
پ چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ شىركەتنى قۇرغان كىشى بىر كورىيەلىك سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ تەبئىي پەندىن ھېچ قانداق خەۋىرى
يوق ئىدى. لېكىن ئىگىلىك يارىتىش ئىشلىرىغا ماھىر بولغاچقا، كورىيەلىكلەردىن 10 مىليون دوللاردەك پۇل يىغىپ، مۇشۇ شىركەتنى
قۇرغان ئىكەن. بۇ كىشى دەسلەپتە ئەركىن سىدىققا خېلى تۈزۈكتەك كۆرۈنگەن بولۇپ، كېيىن بۇ يەردە بىر ئايدىن ئارتۇق ئىشلىگەندە
ن كېيىن قارىسا، ئۇ كىشى ئىنتايىن ئەسكى مىجەزلىك ئادەم ئىكەن. يۇقۇرىقى 8 خىل كۆز-ئەينەكنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن، ھەق
قىي بوشلۇق چەمبىرىدىكى پۈتۈن ھاۋانى تولۇق شۈمۈرۈپ چىقىرىۋېتىپ («ھەقىقىي بوشلۇق» دېگەننىڭ مەنىسى ئەنە شۇ)، ئۇنى 30

Unregistered

0 گىرادۇسقىچە قىزىتىپ، ئاندىن 2-3 خىل قاتتىق ماتېرىيالنى ئېلېكترون ئېقىمى بىلەن سوقىدۇ. بۇ سوقۇلۇشتىن ھېلىقى ماتېرىياللار پارچىلىنىپ، ئۇنىڭدىكى مالېكۇلالار ۋە ئاتوملار ئاجراپ چىقىپ، ھەقىقىي بوشلۇقتا ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ يۈرۈش جەريانىدا كۆز-ئەينەكنىڭ ئەينىكىگە قونىدۇ. ئەينەك ناھايىتى قىزىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مالېكۇلالار ۋە ئاتوملارنىڭ بىر قىسمى ئاشۇ ئەينەككە چاپلىشىپ تۇرۇپ قالىدۇ. بۇنداق ماتېرىياللارنىڭ قېلىنلىقىنى 1-2 نانومېتىرگىچە كونترول قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاشۇ ماتېرىيالنىڭ تەسىرى بىلەن كۆز ئەينەك بىر قىسىم رەڭدىكى نۇرنى ئۆتكۈزۈپ، يەنە بىر قىسىم رەڭنى ئۆتكۈزمەيدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇنى تاقىغان كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كىرىدىغان نۇرنىڭ رەڭگىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ بېرىپ، كىشىلەر شۇنىڭ بىلەن رەڭلىك نەرسىلەرنى ئەينەن كۆرەلەيدىغان بولىدۇ. ئەركىن سىدىق كومپيۇتېردا ھېسابلاپ كۆرۈپ، ھېلىقى 8 خىل كۆز-ئەينەكنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن كەم دېگەندە 6 خىل ماتېرىيال ئىشلەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى تېپىپ چىقتى. لېكىن شىركەتنىڭ ھېلىقى كورىيەلىك باشلىقى پەقەت 2 خىل ماتېرىيالدىن باشقىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. ئەركىن سىدىق قايتا-قايتا چۈشەندۈرسىمۇ، ۋە مۇنازىرىلەشسىمۇ ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ جاھىللىقىدا چىڭ تۇرىۋالدى. نەتىجىدە پەقەت 4 خىل كۆز-ئەينەك نورمال چىقىپ، قالغان 4 خىلى يازدىلا تەلەپكە لايىق چىقمىدى. بۇ شىركەتتىكى ھېچ قانداق ئادەم بۇ كۆز-ئەينەكلەرنىڭ تېخنىكىلىق كورسەتكۈچلىرىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەركىن سىدىق قايتا-قايتا سۈرۈشتە قىلىپمۇ ئۇ كۆرسەتكۈچلەرگە ئېرىشەلمىدى. ھېلىقى كورىيەلىك باشلىقنىڭ قىزى ئىقتىساد كەسپىدە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ شىركەتنىڭ بارلىق ئىقتىسادىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ قويۇلغان ئىكەن. ئۇ قىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھېچ ئىش قىلماي، ئۆز ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ كورىيەچە گېزىت ئوقۇيدىكەن. ئامېرىكىدا بىر شىركەتتىكى بىر يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىم ئۆزىنىڭ تېخنىكىلىق دائىرىسىدە خۇددى بىر پادىشاھقا ئوخشايدۇ. پۈتۈن تېخنىكىلىق قارارلارنى ئۆزى چىقىرىدۇ. ياخشى-يامان نەتىجىلەرگىمۇ ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. ئەركىن سىدىقنىڭ بۇ شىركەتتە دۇچ كەلگىنى بىر ئىنتايىن نورمالسىز، ئىلمىسىز ئەھۋال بولۇپ، بۇنداق ئىشنى ئامېرىكىغا كەلگەندىن بۇيان زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ بىر قانچە ھەپتە كۈنىگە 16 سائەتتىن ئىشلەپ بېقىپمۇ، ھېلىقى 4 خىل كۆز-ئەينەكنى ئىشلەپ چىقىرىشتا ھېچ قانداق ئىلگىرىلەش پەيدا قىلالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا پەقەت 2 خىل ماتېرىياللار بىلەن ئۇلارنى ئىشلەپ چىقىرىشقا ھېچ قانداق كۆزى يەتمەي، «مەن خاتا يەرگە كېلىپ قاپتىمەن» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇ شىركەتكە كېلىپ ئەمدى 2 ئاي توشقان كۈنى خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. ئۇ ياتىقىغا بېرىپ، نەرسە كېرەكلىرىنى 2 سائەت ئىچىدە ماشىنىسىغا قاچىلاپ، شىمالىي كالىفورنىيىدىكى ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئەركىن سىدىق بۇ شىركەتتىن چىقىپ كېتىپ 3 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئاتا-قىز ئىككى كورىيەلىك بۇ شىركەتنىڭ مەبلىغىگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، كالارمەكسكە مەبلەغ سالغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلىقى خەۋەر قىلىندى. ئۇنىڭدىن 6 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن بۇ شىركەت پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ، تاقىلىپ كەتتى. ھازىر بۇ شىركەتنىڭ ھېچ قانداق ئىز-دېرىكى يوق. (ئەركىن سىدىق ئىشلىگەن شىركەتنىڭ تولۇق ئىسمى «ColorMax Technology Incorporated» بولۇپ، ئۇ ھازىر مەۋجۇد ئەمە

س. ئامېرىكىدا ھازىرمۇ «ColorMax» سۆزى بىلەن باشلىنىدىغان باشقا شىركەتلەردىن بىر قانچىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپ
چىقىرىدىغىنى رەڭ كۆرمەيدىغانلارنىڭ (رەڭ قارىغۇلىرىنىڭ) كۆز ئەينىكى ئەمەس.)

شۇنداق قىلىپ ئەركىن سىدىق بۇ قېتىم خىزمەت يۆتكىلىپ، ئەسلىدە ئويلىغىنىدەك مىليونېر بولالمىدى. رەڭ كۆرەلمەيدىغانلار (رەڭ قا
رىغۇلىرى) ئىشلىتىدىغان كۆز ئەينەكنىمۇ ئىشلەپ چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سىنىقى ئۆزىنىڭ CVI دىكى خىزمىتىدىن ئايرىلىش
بىلەن 2 قېتىملىق ئايروپىلان يول كىراسى ۋە بىر ئايلىق ياتاقتا ئالدىن تۆلىگەن ئۆي ئىجارىسى پۇللىرىدىن قۇرۇق قېلىش بىلەن ئاخى
رلاشتى. ئەركىن سىدىق ئۇچۇن ئىشنى يەنە يېڭى باشتىن باشلاشقا توغرا كەلدى.

(3) WaveSplitter تېخنولوگىيە شىركىتى («WaveSplitter Technology Inc»)

ئەركىن سىدىق جەنۇبىي كالىفورنىيىدىن قايتىپ كېلىپ، بىر ئۈنىنىمۇ ئىسراپ قىلماي، يەنە خىزمەت ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ئىنتېرنېت
ئارقىلىق ئوپتىكا ساھەسىدىكى شىركەتلەرگە يۈزلەرچە دەرىجىلىك تېخنىكىلىق خادىم تېپىپ بېرىدىغان بىر شىركەت بىلەن ئالاقىلەشتى.
بۇنداق ئورۇنلار ئامېرىكىدا «خىزمەت تېپىپ بېرىش شىركىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار باشقا شىركەتلەرنىڭ ئادەم ئېلىش ئېلانلىرىنى يىغ
سىپ، ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن خىزمەت ئىزدەۋاتقان كىشىلەرگە ،ۋۇاپىق كېلىدىغان خىزمەتلەر بولۇپ قالسا، خىزمەت ئىزدىگۈچىنى
خىزمەتكە ئالغۇچى شىركەتكە تونۇشتۇرىدۇ. ئەگەر بىر شىركەت بىر ئادەمنى، ئاشۇنداق يول بىلەن ئىشقا ئېلىپ قالسا، بۇ خىزمەت تېپە
پ بېرىش شىركىتىگە ئادەم ئالغان شىركەت مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىدۇ. كالىفورنىيىنىڭ سىلىكون جىلغىسىدا (بۇ ئاتالغۇ ئېلىمىزدە كېرە
منىي جىلغىسى دىگەن نام بىلەن ئومۇملاشقان —— مۇھەررىردىن) بۇنداق شىركەتكە بېرىلىدىغان پۇل ئىشقا ئېلىنغان ئادەمنىڭ بىر
يىللىق مائاشىنىڭ 15 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ. يەنى ئەگەر ئىشقا ئېلىنغان ئادەمنىڭ يىللىق مائاشى 100 مىڭ دوللار بولسا، بۇ ئى
ش تېپىپ بېرىش شىركىتىدىكىلەرگە ئىشقا ئالغۇچى شىركەت 15 مىڭ دوللار ئەتراپىدا پۇل بېرىدۇ. ئىش ئىزدىگۈچىگە ھېچ قانداق چى
قىم بولمايدۇ.

ئەركىن سىدىق ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى خىزمەت تېپىپ بېرىدىغان شىركەتنىڭ ياردىمىدە جەمى 3
شىركەتنى ئۆزىگە لايىق تېپىپ، شۇلارغا ئىلتىماس قىلدى. ئارىلىقتىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەركىن سى
دىقنى كۆرۈشۈشكە چاقىردى. ھەر بىر شىركەتتە پۈتۈن بىر كۈن ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۆرۈشۈشتىن كېيىن، بۇ 3 شىركەتنىڭ ھەممىسى ئەرك
ىن سىدىقنى خىزمەتكە ئالىدىغان بولدى. ئەركىن سىدىق «KLA Tencor» دېگەن شىركەتنىڭ مائاشىنى، قىلىدىغان ئىشنى ۋە تۆ
رغۇنلۇقنى ياخشى كۆردى. بۇ يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چوڭ تىپلىق ئۈسكۈنىلەرنى

Unregistered

ياساپ چىقىرىدىغان بىر چوڭ شىركەت بولۇپ، يىللىق سودىسى 4 مىليارد دوللاردىن ئاشاتتى. «WaveSplitter Technolog
y» (http://www.wavesplitter.com) دېگەن شىركەت قۇرۇلغىلى تېخى 2 يىلدەك بولغان، نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلە
رىگە ئىشلىتىلىدىغان ئوپتىكا زاپچاسلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان بىر يېڭى شىركەت بولۇپ، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ ئىنتايىن قىزىقا
رلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شىركەتنىڭ پاي-چېكى تېخى بازارغا سېلىنمىغان بولغاچقا، ئەگەر ئۇ ئوبدان مېڭىپ قالسا، شىركەتتىن
بېرىدىغان پاي-چەك ئارقىلىق قىسقا ۋاقىتتا نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق WaveSplitter د
ېگەن شىركەتنى تاللىدى. ھەمدە 2000-يىلى 3-ئاينىڭ 1-كۈنى بۇ شىركەتكە ئىشقا چۈشتى.

بۇ شىركەت كالىفورنىيىدىكى دۇنياغا داڭلىق بولغان سىلىكون جىلغىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بولۇپ، ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە 40 كىل
ومېتىر كېلىدىغان «Fremont» دېگەن شەھەرگە جايلاشقان ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ بۇ شىركەتتىكى خىزمەت مەنسىپى دەسلەپتە ئ
الىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى بولدى. ئارىلىقتىن بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندە شىركەت ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك نۇرلۇق-تالا ئوپ
تىكا تەخنولوگىيىسىگە مەسئۇل ئىنژېنېرلار باشلىقىغا ئۆستۈردى. بۇنى ئىنگلىزچە «Engineering manager, Advanced fibe
r-optic technology» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ۋاقىتتىچە ئەركىن سىدىقنىڭ مائاشىمۇ شىركەتكە يېڭى كەلگەن ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا 2
5 پىرسەنت ئۆستۈرۈلدى.

بۇ شىركەت ئىشلەپ چىقىرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە ئىنگلىزچە «Interleaver» دەپ ئاتىلىدىغان بىر زاپچاس بار بولۇپ، ئەرك
ن سىدىق بۇ شىركەتكە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ئاشۇ مەھسۇلاتنى تەتقىق ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشتى. بۇ زاپچا
س نۇرلۇق تالادىكى ئۇچۇر كاناللىرىنىڭ سانىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىش (مەسىلەن، 20 كانالنى 40 كانالغا، 40 كانالنى 80 كانالغا ك
ۆپەيتىش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەركىن سىدىق دەسلەپكى 3-4 ئاي ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ زاپچاسنىڭ تېخنىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇ
ق ئىگىلىۋالدى، ئۇنى ئىشلەپ چىقىرىشتا ساقلانغان مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ تېپىپ چىقتى. ھەمدە ئۇنى ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ يېڭى ئۇسۇ
للىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىشلارنى ئەركىن سىدىقتىن بۇرۇن كەلگەن باشقا ئىنژېنېرلار قىلالمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەركىن سىد
ىق بۇ زاپچاسنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى باش مۇتەخەسسىسىگە ئايلاندى. پۈتۈن شىركەت ئەركىن سىدىق تۈزۈپ چىققان قوللانمىنى ئىش
لىتىدىغان، ئەركىن سىدىق ئويلاپ چىققان تېخنىكىلىق ئاتالغۇلارنى قوللىنىدىغان بولدى. بىر قېتىملىق خەلقئارالىق چوڭ تاللاشتا، W
aveSplitter نىڭ بۇ مەھسۇلاتى پۈتۈن دۇنيا بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ ATT شىركىتى، ياپونىيىنى
ڭ NEC شىركىتى، ۋە گېرمانىيىنىڭ Siemens شىركىتى قاتارلىق خەلقئارالىق چوڭ كۆلەملىك شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يوللۇق
خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرىدە WaveSplitter نىڭ ئاشۇ زاپچىسىنى ئىشلىتىدىغان بولدى.

UnRegistered

ئۇزۇن يولluq نۇرلۇق-تالا خەۋەرلىشىشىدە، نۇرلۇق تالادا ھەر خىل ئۇچۇرلارنى ئېلىپ ماڭىدىغان نۇرنى ھەر 100 كىلومېتىر ئارىلىقتا
بىر قېتىم لازېر نۇرى ئارقىلىق كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر بىر لازېر نۇرىنىڭ قۇۋۋىتى بەك يۇقىرى بولمىغاچقا، بىر ئورۇندا بىر قانچە
لازېر نۇرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ لازېر نۇرلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش بولغاچقا، ئۇ
لارنى بىر-بىرىگە قوشۇش ئۈچۈن بىر خىل ئالاھىدە زاپچاس ئىشلىتىلىدۇ. WaveSplitter بىر خىل ئالاھىدە نۇرلۇق تالادىن ياسىلىد
غان مۇشۇ زاپچاسنى ئىشلەپ چىقىرىشنى قارار قىلىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئەركىن سىدىققا بەردى. ئەركىن سىدىق دوكتورلۇق ئۇنۋانى بار ئىن
جېنېرلاردىن 4 كىشى، ۋە باشقا ئىنجېنېر بىلەن تېخنىكلاردىن يەنە 5 كىشىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ، بۇ پروجەكتنى (تەتقىقاتنى) باشلىدى.
بۇ ۋاقىتتا دۇنيادا WaveSplitter بىلەن مۇشۇ زاپچاسنى ئىشلەپ چىقىرىشتا رىقابەتلىشىدىغان شىركەتلەردىن يەنە بىر قانچىسى بار
ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ گۇرۇپپىسى باشقىلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە نۇرغۇن پاتېنتلىرىنى ئوقۇپ، شۇ ئارقىلىق تېخنىكىلىق ئۆتكەللە
ردىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئاشۇ ئارىلىقتا ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ CVI دىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئالېكس ئۈچۈن يول
مېڭىپ، ئۇنىمۇ WaveSplitter كە خىزمەتكە ئالدۇرغان ئىدى. ئەركىن سىدىق ئوپتىكا ئىنژېنېرلىكىنىڭ باشلىقى بولغاندا، ئالېك
س مۇ ئوپتىكىلىق مېخانىكىنىڭ باشلىقى بولدى. ئەركىن سىدىق ھازىر قىلىۋاتقان بۇ پروجەكتنىڭ ھەممە مېخانىكىلىق ئىشلىرىغا ئالېك
س مەسئۇل بولدى. ئالېكسنىڭ ۋە ئەركىن سىدىقنىڭ گۇرۇپپىسىدىكى يەنە بىر دوكتورنىڭ ئۆيلىرى ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە 10 كى
لومېتىر كېلىدىغان يەردە بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئەركىن سىدىقنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئاندىن بۇ 3 كىشى بىر ماشىنىدا ئىشقا
بېرىپ كەلدى. يولدا ماشىنا بەك كۆپ، يول قىستا-قىستاڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ 40 كىلومېتىر يولنى بېسىشقا 40 مىنۇتتىن بىر يېرىم
سائەتكىچە ۋاقىت كېتىدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ۋاقىتتا تېخنىكىلىق مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم مەسىلىلەرنى ئاشۇ ماشىنىنىڭ ئۈستى
دە ھەل قىلدى. ۋاقىت بەك قىس بولغاچقا، بۇ مەھسۇلاتنى تېزراق چىقىرىش ئۈچۈن ئەركىن سىدىق مۇشۇ ئارىلىقتا نۇرغۇن شەنبە-يەك
شەنبە كۈنلىرىنىمۇ شىركەتتە ئۆتكۈزدى. ھەممە بۇ پروجەكتنى باشلاپ بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن بىر شەنبە كۈنى ئەركىن سىدىق يەنە
بىر تېخنىك ئايال بىلەن بىرلىكتە تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچى دۇنيادىكى باشقا بارلىق شىركەتلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان مەھسۇلاتتىن بى
رنى ياساپ چىقتى. ئاشۇ پەيتتە ئەركىن سىدىق خۇشاللىق ۋە ھاياجانلىقتا چۆمۈپ سەكرەپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئىككى ئا
ي ۋاقىت ئىچىدە بۇ شىركەت ھېلىقى مەھسۇلاتنى كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىشقا تەييار بولغاندا، خەلقئارالىق نۇرلۇق-تالا خەۋەرلىشىش
سانائىتىدە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، بۇ خىل مەھسۇلاتقا بولغان ئېھتىياج بىراقلا يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن WaveSplitter بۇ مەھسۇ
لاتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىر مىليون دوللاردىن ئارتۇق پۇل خەجلىگەن بولسىمۇ، ئاخىرى بۇ مەھسۇلاتتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولد
ى.

بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە ئوپتىكىلىق خەۋەرلىشىش ساھەسىدە نۇر دولقۇنى ئۆتكۈزگۈچ ئاساسىدا ياسىلىدىغان ھەر خىل ئوپتىكا زاپچاسلىرى
كىشىلەرنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. بۇ خىل زاپچاسلار ئىنگلىزچە «Planar Lightwave Circuits (PLC)» دەپ ئاتىلىدۇ. نۇرلۇ
ق تالانىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى نۇر ماڭىدىغان قىسمىنىڭ توملۇقى 9 مىكرومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ پوستى 125 مىكرومېتىر كېلىدۇ (ئىن

Unregistered

سانلارنىڭ چېچىنىڭ توملۇقى 17 مىكرومېتىردىن 180 مىكرومېتىرغىچە كېلىدۇ). PLC نۇر يوللىنىڭ كەڭلىكى بولسا ئاران 4 مىكرومېتى
رلا كېلىدىغان بولۇپ، بىر پىرىم ئۆتكۈزگۈچ تاختىينىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن ئوپتىكىلىق زاپچاسلارنى ياسىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن Wa
veSplitter مۇ ئاشۇ ساھەگە كىرىشنى قارار قىلىپ، 6 دوكتوردىن بىر ئوپتىكىلىق لايىھىلەش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەر
كىن سىدىقنى مەسئۇل قىلدى. ئەركىن سىدىق بۇ بىر يېڭى ساھەگىمۇ ئىنتايىن تېزلا كىرىشىپ، 2-3 ئايدىن كېيىنلا يېڭى زاپچاسلارنى
لاھىيىلەپ چىقتى. شىركەت 10 مىليون دوللارلىق PLC ياساش ئۈسكۈنىلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، ياپونىيىنىڭ نەك شىركىتى بىلەن بىرلىك
تە بۇ خىل زاپچاسلارنى ئىشلەپ چىقارماقچى بولدى. بۇ جەرياندا ئەركىن سىدىق پۈتۈن شىركەتنىڭ ئوپتىكا تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئ
ەڭ نوپۇزلۇق خادىملىق رولىنى ئوينىدى. ئوپتىكا زاپچاسلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپلا قالماي، شىركەت ئۈچۈن يېڭ
ى تېخنولوگىيەلەرنى باھالاپ بېرىش، ۋە شىركەتنىڭ پاتېنت ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاپ بېرىش ئىشلىرىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلىد
ى. ئۇ 2001- ۋە 2002- يىللىرى ياپونىيىنىڭ Hitachi، NEC، ۋە Fujitsu شىركەتلىرىگە كۆپ قېتىم بېرىپ، WaveSplitter
كە ۋاكالىتەن تېخنىكىلىق سۆھبەتلەشكۈچى رولىنى ئوينىدى. گېرمانىيىنىڭ Siemens شىركىتىگىمۇ بىر قېتىم باردى. ئەركىن سىدىق يا
پونغا بارغاندا، ئۇنىڭ ياپون تىلىنى بىلگىنى شىركەت ئۈچۈن كۆپ پايدا قىلدى. ئۇ ياپونىيىدىكى شىركەتلەردە ئىلمىي دوكلات بەرگە
ندە، ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ياپونلۇقلار ئىنتايىن ھەيران قالدى. يەنى، ئەركىن سىدىق PLC زاپچاسلىر
ىنىڭ زاۋۇتتا ئىشلەپ چىقىرىشتىن باشقا لايىھىلەشتىن ئەڭ ئاخىرقى ئۆلچەپ سىناق قىلىشقىچە بولغان بارلىق جەريانلىرىنى ئۆزى بىۋاس
تە قىلالايتتى. بىر قېتىم ئۇ Fujitsu شىركىتى بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، ئۇ شىركەتنىڭ بىر باشلىقى ئۇنى ئايرىم چاقىرىپ، «بىزنىڭ
شىركەتكە يۆتكىلىپ كېلىشنى خالامسەن؟» دەپ سورىغان ئىدى. PLC تېخنىكىسى جەھەتتە WaveSplitter نىڭ ئەڭ چوڭ رىقابە
تچىسى ياپونىنىڭ NEL شىركىتى بولۇپ، ئوپتىكىلىق زاپچاسلارنى لايىھىلەش جەھەتتە ئەركىن سىدىق يالغۇز بىر ئادەم NEL نىڭ بىر
گۇرۇپپا ئادەملىرى بىلەن رىقابەتلىشەتتى. NEL بىر ئالاھىدە شىركەت بولۇپ، ئۇلار كونكرېت مەھسۇلاتنى ئانچە كۆپ ئىشلەپ چىقا
رمايدۇ. ئۇلارنىڭ 500 نەپەردەك ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېرلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى يېڭى تېخنىكا بايقاپ ياكى
كەشپ قىلىپ، ئۇلارنى پاتېنت قىلدۇرۇپ، ئاندىن باشقا شىركەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ پاتېنتلىرىنى سېتىش ئارقىلىق پۇل تېپىشتىن ئىبارە
ت.

ئالېكسىتىن باشقا، ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ ئادىل ئاتاۋۇللا بىلەن پولات ئۆمەر قاتارلىق ۋەتەنداشلىرىنىمۇ ئىشقا ئالدۇرغان بولۇپ، ب
ىر مەزگىل WaveSplitter ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتكە ئايلانغان ئىدى. ئەركىن سىدىق ئۇلار
دىن باشقىلارنىمۇ ئىشقا ئالالايدىغان بولسىمۇ، سان فرانسىسكو رايونىدا تەبىئىي يەندە ئوقۇغان باشقا ئۇيغۇرلار قالمىغان ئىدى.

2002-يىلىنىڭ ئاخىرى دۇنيا نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىش سانائىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. يېڭى تېخنىكىغا چۈشىدىغان ئېھتىياج تۇغ

UnRegistered

سىدىكى بۇرۇنقى مۆلچەرلەرنىڭ ھەممىسى خاتا بولۇپ چىقىپ، ئەسلىدە ئىشلەپ چىقارماقچى بولغان يېڭى تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر
نى زور دەرىجىدە قىسقارتىشقا توغرا كەلدى. WaveSplitter 2001-يىلى 11-ئايدىكى بىر شەنبە كۈنىلا ئىنگلىزچە «Open Ho
use» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ، بىر كۈندىلا 30 كىشىنى خىزمەتكە ئالغان بولسا، 2002-يىلى 3-ئايغا كەلگەند
ە شىركەتتىن بىر كۈندىلا بىراقلا 100 دەك كىشىنى قىسقارتتى. بۇ چاغدا ئالېكسىنىڭ بۇ شىركەتكە كەلگىنىگە ئاران 6 ئايدەك ۋاقىت بول
غان بولۇپ، ئۇنىمۇ شۇ قاتاردا ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. ھەممە كىشىلەر ئۆزلىرىنى خۇددى دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان بىر پاراخوتنىڭ ئۈستى
دە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ، بىر تەرەپتىن باشقا ئىش ئىزدەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشتىن چىقىرىلىش نۆۋىتىنىڭ ئۆزىگە قاچان كېلىدىغ
انلىقىدىن ئەنسىرەپ يۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن شىركەتتە يەنە بىر قانچە قېتىم ئادەم قىسقارتىش بولدى. بۇ قېتىمقى نۇرلۇق تالا خەۋەر
لىشىش سانائىتىنىڭ ئارقىغا چېكىنىش دولقۇنى دۇنيا مىقياسىدىكى بىر ھادىسە بولغاچقا، ئوپتىكا ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلار ئۈچۈن ي
ېڭى ئىش تېپىشمۇ بىراقلا تەس بولۇپ كەتتى. 2002-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، WaveSplitter دىكى 10 نەچچە ئوپتىكا ئىنژې
نېرلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشتىن بوشىتىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرلىرىدىن يالغۇز ئەركىن سىدىقلا قالدى. شىركەت ئۆزىنى
ڭ ئىنژېنېرلىك ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تەيۋەنگە يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئۈسكۈنىلىرىنى ئەرزان پۇلغا سېتىۋەتتى. شۇ چاغدا جۇڭگ
ونىڭ بىر شىركىتى WaveSplitter نىڭ بىر مىليون دوللارلىق ئۈسكۈنىلىرىنى 200 مىڭ دوللارغا سېتىۋالغان ئىدى. 2003-يىلى 3-
ئايغا كەلگەندە، WaveSplitter ئەركىن سىدىقتىن تەيۋەنگە يۆتكىلىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى، ئەگەر تەيۋەنگە بېرى
شقا قوشۇلسا، ئۇنىڭغا شىركەتنىڭ بىر پىرسەنتىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەركىن سىدىق «تەيۋەنگە بېرىشتىن كۆرە، يۇرتۇمغا قايتقىنى
م تۈزۈك» دەپ ئويلاپ، بۇ ئىشنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر دۈشەنبە كۈنى شىركەتنىڭ باشلىقى كېلىپ، «ئەركىن، مۇشۇ ھەپتە سې
نىڭ WaveSplitter دىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەپتەڭ بولىدۇ. خەۋەر تېپىپ قال» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئەركىن سىدىقنىڭ ئىشلىگىلى
3 يىلدىن ئاشقان بۇ خىزمىتى ئاخىرلاشتى. بۇ 3 يىل ئەركىن سىدىق ئۈچۈن «ئامېرىكىنىڭ ئامېرىكىسى» دەپ ئاتىلىدىغان سىلىكون
جىلغىسىدىكى بىر ئەڭ قاينام-تاشقىنلىققا تولغان بىر يۇقىرى تېخنىكا شىركىتىدە ئەڭ قىزىقارلىق، ئەڭ ھاياجانلىنارلىق ۋە ئەڭ پەخىرلە
نەرلىك ھاياتىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن 3 يىل بولدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئەركىن سىدىقنى خىزمەتكە ئالغان KLA-Tencor دېگەن شىركەت ھېلىھەم مەۋجۇد بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىلىكى ھازىرم
ۇ ناھايىتى ياخشى مېڭىۋاتىدۇ. ئەركىن سىدىقنى ئىشقا ئالغان 3-شىركەتنى 2002-يىلى باشقا بىر چوڭ شىركەت سېتىۋالغان بولۇپ، ئ
ۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئەركىن سىدىققا ئېنىق ئەمەس. ئاشۇ قېتىم نۇرلۇق تالا سانائىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى سەۋەبىدىن كالىفورنىيىگە
بولغان زىيان بىر تىرىليون دوللاردىن ئاشىدۇ. WaveSplitter مۇ ئۆزى مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان 5 يىل ۋاقىت ئىچىدە باشقىلار مەبلەغ
سالغان 125 مىليون دوللاردىن ئارتۇق پۇلنى خەجلەپ تۈگەتتى.

### (4) مىكرو-ئېقىم سىستېمىسى شىركىتى («MicroFluidic Systems Inc, MFSI»)

WaveSplitter دىكى خىزمىتى توختاپ قالغاندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق يەنە يېڭى خىزمەت ئىزدەشنى باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇيېتە
كا ئېنژېنېرلىرى ئۈچۈن خىزمەت تېپىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، WaveSplitter شىركىتى 2 يىلنىڭ ئالدىدا ئىشتىن بوشاتقان ئامېرى
كىلىق ئېنژېنېرلاردىن تېخىچە خىزمەت ئىزدەپ يۈرگەنلەرمۇ بار ئىدى. بەزى خەنزۇ ئېنژېنېرلار جۇڭگوغا قايتىپ كەتكەن ئىدى. ئەرك
ىن سىدىق WaveSplitter دىكى ئىشدىن بوشاپ 3 ھەپتىدىن كېيىن، ئۇيىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان «Pleasanton» دېگەن
شەھەردىكى «مىكرو-ئېقىم سىستېمىسى شىركىتى» (MFSI، http:// www.mfsi.biz) دەپ ئاتىلىدىغان بىر شىركەتتىن خىزمەت تاپت
ى. بۇ شىركەتتە دوكتورلۇق ئۇنۋانى بارلاردىن 3 كىشى بار بولۇپ، بىرسىنىڭ كەسپى بىئولوگىيە، بىرسىنىڭ خىمىيە، يەنە بىرسىنىڭ مېخا
نىكا ئىدى. بىئولوگىيە كەسپىدىكى كىشى ئامېرىكىدا خېلى داڭلىق بولۇپ، شۇ چاغدا ئۇ ئامېرىكا مىكرو-ئېقىم ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ب
اشلىقى ئىدى. ئۇلاردىن باشقا ماگىستىرلىق ھەم باكلاۋېر ئۇنۋانى بارلاردىن يەنە 4 كىشى بار بولۇپ، ئەركىن سىدىق بۇ شىركەتكە 8-
خادىم بولۇپ كىردى.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ شىركەت ئامېرىكىنىڭ فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى (ئىنگلىزچە «Federal Bureau of Investigation,
FBI») دىن بىر يېرىم مىليون دوللار پۇلغا ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ پۇل ئارقىلىق ھاۋادىكى خىمىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك قورال لار
نى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۈسكۈنىسىدىن بىرنى لايىھەلەپ ياساپ چىقماقچى ئىكەن. ئەسلىدىكى پىلان بويىچە بۇ ئۈسكۈنىنى ئىراق ئۇر
ۇشىدىن بۇرۇن پۈتتۈرۈپ، ئەگەر ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالسا، ئۇنى ئىراق ئۇرۇشىغا ئاپىرىپ ئىشلىتىش ئىكەن. بۇنداق ئۈسكۈن
ە ئالدى بىلەن ھاۋادىكى ھەر خىل زەررىچىلەرنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى DNA لارنى ئايرىپ چىقىپ، بىر خىل خىمىيىلىك رېئا
كسىيە ئارقىلىق بۇ DNA نى كۆچەيتىپ، بۇ كۆچەيتىلگەن DNA غا ئوخشىمىغان رەڭدىكى نۇرنى چۈشۈرۈپ، مۇشۇ نۇرنىڭ قوزغىتىش
ى بىلەن DNA دىن چىقىدىغان باشقا يېڭى رەڭدىكى نۇرنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن بۇ DNA نىڭ قانداق DNA ئىكەنلىكىنى ئ
ېنىقلاپ چىقىدىكەن. ئەركىن سىدىقنىڭ ۋەزىپىسى بۇ ئۈسكۈنىنىڭ ئوپتىكىلىق قىسمىنى لايىھەلەپ ياساپ چىقىش ئىدى. ئەركىن سىدىق
ئۈچۈن بۇ بىر يېڭى ئىش بولۇپ، ئۇ بۇنىڭغا ئىنتايىن قىزىقتى. لېكىن، بۇ شىركەتتە ئوپتىكىنى بىلىدىغانلاردىن ئەركىن سىدىقتىن باشقا
ھېچ كىم بولمىغاچقا، شىركەتتىكى ھايات بىر ئاز زېرىكىشلىك بولدى. ئەركىن سىدىق بۇ شىركەتتە 2003-يىلى 4-ئايدا ئىش باشلاپ،
8-ئايغا بارغاندا ئوپتىكىلىق ئاپپاراتتىن بىرنى ياساپ چىقتى. پەقەت ئوپتىكىلىق ئانالىزنىلا قىلىدىغان مەخسۇس ئاپپاراتلارمۇ بار بو
لۇپ، ئۇلارنىڭ ھەجمى چوڭ ۋە باشقا ئىقتىدارلىرى مۇۋاپىق بولمىغاچقا ئۇلارنى بۇ ئۈسكۈنىگە بىۋاستە ئىشلەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا ب
ۇ شىركەت ئوپتىكىلىق ئاپپاراتنى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ياساپ چىقىشنى قارار قىلغان ئىدى. ئەركىن سىدىق ئاپپاراتنى پۈتتۈرگەندىن ك
ېيىن، ئۇنى تەجرىبە ئارقىلىق سىناق قىلىپ، چىققان نەتىجىلەرنى باشقا ئاپپاراتتا ئېلىپ بارغان سىناق نەتىجىسى بىلەن سېلىشتۇردى.

Unregistered

نەتىجىدە ئەركىن سىدىق ياسىغان ئاپپاراتنىڭ نەتىجىسى باشقا ئاپپاراتنىڭكىدىنمۇ ياخشىراق چىقىپ، شىركەت باشلىقلىرى ئەركىن سىد
ىقتىن ئىنتايىن رازى بولدى. لېكىن، بۇ ئۈسكۈنىنىڭ مىكرو-ئېقىم مېخانىكىلىق قىسمىدا چوڭ مەسىلە بار بولۇپ، شىركەت ئۇنى زادىلا
ھەل قىلالمىدى. ئۆزلىرى لايىھىلەپ، 600 مىڭ دوللار پۇل بىلەن باشقا بىر شىركەتكە ياساتقان مىكرومېتىر چوڭلۇقتىكى سۈيۈقلۇق تۇرۇبى
سى بار بىر ئەينەك قۇرۇلما مۇۋاپىق ئىشلىمىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئۈسكۈنىنى FBI غا تاپشۇرۇش ۋاقتى 12-ئاي بولغاچقا، ۋاقتىن
ىڭ قىستىشى بىلەن ئۇلار بۇ ئۈسكۈنىدىن بىرنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. مۇشۇ پەيتكە كەلگەندە، ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ بۇ شىركەتتە ئۇز
ۇن تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شىركەت باشلىقى بىر ئاق تەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋ
ىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. ئۇ كىشى ئامېرىكىنىڭ مەملىكەتلىك ئىلىم-پەن فوندى جەمئىيىتى (ئىنگلىزچە «National Science
Foundation, NSF») نىڭ بىئولوگىيىگە ئاجرىتىلغان پۇلىنى تەقسىم قىلىشقا بىۋاستە قاتنىشىدىغان كىشى بولغاچقا، ھەر يىلى ئۆز
شىركىتىگە پۇل ھەل قىلىشتا ئاساسەن مەسىلە يوق ئىكەن. شۇڭا بۇ MFSI دېگەن شىركەت ھازىرغىچە مەۋجۇد بولۇپ، ئۆتكەن يىلى
(يەنى 2006-يىلى) تېخى بىر چوڭراق بىناغا كۆچۈپتۇ. لېكىن، ئۆز ئۆمرىنى ھەقىقىي تۆردە ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشنى ئىستەيدىغان بى
ر ئادەم ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى ياساپ چىققان مەھسۇلاتى نورمال ئىشلىمەيدىغان بىر شىركەتتە ئۆتكۈزۈش بىر خىل ئىسراپچىلىق ئىدى.
شۇڭا ئەركىن سىدىق يەنە دەرھال خىزمەت ئىزدەشكە باشلىدى. كىچىك شىركەتلەردىن بىر قانچىسىدە ئىشلەپ تويغان ئەركىن سىدىق
بۇ قېتىم بىر قانچە چوڭ شىركەتلەردىن خىزمەت ئىزدەپ بېقىشنى قارار قىلدى. ھەممىدە شۇ چوڭ شىركەتلەرنىڭ قاتارىدا JPL نىڭ تور بې
تىگىمۇ كىرىپ، ئۇلار ئېلان قىلغان ئادەم ئېلىش ئۇقتۇرۇشلىرىغىمۇ تەپسىلىي قاراپ چىقتى. ھەممىدە ئۆزىنىڭ شەرتى تولۇق توشىدىغان
خىزمەتلەردىن بىر قانچىنى بايقىدى. ئەركىن سىدىق ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىلتىماسىنى JPL گە ماڭدۇرۇپ، ئارىلىقتى
ن 2 ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، JPL ئۇنى خىزمەتكە ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرتتى. ئەركىن سىدىق جەنۇبىي كالىف
ورنىيىدىكى JPL غا بېرىپ، بىر كۈن ئىلمىي دوكلات بېرىش ۋە كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇنىڭ بىلەن 5 گۇرۇ
پپا باشلىقى ۋە بىر چوڭ باشقارما (JPL نىڭ مەمۇرىي قۇرۇلمىسى ئىنگلىزچە «Directorate, Section, Group» دېگەنلەرگە ب
ۆلۈنىدىغان بولۇپ، بۇ يەردىكى باشقارما دېگەن سۆز «Section» گە قارىتىلدى) باشلىقى بىلەن بىر سائەتتىن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈ
شتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرسى ئەركىن سىدىق تەييارلاپ ماڭدۇرۇپ بەرگەن خىزمەت تارىخى (ئىنگلىزچە «Resume») بويىچە ئەركىن
سىدىقتىن كومپيۇتېر ئارقىلىق ئوپتىكىلىق زاپچاس لايىھىلەش، ئوپتىكىلىق سىستېما ئىقتىدارىنى ئېنىقلاپ چىقىش، ئوپتىكىلىق سىستېما ۋ
ە ئاپپارات لايىھىلەش، ئۇلارنى تەجرىبىخانىدا ئىشلىتىش، ياساپ چىقىش ۋە سىناق قىلىش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا نۇرغۇن كەسپىي
سوئاللارنى سورىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەركىن سىدىقتا «سېنىڭ ھازىرغىچە قىلغان ئىشلىرىڭ بەك كەڭ دائىرىلىك ۋە تەسىرلىك ئىكە
ن» دېدى. بۇ كۆرۈشۈش ئاخىرلىشىپ، ئارىلىقتىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، JPL دىن ئەركىن سىدىقتا خىزمەتكە ئېلىنغانلىق ئۇق
تۇرۇشى كەلدى. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشتىن سۆز بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە خۇشال بولدى. 2003-يىلى 12-ئاينىڭ
15-كۈنى ئۇ MFSI غا خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىش خېتىنى تاپشۇرۇپ، 2004-يىلى 1-ئايدىن باشلاپ JPL دا خىزمەتكە چۈشتى.

UnRegistered

### (5) يېڭى شىركەت قۇرۇش

ئەركىن سىدىق 30 ياشقا كىرگەندە ئامېرىكىغا كېلىپ، 37 ياشقا كىرگەندە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشت
ى. رەسمىي خىزمەتنى 38 ياشتىن ئاشقاندا ئاندىن باشلىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئۆمرىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاق
تى 25 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان ۋاقىت بولۇپ، ئەركىن سىدىق ئۈنىڭغا سەل كېچىككەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزى بىر يۇقىرى تېخنىكىلىق
شىركەت قۇرۇپ بېقىشنى ئىزچىل تۈردە ئارزۇ قىلىپ كەلدى.

1996-يىلى يازدا، ئۆزىنىڭ پوست-دوكتورلۇق ئۇستازى Rick Trebino نىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئەركىن سىدىق يېشى 50 تىن ئ
اشقان، سىلىكون جىلغىسىدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەپ، ئۆز ئالدىغا بىر قانچە شىركەت قۇرۇپ باققان كىشىلەردىن ئىككىسى بىلەن تونۇ
شتى. ھەممە بۇ 3 كىشى بىلەن بىرلىشىپ، شۇ يىلى 7-ئايدا بىر يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەت قۇردى. شىركەتنىڭ ئىسمىنى Rick Treb
ino «Telelase» دەپ قويۇپ بەردى. شىركەتنىڭ پىلانى، خەۋەرلىشىش نۇرىنى نۇرلۇق تالادا ماگدۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ھاۋا بوش
لۇقى ئارقىلىق ماگدۇرۇپ، بىر بىنا بىلەن يەنە بىر بىنانى يۇقىرى سۈرئەتلىك خەۋەرلىشىش لىنىيىسى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئوپتىكىل
ق خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىسى لايىھىلەپ چىقىپ، ئاندىن خۇسۇسىي مەبلەغچىلەرنى جەلپ قىلىش ئارقىلىق شىركەتكە مەبلەغ توپلاش،
ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق مەھسۇلاتنى كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كىشى شىركەتنىڭ رەئىسى، يەنە بىر ك
ىشى سودىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ئەركىن سىدىق تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. ئەركىن سىدىق شىركەتتىك
ى بىردىن-بىر تېخنىكىلىق خادىم بولغاچقا، ئاخشىمى، شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى، ۋە بايرام كۈنلىرىمۇ دەم ئالماي، ئاشۇ شىركەتنىڭ
مەھسۇلاتنى لايىھىلەپ چىقىش بىلەن شۇغۇللاندى. CVI غا ئىشقا كىرىپ، باشتا 4 نەپەر ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن بىر ياتاقتا تۇرۇۋاتقان
ۋاقىتلاردىمۇ، ئاخشىمى قالغانلارنىڭ ھەممىسى ياتاقتا تېلېۋىزور كۆرسە، ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە سولىنىۋېلىپ، كارىۋا
ت ئۈستىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. مۇشۇنداق ئىشلەش ئارقىلىق ئوپتىكىلىق سىستېمىدىن بىرنى لايىھىلەپ چىقىپ، ئۇنىڭغا دەسل
ەپكى پاتېنت ئېلىش ئۈچۈن ئۆز لايىھىسىنى بىر پاتېنت ئورگىنىغا يوللىدى. شىركەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئەركىن سىدىق SMNP بىلە
ن «Windows Programming» قاتارلىق بەزى يۇمشاق دېتاللارنىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ چىقتى. 1997-يىلى يازدا بۇ 3 كىش
ى بىر تەپسىلىي «ئىگىلىك پىلانى» نى تۈزۈپ، ئۇنىڭغا سىستېما لايىھىسىنى قوشۇپ، سىلىكون جىلغىسى ئەتراپىدىكى بىر قىسىم خۇسۇس
ي مەبلەغچىلەر ۋە بەزى چوڭ شىركەتلەرنىڭ ئالدىغا مەبلەغ سوراپ بېرىشقا باشلىدى. دەل ئاشۇ چاغدا، ئامېرىكىنىڭ غايەت زور خەل
قئارالىق شىركىتىنىڭ بىرسى بولغان «Lucent Technology» شىركىتى ۋاشىنگتون شتاتىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان، Telelase نىڭكى
بىلەن ئوخشاش ئۈسكۈنىنى چىقارماقچى بولغان «Terabeam» ئىسىملىك بىر شىركەتكە 500 مىليون دوللار پۇلنى مەبلەغ سېلىۋەتت
ى. ئۇنىڭدىن كېيىن Telelase نىڭ يولى پۈتۈنلەي ئېتىلىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ Telelase نىڭ رەئىسى بىلەن ئەركىن سىدد

Unregistered

ق ئۆز شىركىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەي، ئۇنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شىركەتنىڭ رەئىسى بۇ شىركەت ئۈچۈن پۈتۈن كۈن ئىشلە
ەپ، باشقىلار ياساپ چىقارغان خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىسىنى سېتىش بىلەن ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرالىغۇدەك پۇل تېپىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن
، ئەركىن سىدىق 2004-يىلى جەنۇبىي كالىفورنىيىگە يۆتكىلىپ كېلىدىغاندا بۇ شىركەتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى. بۇ شىركەت
هازىرمۇ مەۋجۇد بولۇپ، ئەركىن سىدىق هازىرمۇ ئاشۇ شىركەتنىڭ ئاساسلىق پاي-چەك ئىگىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ.

2001-يىلى 3-ئايدا، ئەركىن سىدىق «WaveSplitter» دېگەن شىركەتتە ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، جەنۇبىي كالىفورنىيىدىكى 5 ك
ۈنلۈك بىر خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشتى. شۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن ئوپتىكا شىركەتلىرىنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى تەشۋ
ىق قىلىش ئۈچۈن هازىرلىغان بىر چوڭ كۆلەملىك ئوپتىكا كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا، «زەينەپ هاكىم ئوغلى» ئە
سىملىك بىر تۈرك ئايال بىلەن تونۇشۇپ قالدى. بۇ ئايال ئەسلىدە كانادادىكى «ئۆمەر» ئىسىملىك بىر تۈرك ئادەم قۇرغان «ئۆز ئوپتە
كس» (ئىنگلىزچە «Oz Optics») دېگەن شىركەتنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ئەركىن سى
دىق بىلەن بىر سائەتتەك پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ شىركىتىگە كېلىپ ئىشلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەركىن سىدىق ئ
ۇ چاغدا خىزمەت ئالماشتۇرۇشنى قىلچىمۇ ئويلاشمىغان بولغاچقا، بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. شۇ يىلى يازدا، زەينەپ خانىم ئەركىن سىدى
قنى يەنە قايتا ئىزدىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئەركىن سىدىقنى ئۆز ئوپتىكىگە ئىشلەپ بېرىشكە ئەمەس، بىرلىكتە ئۆز ئالدىغا بىر ئايرىم شىر
كەت قۇرۇشقا ئىزدىگەن ئىدى. ئۇزۇن يوللۇق نۇرلۇق تالا خەۋەرلىشىشىدە، ئوپتىكىلىق سىگنال 500 كىلومېتىردەك ئارىلىقتا نۇرلۇق تا
لا ئارقىلىق ماڭغاندا، سىگنال سۇپىتىدە بۇزۇلۇش بولىدۇ. زەينەپنىڭ شىركەت قۇرۇپ ئىشلەپ چىقارماقچى بولغىنى مانا مۇشۇنداق بۇز
ۇلغان سىگنالنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانغا ئىشلىتىدىغان ئوپتىكىلىق ئاپپارات ياساپ چىقىش ئىدى. زەينەپنىڭ كەسپى ئالاھىدىلىك
ى ئىگىلىك باشقۇرۇش بولۇپ، ياسىماقچى بولغان ئاپپاراتنىڭ بارلىق ئوپتىكا تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا ئەركىن سىدىقنى مەسئۇل قىلماقچ
ى ئىدى. ئەركىن سىدىق بۇ شىركەت ئۈچۈن هازىرقى خىزمىتىنى ساقلاپ قالغان هالدا قوشۇمچە ئىشلەپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. بۇ ئە
ككىسىدىن باشقا زەينەپ خانىم يەنە يۇمشاق دېتال قىلىدىغان ئادەمدىن بىرنى ۋە ئېلېكتىر ئېنژېنېرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاد
ەمدىنمۇ بىرنى تاپقان ئىدى. بۇ 4 كىشى بىرلىكتە بىر «ئىگىلىك پىلانى» تۈزۈپ چىقتى. ئەركىن سىدىق بىر قانچە ئاي ۋاقىت سەرپ قە
لسا، بۇ خىل ئاپپاراتنى لايىھىلەپ چىقالايتتى. لېكىن، زەينەپ بەك ئالدىراپ كېتىپ، ئوپتىكىلىق لايىھەنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا، «ئىگىلى
ك پىلانى» غا «بىزدە بۇ خىل ئاپپاراتنى ئىشلەپ چىقىرىشتا باشقا هېچ كىمدە يوق تېخنىكا بار» دېگەندەك سۆزلەرنى كىرگۈزدى. ئەرك
ىن سىدىق بۇ ئىشنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل ئىگىلىك پىلانى بىلەن پۇل مەبل
ەغ سالغۇچىلارنى قايىل قىلىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، زەينەپنىڭ چىڭ تۇرىۋېلىشى بىلەن بۇ 4 كىشى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلى
ك پىلانىنى كۆتۈرۈپ، 4-5 مەبلەغ سالغۇچى شەخسلەر ۋە چوڭ شىركەتلەر بىلەن كۆرۈشتى. ئەركىن سىدىق يالغان گەپ قىلالمايدىغ
ان بولغاچقا، مەبلەغ سالغۇچىلارغا بېرىلىدىغان دوكلاتنىڭ تېخنىكىلىق قىسمىنى ئۆزى بېرىشكە قوشۇلمىدى. دەل ئەركىن سىدىق پەرەز

Unregistered

قىلغانىدەك، مەبلەغ سالغۇچىلار بۇ 4 كىشىنى بىر دەمدىلا سوئالدا تۇتتۇالدى. ھەممە ئۇلارنى «بىزنى قايىل قىلغۇدەك نەرسىنى تەييارلە
غاندىن كېيىن قايتا كېلىڭلار»، دەپ يولغا سالدى. بۇ ۋاقىتلار 2001-يىلىنىڭ ئاخىرىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە تۇ
رلۇق-تالا خەۋەرلىشىش سانائىتىدە تووەنگە چۈشۈشكە قاراپ مېڭىش باشلانغان بولۇپ، ھېچ كىم بۇ سانائەتكە مەبلەغ سالمايدىغان
بولۇپ قالدى (زەينەپ خانىمنىڭ تېزراق پۇل ئېلىۋېلىشقا ئالدىرىشىدىكى بىر سەۋەب مۇشۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ساقل
ىنىش ئىدى). شۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەتنىڭ ئىشى توختاپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زەينەپ خانىم ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، سىلد
كون جىلغىسىدىكى باشقا بىر ئوپتىكا شىركىتىگە يۆتكەلدى. لېكىن، ئۆز ئوپتىكس شىركىتىنىڭ باشلىقى ئۆمەر كېيىن بۇ ئىشنى بىلىپ قې
لىپ، زەينەپنىڭ ئۇستىدىن «بىزنىڭ شىركەتنىڭ تېخنىكىسىنى ئوغرىلىغان» دېگەن باھانە بىلەن ئەرز قىلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ چ
اغدا ئۆز ئوپتىكس شىركىتىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئۇنداق ئاپپارات ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا ھېچ قانداق تېخنىكىسى يوق ئىدى. مۇشۇ
قانۇنىي جېدەل جەريانىدا، زەينەپ خانىم ئەركىن سىدىقنى 2 قېتىم سان فرانسىسكو شەھرىگە ئىسپاتلىلىققا چاقىرتتى. ئەركىن سىدىق
WaveSplitter شىركىتىنىڭ ئادۋۇكاتىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، ئىككى كۈن ۋاقتىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سەرپ قىلدى. زەينەپ خانىم ب
ىلەن ئۆمەر ئەپەندىمنىڭ بۇ جېدىلى ئەڭ ئاخىرى قانداق بولغىنى ئەركىن سىدىققا ئېنىق ئەمەس. ئىشقىلىپ ئەركىن سىدىق بۇ ئىشت
ا ھېچ پايدا كۆرمەي، بىر قىسىم «يېڭى ئىشلار» نى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

2000-يىلى 3-ئايدا ئەركىن سىدىق يېڭى خىزمەت ئىزدىگەندە، «KLA-Tencor» دېگەن شىركەتتىن ئۇنى ئىشقا ئالغىنى شىرك
ەتنىڭ بارلىق تەتقىقات ۋە تەرەققىيات ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى «Mehrdad Nikoonahad» ئ
ىدى. بۇ كىشى ئەسلى ئىرانلىق بولۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئەنگىلىيىنىڭ ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېلىپ، كېيىن ئامېرىكىغا كېلىپ
ئولتۇراقلاشقان ئىدى. يېشى ئەركىن سىدىقنىڭكى بىلەن باراۋەر كېلەتتى. ئەركىن سىدىقنى خىزمەتكە ئېلىش ئۈچۈن يۈز كۆرۈشكەندە،
ئۇ ھەر خىل تېخنىكىلىق سوئاللارنى سوراپ، ئەركىن سىدىقنىڭ جاۋابىدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالغان ئە
ىدى. كېيىن ئەركىن سىدىق ئۇ بەرگەن خىزمەتنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا ئەركىن سىدىق بىلەن دوست بولۇ
پ قالغان ئىدى. ئەركىن سىدىق ئۇنىڭدىن كېيىن تېخى مېھرداد بىلەن ئائىلىسىنى بىر قېتىم ئۆز ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرغان ئىد
ى. 2002-يىلى يازدا، مېھرداد ئەركىن سىدىقنى ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ بىر شىركەت قۇرۇش پىلانىنى، ھەممە ئەركىن سىدىقنىڭ ئاشۇ يېڭى
شىركەت قۇرۇش ئىشىغا قاتنىشىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ئۆزىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مېھرداد ئۆز ئالدىغا ئايرىم شىركەت قۇرۇش
ئۈچۈن بۇرۇنقى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپتۇ. ئۇنىڭ KLA دا ئىشلەش جەريانىدا ئالغان 50 دىن ئارتۇق پاتېنتى بار بولۇپ، ئۇ ئاللا
ىقاچان مىليونېر بولۇپ بولغان ئىدى. لېكىن ئۇ پۇلغا بەك چىڭ بولۇپ، 1-قېتىم ئەركىن سىدىقنى يېڭى شىركەت قۇرۇش ئىشى بىلەن
چاقىرتىپ، چۈشلۈك تاماقنى بىرگە يېگەندە، ئەركىن سىدىقنىڭ تاماق پۇلىنى ئۆزىگە تۆلەتكۈزگەن ئىدى (بۇنداق ئىش ئامېرىكىدا بە

ك ئاز ئۇچرايدۇ). مېھرادنىڭ كەسپى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ساھەسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرلۇق-تالا خەۋەرلىشىش تېخنىكىلىرىدىن ئانچە خ
ەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ چاغدا WaveSplitter دېگەن شىركەتمۇ تووەنگە چۈشۈشكە يۈزلەنگەن بولغاچقا، مېھرادنىڭ نوپۇزىغا ئىشە
نچ قىلىپ، ئەركىن سىدىق ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خىزمىتىنىڭ سىرتىدا ئىشلەپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. مېھراد ئەركىن سىدىقنى شىركەتنىڭ
تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى قىلدى. ھەمدە قۇرغان شىركەتكە «MN Technology» دەپ ئىسىم قويدى (بۇ يەردىكى M
N مېھرادنىڭ ئىسىم فامىلىسىنىڭ باش ھەرىپلىرىدىن ئىبارەت). ئەركىن سىدىق ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ يېڭى شىركەت ئىشلە
پ چىقارماقچى بولغان ئوپتىكىلىق ئاپپاراتنىڭ لايىھىسىنى ئىشلەپ چىقتى. سىلىكون جىلغىسىدىكى نۇرغۇن يۇقىرى تېخنىكىلىق شىركەتلە
ەردە باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىرانلىقلار بار بولۇپ، مېھراد ئامېرىكىدا چىقىدىغان ئىرانلىقلارنىڭ بىر ژۇرنىلىغا مەسئۇل بولغاچقا، ن
ۇرغۇن ئىرانلىقلارنى تونۇيتتى. شۇڭا مېھراد بىلەن ئەركىن سىدىق ئىككىسى پۇل مەبلەغ سالىدىغان شىركەتلەردىكى ئىرانلىقلار بىلەن
كۆرۈشۈشكە باشلىدى. لېكىن، نۇرلۇق-تالا خەۋەرلىشىش سانائىتى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تووەنگە قاراپ مېڭىۋاتقان بۇنداق بىر شارائ
ىتتا، بىر ئىككى ئاينىڭ ئىچىدىلا يېڭى قۇرۇلغان شىركەتكە مەبلەغ ئېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن 2002-يە
لىنىڭ ئاخىرى بۇ شىركەتمۇ مەۋجۇد بولۇشتىن توختىدى. ئەركىن سىدىق ئېرىشكەن بۇ شىركەتنىڭ پاي-چېكىمۇ بىر قۇرۇق سانغا ئايلان
دى.

UnRegistered

## («JPL («Jet Propulsion Laboratory (5)

JPL دېگەن ئىسىم توغرىسىدا تۆۋەندىكى تور بېتىدە بىر قىسىم ئۇچۇرلار بار:
http://www.meripet.com/Kainat/JPL.htm
2004-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى ئامېرىكىنىڭ بايرام كۈنى بولۇپ، بۇ كۈن بىر شەنبە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالغاچقا، JPL كېيىنكى د
ۈشەنبە كۈنى (يەنى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى) نى بايرام كۈنى قىلىپ بېكىتكەن ئىدى. شۇڭا ئەركىن سىدىق 1-ئاينىڭ 4-كۈنى JPL غا
ئىشقا كەلدى. ئەتىگىنى كېلىپ قارىسا، JPL نىڭ ئىچى ئامېرىكىدىكى ھەممە چوڭ مەملىكەتلىك تېلېۋىزور ئىستانىسىلىرىنىڭ مۇخ
بىرلىرى ۋە ئۇستىدە ئانتېنناسى بار سىگنال تارقىتىش ماشىنىلىرى بىلەن لىق تولۇپ كېتىپتۇ. ئەركىن سىدىق بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئىنتايە
ن ھەيران قالدى ۋە چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمدى. كېيىن ئىشخانىسىغا بېرىپ باشقىلاردىن سوراپ، ئەسلى ئەھۋالنى بىلدى: JPL بىلەن
NASA مارسقا ماڭدۇرغان «خىسلەت» (ئىنگلىزچە «Mars Eploration Rover - Spirit») ناملىق مارسنى تەكشۈرۈش ماشىن
سى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى مارسقا ساق-سالامەت قونغان بولۇپ، بۇ مۇخبىرلار ئاشۇ ئىش توغرىسىدا خەۋەر تەييارلاش ئۈچۈن JPL گە ي
ىغىلىپ قالغان ئىكەن.

ئەركىن سىدىقنىڭ JPL دىكى خىزمەت مەنسىپى يەنىلا «يۇقىرى دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى» بولۇپ، ئۇ بۇ ئىدارىدە بۇرۇن قىلىپ
باقمىغان بىر ساھەدە يېڭى ئىش باشلىدى. ئۇنىڭ WaveSplitter شىركىتىدە قىلغىنى دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك، 4 مىكرومېتىر كەڭلىك
تىكى ئوپتىكا زاپچىسى بولسا، JPL دە قىلىدىغىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ، دىئامېتىرى بىر قانچە مېتىر كېلىدىغان ئالەم تېلېسكوپى ب
ولدى. ئۇ ئىشنى بىر ئالەم تېلېسكوپىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچىنى ئىشلەپ چىقىرىشتىن باشلىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ياسىلىدىغان ئال
ەم تېلېسكوپلىرىنىڭ ئاساسلىق ئەينىكى تولۇق ئارقىلىق شەكلىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان ئەينەك بولۇپ، ئاشۇ ئەينەكنى مۇۋاپىق كون
ترول قىلىش ئارقىلىق ئالەم بوشلۇقىدىكى ۋە يەر شارى ئۈستىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئىنتايىن ئوچۇق رەسىمگە ئالغىلى بولىدۇ. ھازىر ئە
ركىن سىدىق يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېڭى تىپتىكى ئالەم تېلېسكوپىنىڭ تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچىدىن باشقا، يەنە ئۇلارنىڭ يېڭى لايىھىسى
ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەينىكىنى كونترول قىلىشقا ئىشلىتىدىغان ئالگورىزىمى (ھېسابلاش ئۇسۇلى) بىلەن يۇمشاق دېتاللارنى تەتقىق
قىلىپ چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ قىلىۋاتىدۇ. ھازىر ئەركىن سىدىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئالەم تېلېسكوپىدىن 2013-يىلى ق
ويۇپ بېرىلىدىغان «James Webb ئالەم تېلېسكوپى (JWST)» بىلەن 2016-يىلى قويۇپ بېرىلىدىغان، ئۇستىدە جانلىقلار بول
ۇش ئېھتىمالى بولغان باشقا پلانېتلارنى ئىزدەپ تېپىشقا ئىشلىتىدىغان TPF تېلېسكوپى قاتارلىقلار بار. نۆۋەتتە كائىناتنى تەكشۈرۈ
ش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقان ئەڭ چوڭ ئالەم تېلېسكوپىنىڭ ئىسمى «خۇببلە ئالەم تېلېسكوپى» بولۇپ، ئۇ 1990-يىلى قويۇپ بېرىلگە
ن. جامەس ۋەبب ئالەم تېلېسكوپى ئالەمگە چىقىرىلغاندىن كېيىن، خۇببلە ئىشلىتىلىشتىن توختايدۇ. ئەركىن سىدىق 2006-يىلى T
PF توغرىسىدا ئۆزى ئېلىپ بارغان تەتقىقات ئاساسىدا 3 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ يىل TPF ۋە باشقا تەتقىقاتلىرى ئاسا

Unregistered

ىدا ئىككى خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا 5 پارچە، ۋە بىر ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىغا بىر پارچە ماقالە ماڭدۇرۇپ بولدى. ئۇ هاز
ىر ئۆز گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى بىر ياپونلۇق قىز ۋە بىر يەهۇدىي ئەركىشى بىلەن بىرلىكتە ئەڭ قىيىن تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەت
قىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.
گرىئېن-سىدىق ئالگورىسمى

ئەركىن سىدىق ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ كونترول قىلىنىدىغان ئالەم تېلېسكوپى تېخنىكىسىدا بىر چوڭ يۈكسىلىش پەيدا قىلى
دىغان بىر ماتېماتىكىلىق ئالگورىسىم ۋە ئۇنىڭ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى باشلىغان بولۇپ، يېقىندا
ئۇنىڭدا زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. NASA باش ئىدارىسى بۇ ئالگورىسىمنى «NASA يېڭى تېخنولوگىيە رېكورتى» (ئىنگلىزچە «
New Technology Records, NTR») غا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. ھەممە JPL ئۆزىنىڭ باش ئىدارىسى بولغان كالىفورنىيە
تېخنىكىلىق ئىنستىتۇتىغا بۇ يېڭى تېخنىكا ئۈستىدە بىر پاتېنت ئېلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى. JPL بۇ يېڭى ئالگورىسىمغا بىر ئ
ىسىم قويىدىغان بولۇپ، ئەركىن سىدىقتىن ئۇنىڭغا «سىدىق-گرىئېن ئالگورىسمى» دەپ ئىسىم قويىسا مۇۋاپىقمۇ، ياكى «گرىئېن-سىد
ىق ئالگورىسمى» دەپ ئىسىم قويىسا مۇۋاپىقمۇ، دەپ سورىغاندا، ئەركىن سىدىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەردلىكىگە خاس هالدا، «گرىئېن-س
ىدىق ئالگورىسمى» دەپ ئىسىم قويۇش تەكلىپىنى بەردى. بۇ يەردىكى «گرىئېن» دېگەن سوز ئەركىن سىدىق ئېلىپ بېرىۋاتقان يوش
ۇرۇقى پروجەكتىنىڭ مەسئۇلى «Joseph Green» (يەهۇدىي مىللىتىدىن) نىڭ ئىسىم فامىلىسى بولۇپ، گەرچە تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ
ھەممىسىنى ئەركىن سىدىق ئۆزى قىلغان، ھەممە بۇ ساھەدە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەركىن سىدىق بىرىنچى
ئاپتور بولغان بولسىمۇ، ئۆزىگە مۇشۇنداق پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن كىشىگە يۇقۇرىقىدەك قىلىش ئارقىلىق ئۆز هۆرمىتىنى بىلدۈرۈشن
ى مۇۋاپىق كۆردى. ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق دەرىجىدىن تاشقىرى تىرىشچانلىقى ۋە كەڭ-قورساق مىجەزى بىلەن ئىنچىل تۆ
ردە ئۆز خىزمەتداشلىرىنىڭ هۆرمىتىگە ۋە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئىسمى JPL دىكى 4 چوڭ ئالەم تې
لېسكوپى پروجەكتىسىنىڭ ھەممىسىدە بار. ھەر قېتىم ۋەزىپىگە ئادەم تەقسىم قىلىش بولغاندا ھەممە پروجەكتىنىڭ مەسئۇللىرى ئەركىن
سىدىقنى تالىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەركىن سىدىق JPL دە ئىش باشلىغاندىن بۇيان JPL ۋە NASA قىلغان، ياكى كائىناتتا يۈز بەرگەن چوڭ ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئ
ۇيغۇرچە يېزىپ چىقىۋاتقان بولۇپ، بۇ يازمىلارنى بىلىۋال تور بېتى مۇنبىرىنىڭ «كائىناتتىكى ئىشلار» دېگەن سەھىپىسى بىلەن مەرىپە
ت تور بېتىنىڭ ئىلىم-پەن سەھىپىسىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ سەھىپىلەرنىڭ ئادرېسى تۆۋەندىكىدەك:
http://www.biliwal.com/GoogleTap_SG_forum_26.html، http://www.meripet.com/Kainat/0Kainat.htm
ئەركىن سىدىقنىڭ قىزى هازىر كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «Northride» دېگەن شەھەردىكى شۆبىسىدە ئىقتىساد كەسپى بو

Unregistered

يىچە باكالاۋىر ئۇنۋانى ئۈچۈن 4-يىللىقتا ئوقۇۋاتىدۇ. بۇ مەكتەپ ئەينى ۋاقىتتا ئەركىن سىدىق ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇغان
مەكتەپتۇر. دىلنارە 2006-يىلى 5-ئايدا ئوقۇغۇچى خىزمەتچى (ئىنگلىزچە «Student Intern») بولۇپ JPL غا خىزمەتكە كىرگە
ن بولۇپ، ھازىرمۇ مۇشۇ ئىدارىنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ھەپتىسىگە 30 سائەت ئىشلەۋاتىدۇ (رەسمىي خىزمەتچىلەر ھەپتىسىگە 40 سائەت
ئىشلەيدۇ). دىلنارە ئىشلەيدىغان باشقارما ئىدارە مالىيىسىنىڭ 3 تىن بىر قىسمىنى، يەنى يىلىغا 500 مىليون دوللاردىن ئارتۇق پۇلنى
باشقۇرىدۇ. دىلنارەمۇ خىزمەتنى ياخشى قىلغانلىقى ئۈچۈن، JPL غا ئىشقا كىرىپ 3 ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئىدارىنىڭ «مۇنەۋۋەر
خىزمەتچى» دېگەن بىر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھازىر ئۇنىڭ بۆلۈمدىكىلەر دىلنارەدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇشۇ ئىدارىدە رە
سمىي خادىم بولۇپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. 2006-يىلى 12-ئاينىڭ 14-كۈنى دىلنارە ئىشلەۋاتقان باشقارما ئۆزىنىڭ بارلىق
خادىملىرىغا ئامېرىكىنىڭ بىر بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. زىياپەتنى قىزىتىش ئۈچۈن ئۇلار بىر تا
لانت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا دىلنارەمۇ نومۇر كۆرسەتتى. بۇ مۇسابىقىدە ئالدى بىلەن ئەركىن سىدىق سەھ
نىگە چىقىپ، مېھمانلارغا ئۇيغۇر بىلەن ئۇيغۇر دىيارىنى، ھەمدە دىلنارەنى تونۇشتۇردى. ئۇ مېھمانلارغا «دىلنارە 6 يېشىدا ئامېرىكىغا
كەلگەن بولۇپ، ھېچ قانداق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى كۆرمەي چوڭ بولدى. ئۇ بىرەر ئۇيغۇرچە ئۇسۇل مەكتىپىدە ئوقۇپ باقمىغانلا بولۇپ
قالماستىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار يىغىلىشىدا ئۇسۇل ئويناپ بېقىش پۇرسىتىمۇ ئەڭ كۆپ بولغاندا يىلىغا پەقەت بىرەر قېتىملا بولدى.
سىلەرنىڭ ھازىر كۆرىدىغىنىڭلار مانا مۇشۇنداق بىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇلى. دىلنارەنىڭ نۇرغۇن تالانتى بار. مەن ئۇ
لارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. بۈگۈن سىلەر ئۇنىڭ تالانتلىرىدىن پەقەت بىرنىلا كۆرىسىلەر. قالغىنىنى ئۆزۈڭلار تەسەۋۋۇر
قىلىۋېلىڭلار» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دىلنارە ئۆزى يالغۇز ئۇيغۇرچە ئۇسۇل ئويناپ بەردى. دىلنارەنىڭ ئۇسۇلى تۈگەپ بولغۇچە، زى
ياپەتتىكىلەر نەچچە قېتىم قىزغىن چاۋاك چېلىپ كەتتى. دىلنارە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ JPL دە چوڭ پائالىيەتلەر بولغاندا، ئۇ پائالىيەتلە
رگە دادىسى بىلەن ئۇيغۇرچە تاماقلارنى تەييارلاپ ئاپىرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى تەشۋىق قىلىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۆلۈمى
دىكى ھەر بىر كىشى ھەر جۈمە كۈنى نۆۋەت بويىچە باشقىلار ئۈچۈن ئەتىگەنلىك يېمەكلىك تەييارلاپ ئەكېلىدىغان بولۇپ، دىلنارە ھ
ازىرغىچە 3 قېتىم ئەتىگىنى ئىشقا بېرىشتىن بۇرۇن ئامانگۈل بىلەن ئۇيغۇر سامسىسى پىشۇرۇپ، ئاشۇ تاماقنى ئاپىرىپ بەردى. دىلنار
ەنىڭ بۆلۈمدىكىلەر بۇ سامسىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ كېتىپ، بىر قىسىم كىشىلەر دىلنارە تاماق ئەكېلىدىغان كۈننى ئۆزكالېندارى
غا كىرگۈزۈۋالدى. ھازىر تاماق ئەكېلىش نۆۋىتى دىلنارەگە كەلگەندە، دىلنارە ئىشقا يېتىپ بارغىچە ئۇنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا ساقلا
پ تۇرىدىغانلارمۇ بار.



ئەركىن سىدىقنىڭ WaveSplitter شىركىتىدىكى ئىنژېنېرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى. ئوڭدىن 2-كىشى ئەركىن سىدىقنە
لىك يەھۇدىي مىللىتىدىن بولغان ئۇزۇن مەزگىللىك خىزمەتدىشى ۋە دوستى ئالېكس بولىدۇ. بۇ رەسىم 2000-يىلى 12-ئاينىڭ 4-كۈ
نى شىركەتنىڭ بىر تەجرىبىخانىسىدا ئىنگلىزچە «polarization beam combiner» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوپتىكىلىق زاپچاستا ب
ىر چوڭ بۆسۈش بولغاندا تارتىلغان.



UnRegistered

ئەركىن سىدىق «جامەس ۋەبب ئالەم تېلېسكوپى» نىڭ مودېلىنىڭ قېشىدا. رەسىمدىكى مودېلنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە قۇرۇلمىسى
013-يىلى ئالەم بوشلۇقىغا چىقىرىلىدىغان رەسمىي تېلېسكوپنىڭكى بىلەن ئوپموئوخشاش. بۇ رەسىم 2006-يىلى 5-ئايدا فلورىد
شتاتىنىڭ ئورلاندو شەھرىدە تارتىلغان.



ئەركىن سىدىق JPL دىكى بىر تەجرىبىخانىدا تەجرىبە ئېلىپ بارماقتا.



ئەركىن سىدىق ۋە ئۇنىڭ قىزى دىلنارە 2006-يىلى فىزىكا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئالىم، NASA نىڭ «گوددارد ئالەمگە ئۇچۇش مەركىزى» («Goddard Space Flight Center») دىكى دوكتۇر John Mather ئەپەندىم بىلەن بىرگە. بۇ رەسىم 2007-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنى، John Mather ئەپەندىم JPL كە «چوڭ پارتلاشتىن نوبېل مۇكاپىتىغىچە» دېگەن ماۋزۇدا بىر ئىلمىي دوكلات بېرىشكە كەلگەندە تارتىلغان. بۇ مەزمۇن توغرىسىدا تەپسىلراق ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن ماۋۇ تور بېتىنى زىيارەت قىلىڭ: http:// www.meripet.com/Kainat/JohnMather.htm

UnRegistered



دىلنارە JPL نىڭ مالىيە باشقارمىسى خادىملىرى ئۇيۇشتۇرغان بىر «تالانت كۆرستىش» مۇسابىقىسىدە يالغۇز كىشىلىك ئۇيغۇر ئۇسۇلى بويىچە نومۇر كۆرسەتمەكتە. بۇ رەسىم 2006-يىلى 12-ئاينىڭ 14-كۈنى تارتىلغان.



ئەركىن سىدىق ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھازىرقى بىر پارچە رەسىمى. بۇ رەسىم ئۇلارنىڭ لوس ئانژېلىستىكى ئۆيىنىڭ «ئائىلە ئۆيى» ئىچىدە تارتىلغان.

UnRegistered



UnRegistered

لوس ئانژېلېس شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 2006-يىلى يېڭى يىل بايرىمى يىغىلىشىنىڭ بىر خاتىرىسى.

## 14. خۇلاسە

شۇنداق قىلىپ بىز 2006- يىلى 12- ئاينىڭ بېشىدا تەييارلاشقا باشلىغان بۇ قىسقىچە تەرجىمىھال تاماملاشتى. بىز ھەممىمىز ئازدۇر-ك
ۆپتۇر چەت ئەلدىكى داڭلىق كىشىلەرنىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدىكى پاراڭلارنى ئاڭلاپ كەلدۇق. بەزىدە ئۇلارنىڭ ھايات ھېكايە
لىرىنى ئاڭلاش ياكى ئوقۇشقىمۇ مۇيەسسەر بولدۇق. لېكىن، يېقىنقى بىر قانچە ئەسىر مابەينىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان، باشقا مىللى
ەتلەر قىلغان چوڭ ئىشلارنى قىلالىغان كىشىلەر توغرىسىدا ئانچە كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىغان ئىدۇق. بىز ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە
تەرجىمىھالىنى تەييارلاپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇش ئارقىلىق، مۇشۇ ساھەدىكى بوش ئورۇننى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرۇشنى ئۈمىد قىلدۇق.
بولۇپمۇ بىز مۇشۇ تەرجىمىھالنى تەييارلاش ئارقىلىق «قانداق ئادەم ئەركىن سىدىقتەك ئادەم بولالايدىغاندۇ؟»، «ئەركىن سىدىقتەك ب
ولۇش ئۈچۈن قانداق ياشاش كېرەكتۇر؟» دېگەندەك ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب تاپماقچى بولدۇق. شۇ سەۋەپتىن، بىز زېھنىمىزنى ئەرك
ىن سىدىقنىڭ ھاياتىدىكى ياخشى ئىشلارنى يېزىشقا مەركەزلەشتۈرمىدۇق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىز ئەركىن سىدىقنىڭ ھەقىقي ھاياتىنى ي
ېزىشقا تىرىشتۇق. بىزنىڭچە، مۇشۇ قىسقىچە تەرجىمىھال ھەمدە بىلئوال تور بېتىنىڭ ئەركىن سىدىق بىلەن ئۆتكۈزگەن 2 قىسىملىق يازما
سۆھبىتىنى ئوقۇغان ھەر بىر ئۇيغۇر ئەركىن سىدىقنىڭ ھاياتى، ئۇنىڭ ياشاش پرىنسىپى، ئىش بېجىرىش ئۇسۇلى، مىللەتكە ۋە ھازىرق
ى ئۇيغۇر جەمىيتىگە بولغان كۆز-قارىشى ۋە ئۆز تۇرمۇشى ۋە ئائىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتارلىقلار بىلەن خېلى مۇكەممەل تونۇ
شۇپ چىقالايدۇ.
ئەركىن سىدىق ھازىرمۇ ئامېرىكىدىكى دۇنياغا مەشھۇر ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك بىر تەتقىقات مەركىزى بولغان JPL دە كائىنات ۋە ئ
ۇنىڭدىكى ئىشلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئالەم تېلىسكوپىنىڭ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇ 2006- يىلى ئۆزىن
ىڭ كەسپي ساھەسىدە 3 پارچە ئىلمي ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ يىل (يەنى 2007- يىلى) ئۇ يەنە ئامېرىكا بىلەن كانادادا ئېچىلىدىغ
ان ئىككى قېتىملىق خەلقارالىق ئىلمي دوكلاد يىغىنىغا 6 پارچە ئىلمي تەتقىقات ماقالىسى، ۋە بىر خەلقارالىق ئىلمي تەتقىقات ژورنىلى
ىغا 1 پارچە ئىلمي ماقالە ماقۇل بولدى. بۇ JPL نىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئېيتقاندىمۇ ناھايىتى چوڭ نەتىجە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئ
ەركىن سىدىق يېقىندا ئوپتىكىلىق سىستېمىلاردىكى فازا خاتالىقىنى ئۆلچەپ تاپىدىغان بىر يېڭى ئۇسۇلنى تېپىپ چىقتى. بۇ ئۇسۇل يېڭ
ى تىپلىق ئالەم تېلىسكوپى تېخنىكىسىدا بىر يۈكسىلىش پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا JPL «گرېئىن-سىدىق ئالگورىسمى» دېگ
ەن ئىسىمنى بەردى. شۇنداق قىلىپ بىر ئۇيغۇرنىڭ تۆھپىسى تەبئي پەن دۇنياسىدىكى تەسىرى چوڭ يېڭى بىلىملەرنىڭ قاتارىغا كىرگ
ۈزۈلدى. 2006- يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئەركىن سىدىققا ئۆزىنى «2008- يىلىدىكى ئامېرىكىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» دېگەن كىتاپقا
كىرگۈزۈش توغرىسىدا ئاشۇ كىتاپنىڭ نەشرىياتچىلىرىدىن بىر تەكلىپ كەلدى.
ئاخىرىدا بىز ھەر بىر ئۇيغۇر ياشلىرىدىن مۇشۇ تەرجىمىھالنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان «مۇۋەپپەقىيەت فورمۇلاسى» بىلەن تۆۋەندە ئوتتۇ
رىغا قويۇلغان ئەركىن سىدىقنىڭ بىر قىسىم ھايات تەجرىبىلىرىنى ئەستە چىڭ ساقلىشنى ئۈمىد قىلىمىز:

UnRegistered

* ئۇيغۇر دېھقان بالىلىرىمۇ ئالىم بولالايدۇ.
* ئارزۇ ئىقتىدارغا تەڭ ئەمەس. چوڭ ئىشقا يۈرۈش قىلىشنى ئۆزىڭىز قىلالايدىغان كىچىك ئىشتىن باشلاڭ.
* ئادەملەرنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئىقتىدارى ئوخشىمايدۇ. سىز ئۆز غايىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇيىڭىز بىلەن ئىقتىدارىڭىزنىڭ بىر
ىكمىسى ئاساسىدا تىكلەڭ.
* ئۆز-ئۆزىنى بايقاش ئۆمۈرلۈك ئىش. سىز بىر ئىشنى ياخشى قىلالىغان بىلەن، يەنە بىر ئىشنى ياخشى قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. شۇڭا
سىز ئۆز ئالاھىدىلىكىڭىزنى تولۇق بايقاپ، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىڭ.
* ئادەم ھاياتلا بولسا، ئۆگىنىشنى توختاتماسلىقى كېرەك. بىلىم ئارقىلىق يېڭى پۇرسەت ياراتقىلى بولىدۇ، ھەممە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگە
رتكىلىمۇ بولىدۇ.
* پۇرسەت ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ. پەقەت بىر يولنى ئىككى قىلالايدىغان، كىچىك يولنى چوڭايتالايدىغان ئادەملەرلا ئەڭ ئاخى
رى ئۇتۇپ چىقىدۇ. ئۇنداق قىلالمايدىغان ئادەملەر قولىدىكى نەرسىلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ.
* قولغا چۈشكەن پۇرسەتلەرنى قوغداپ قېلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ مېڭىشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى ھەممە ئىشنى تەلەپتىن يۇقىرى
قىلىش.
* سىز كەسپتە ئاجىزراق بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن باشقىلار سىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئورۇن تۇتۇپ ياشايمەن دېسىڭى
ز، كەم دېگەندە ئۆز كەسپىڭىزنى باشقىلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە مۇكەممەل قىلىڭ.
* باشقىلار قىلالمىغان ئىشنى قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم باشقىلاردىن بەكراق تىرىشىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق.
* ئادەم جاپاغا ئۆلۈپ قالمايدۇ. ئادەم ياش ۋاقتىدا توغرا ئىشلار ئۈچۈن چەككەن ئېغىر جاپا ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر بەخت ئېلىپ كېلەلەي
دۇ.

## تۈگىدى

ئالاھىدە ئەسكەرتىش : يۇقارقى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قارىشىم بويىچە بىرقەدەر ياخشى بولغان پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ب
ولغانلىقى ئۈچۈن يوللىدىم .

本书下载来源：jalpkar.uyblog.cn 。 欢迎到：jalpkar.uyblog.cn 访问更多内容！
更多的电子书和其158他内容在：jalpkar.uyblog.cn